«جۇڭگو سەرخىل ژۇرناللار سېپى»دىكى نەشرى ئەپكار

入选《中国期刊方阵》的刊物

«شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن نەشرى ئەپكار

荣获《新疆期刊奖》的刊物



ئاتاقلىق تەرجىمان، ئالىي مۇھەررىر
تىل تەتقىقاتچىسى غۇلام غوپۇرى ئەپەندى
(1928 — 1994)نى چوڭقۇر سېغىنىش ئىچىدە
ياد ئېتىمىز

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

5

2011

# 新疆文化

ISSN 1008-6498

•XINJIANG CIVILIZATION•СИНЬЦЗЯНСКАЯ КУЛЬТУРА•シンキョウ ブンカ•مجلة حضارة شنجيانغ•

# جۇڭگو شىنجاڭ ئىككىنچى نۆۋەتلىك خەلقئارالىق مىللىيچە ئۇسسۇل بايرىمىدىن كۆرۈنۈشلەر

— لياڭ لى فو



جۇڭگو شىنجاڭ ئىككىنچى نۆۋەتلىك خەلقئارالىق مىللىيچە ئۇسسۇل بايرىمىنىڭ باشلىنىش مۇراسىمى



مەركىزىي بالېت ئۆمىكى ئورۇنلىغان ئۇسسۇللۇق تىياتىر «قىزىل ئاياللار قوشۇنى»



ئۇكرائىنا خەلق ئۇسسۇلى



پاكىستان ئۇسسۇل ئۆمىكى ئورۇنلىغان خەلق ئۇسسۇلى



سرى لانكا مەدەنىيەت ئۇسسۇل ئۆمىكى ئورۇنلىغان مىللى ئۇسسۇل

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

(60 ـ يىل نەشرى)

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال
ئەدەبىي ژۇرنال
2011 ـ يىلى 5 ـ سان
(ئومۇمىي 311 ـ سان)

باش مۇھەررىر (قوشۇمچە):
**زۇنۇن باقى**
(ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ
باشقارما باشلىقى دەرىجىلىك مەمۇرى)

دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل
ئىجرائىيە مۇئاۋىن
باش مۇھەررىر،
تەھرىر بۆلۈم مۇدىرى:
**بەگمەت يۇسۇپ**
(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)


●شوئارىمىز: خەلقچىللىق، ئىلمىيلىك، ئاممىباپلىق، ئوقۇشچانلىق●

## بۇ ساندا

### بەت بوسۇغىسى


سىرتقا يۈزلەندۈرۈش شىنجاڭ مەدەنىيىتىنىڭ يولىنى تېخىمۇ كېڭەيتىدۇ ..........2


### «ئۆزۈم ھەر جايدىمەن، كۆڭلۈم سەندىدۇر»


تاغ بار يەردە چوققا بار.......(ئەدەبىي خاتىرە)........ تۇرسۇن قۇربان تۈركەش 4


### ئۆگىنىش دەۋرىگە كىرىش


ئەسلىمىدىن مۇھاكىمىگە: ئۈچ ئىلىمنىڭ سېھرىي كۈچى ۋە چەكلىمىلىكى ..........
........................ زۇلپىقار بارات ئۆزباش 30


### تەپەككۇر كۆزى


تەپەككۇر مېۋىلىرى ..................تۇردى ئالاۋۇش قاتارلىقلار 47


### مەدەنىيەت مەشئەلچىلىرى


ئاكا ـ ئۇكا مۇساباييېفلارنىڭ توققۇز چوڭ تۆھپىسى ................ يالقۇن روزى 53


### تەرجىمە كۆزنىكى


«تىلماچلار چايخانىسى»دىكى پاراڭلار ...... ئابدۇقادىر جالالىدىن قاتارلىقلار(ت) 74


### مەدەنىيەت ۋە مىراس


غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى بويىچە تور تۇرغۇزۇش............
............ مەخمۇتجان قۇربان 80



**بۇ ساننىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: بەگمەت يۇسۇپ**



# سىرتقا يۈزلەندۈرۈش شىنجاڭ مەدەنىيىتىنىڭ يولىنى تېخىمۇ كېڭەيتىدۇ

بەت بوسۇغىسى

7-نۆەتلىك جۇڭگو (شېنجېن) خەلقئارا مەدەنىيەت كەسىپلىرى كۆرگەزمىسى 2011-يىلى 13-ماي ئېچىلدى، بۇ كۆرگەزمىگە شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ 5-قېتىملىق، ئۈرۈمچى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ 2-قېتىملىق قاتنىشىشى ھېسابلىنىدۇ. بۇ كۆرگەزمىدە دۆلەت ئىچى، سىرتىغا «گۈزەل شىنجاڭ»نىڭ ئالاھىدە سېھرىي كۈچىنى نامايان قىلىندى.

بۇ قېتىملىق مەدەنىيەت كەسىپلىرى كۆرگەزمىسىدە شىنجاڭ مەدەنىيىتى شىنجاڭنىڭ مول مەدەنىيەت بايلىقى ۋە رايون ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلسا، يەنە بىر جەھەتتىن ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر قېتىملىق كۆزىتىش ۋە پىكىر ئالماشتۇرۇش ھېسابلىنىدۇ. پەقەت سىرتقا يۈزلەنگەندە شىنجاڭ مەدەنىيەت كەسىپلىرىگە خېرىدار چاقىرىپ مەبلەغ جەلپ قىلىش دائىرىسىنى، ئۇسۇلىنى ۋە يولىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتكىلى بولىدۇ، شۇندىلا شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت كەسىپلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېخىمۇ ئالغا سىلجىتقىلى بولىدۇ.

مەدەنىيەت كەسىپلىرى كۆرگەزمىسى جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ كۆمۈلۈپ ياتقان مول زاپىسىنى نامايان قىلىشنى مەۋقە قىلىپ، جۇڭگو مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرىنى سىرتقا يۈزلەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسى ئۈستىدە پائال ئىزدىنىپ، ئۇنى يولغا قويۇش جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ سېھرىي كۈچىنى تەشۋىق قىلىش ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈش، مەدەنىيەت تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئالغا سىلجىتىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مەدەنىيەت كەسىپلىرى كۆرگەزمىسى مەملىكىتىمىزدىكى زامانىۋى مەدەنىيەت كەسىپلىرىنىڭ بىر قىسقارتىلغان كۆرۈنۈشى.

شىنجاڭ كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون، كۆپ خىل مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈكى، يەنى ئىسمى - جىسمىغا لايىق مەدەنىيەت بايلىقى ئەۋزەللىكى كەسپلەر ئەۋزەللىكىگە ئايلىنالمىدى، مەدەنىيەت كەسىپلىرىنىڭ قەدەم ئېلىش ۋاقتى سەل كېچىكىپ قالدى، تەرەققىياتى سەل ئارقىدا قالغانلىقتىن، مەدەنىيەت كەسىپلىرىنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى ۋە ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە توغرا كەلدى.

شىنجاڭنىڭ سېھرىي كۈچكە باي ناخشا-ئۇسسۇللىرى، ئۆزگىچە مەدەنىيەت كەسىپلىرى نۇرغۇنلىغان ساياھەتچىلەرنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىدى، شىنجاڭ مەدەنىيىتى بۇ قېتىملىق مەدەنىيەت كەسىپلىرى كۆرگەزمىسىدىكى بىر يارقىن نۇقتىغا ئايلاندى .. بۇلارنىڭ ھەممىسى مەدەنىيەت كەسىپلىرى كۆرگەزمىسىنىڭ شىنجاڭ مەدەنىيىتىنى سىرتقا يۈزلەندۈرۈشتىكى ئەڭ ياخشى سەھنىسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى شۇ رۇيجۈن مۇنداق دېدى: شىنجاڭنىڭ ناخشا - ئۇسسۇللىرى مەڭگۈلۈك تېما، لېكىن ئۇنى تەشۋىق قىلىش سالمىقى يېتەرلىك ئەمەس، بۇ تېمىنى داۋاملىق يورۇتىمىز، داۋاملىق يېڭىلىق يارىتىمىز دەيدىكەنمىز، بۇنى مەدەنىيەت كەسىپلىرى كۆرگەزمىسىدىلا تەشۋىق قىلىپلا قالماستىن، تېخىمۇ كۆپلىگەن سەھنە ۋە

پۇرسەتلەردىن پايدىلىنىپ ئۇزۇكسىز تەشۋىق قىلىپ، بۇنى مەملىكىتىمىزگە، دۇنياغا يۈزلەندۈرۈشىمىز كېرەك.

شىنجاڭ مەدەنىيىتىنىڭ روشەن ئۆزگىچىلىكى، تېخىمۇ مۇھىمى تاشقى دۇنيا ئېتىراپ قىلىنغان ئورتاقلىققا ئىگە بولىكى بار، ئۇ شىنجاڭ مەدەنىيىتىنى سىرتقا يۈزلەندۈرۈشنىڭ ئاساسىدۇر.

شىنجاڭ مەدەنىيىتىنى سىرتقا يۈزلەندۈرۈش ئاددىي تەشۋىقات ۋە كۆرگەزمە ئارقىلىقلا ئىپادىلەنمەستىن، ئەڭ مۇھىمى باشقا رايوندىكى ئاممىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا سىڭىپ كىرىش-كىرەلمەسلىكى، بۇنىڭدىن ھۇزۇرلىنىش-ھۇزۇرلىنالماسلىقى، كۆرۈش-كۆرمەسلىكى، ئاڭلاش-ئاڭلىماسلىقى، قوبۇل قىلىش-قىلماسلىقىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، شىنجاڭ مەدەنىيىتىنى سىرتقا يۈزلەندۈرۈشتىكى ۋەزىپە ئېغىر، مۇساپە يىراقتۇر.

شىنجاڭ مەدەنىيىتىنى سىرتقا يۈزلەندۈرۈش يولى شىنجاڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدىكى يۇمشاق ئەمەلىي كۈچىنىڭ كۆرگەزمە قىلىش ۋە رىقابەت يولىدۇر، بۇنىڭ ماھىيىتى ئىنتايىن دوستانىلىققا بولغان ئۆز ئارا پىكىر ئالماشتۇرۇش بولۇپ، كۆپچىلىككە ئۇنىڭ ئورنىنى باسقىلى بولمايدىغان روھىي ئوزۇقلۇق تەمىنلەيدىغان زۆرۈر جەرياندۇر. سىرتقا يۈزلەندۈرۈش نىشانىغا يېتىمەن دېيىشتىكى بىر مۇھىم ئالدىنقى شەرت ئاساسىنى مۇستەھكەملەپ، شىنجاڭ مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە يېڭىلىق يارىتىش، شىنجاڭ مەدەنىيىتىنىڭ ئەنئەنىۋىلىكى بىلەن زامانىۋىلىكىنى ياخشى بىرىكتۈرۈش.

ئەگەر نۆۋەتتىكى شىنجاڭ مەدەنىيىتىنى سىرتقا يۈزلەندۈرۈشتىكى ئىشەنچ بايلىق ئەۋزەللىكىدىن كەلگەن دېيىلسە، ئۇنداقتا بۇ «كونا دەسمايە»نى يېپىشتەك روھىي ھالەتنى قايتىدىن ئويلىشىش كېرەك. ھەقىقىي ئىشەنچ بارلىق مەدەنىيەت كەسىپلىرىنىڭ كۈچلىنىشىدىن كېلىدۇ، بۇ ئەۋزەللىكنى نامايان قىلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئارتۇقچىلىقلارنى قوبۇل قىلىپ، يېتەرسىزلىكلەرنى تولۇقلاپ شىنجاڭ مەدەنىيەت كەسىپلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى زورايتىپ، سىرتقا يۈزلەندۈرۈش كېرەك.

مەدەنىيەت كەسىپلىرى كۆرگەزمىسى ئارقىلىق شىنجاڭ مەدەنىيىتىنى سىرتقا يۈزلەندۈرۈش پەقەت بىر ۋاستە. شىنجاڭ مەدەنىيىتى مانا مۇشۇنداق تېخىمۇ كۆپلىگەن پۇرسەت ۋە سەھنىلەر ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ماركىسىنى يارىتىشى كېرەك، سىرتقا يۈزلەنگەندىلا شىنجاڭ مەدەنىيىتىنىڭ ھەقىقىي قىممىتىنى نامايان قىلغىلى بولىدۇ.

ماشاۋىبىن ئىمزالىقىدىكى بۇ يازما «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»نىڭ 2011-يىلى 18-ماي سانىدىن ئېلىندى.


## ژۇرنىلىمىزنىڭ 2012-يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى بولۇشقا ئالدىراڭ

مۇھتەرەم ئوقۇرمەنلەر:

ژۇرنىلىمىزنىڭ 2012-يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش بۇ يىل 9-ئاينىڭ 20-كۈنى باشلىنىپ، 11-ئاينىڭ 20-كۈنى ئاياغلىشىدۇ. ژۇرنىلىمىزنىڭ باھاسى ئۆزگەرمەيدۇ — بۇرۇنقىدەكلا يەككە باھاسى 6 يۈەن، يېرىم يىللىقى 18 يۈەن، پۈتۈن يىللىقى 36 يۈەن. ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ بۇ ئىككى ئايلىق پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق جايدىكى پوچتىخانىلار ئارقىلىق ژۇرنىلىمىزنىڭ 2012-يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى بولۇشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز. ژۇرنىلىمىزغا مۇشتەرى بولۇشتا پوچتا ۋاكالەت نومۇرى 22-58نى ئېيتىپ بەرسىڭىزلا مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقانداق جايدىكى پوچتىخانىلاردا ئىنتايىن ئاسان مۇشتەرى بولالايسىز. شۇنىمۇ ئالاھىدە ئەسكەرتمەكچىمىزكى، ژۇرنىلىمىز بىۋاستە تەھرىر بۆلۈمى ئارقىلىق مۇشتەرى قوبۇل قىلمايدۇ. شۇڭا ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ ياخشىسى پوچتىخانا ئارقىلىق مۇشتەرى بولۇشىنى سورايمىز.

— كامالىي ئېھتىرام بىلەن: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى



# تاغ بار يەردە چوققا بار

(ئەدەبىي خاتىرە)

تۇرسۇن قۇربان تۇركەش

تاشكەنتكە نىسبەتەن ئىككىنچى ئاي قۇياشى پارلاق، دېڭىز بىلەن ئاسمان ئالمىشىپ قالغاندەك كۆك يۈزى يارقىن، نىل بوياقتەك جۇلالىق ياكى ئاخشاملىرى ئاي-يۇلتۇزغا باقساڭ كۆز نۇرۇڭ ئۈزۈلگەن، تەسەۋۋۇرۇڭ يەتمىگەندىن كېيىنكى پايانسىزلىق گويا قارا كۆركۈمزارلىقتەك دىلئارام كۆرۈنىدۇ.

قارا بولكىدەك تۇپراقنىڭ ئېرىق-ئۆيمانلىرىدىن ئۆرلەۋاتقان ئاقۇچ ھورنى، كۆكاتلاردىكى يەر بېتىدىن خۇددى يۇرەك ئۇنۇپ چىققاندەكلا ئەمما يىراقتىن قارىساڭ ھاۋادا يىلىنجاۋاتقان چوغدەك قىزىل، ئانار، لالە ۋە سەۋسەن گۈللىرىنىڭ لەۋلىرىدىكى؛ مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ گۈللىشى بىلەن شەھەرنى توزدەك بېزىگەن غۇنچە مەڭزىدىكى كۈمۈشتەك شەبنەملەرنى ئۇچۇرۇپ، ئورمانلارنىڭ ئارىلىرىدىن، رەسىمدەك كۆركەم بىنالارنىڭ يوچۇقلىرىدىن، ئازادە يوللارنىڭ چېكىلىرىدىن پۈتۈن ۋادىنى بويلاپ گۈركىرەپ ئېقىۋاتقان نەم ۋە خۇشبۇي غۇر-غۇر شامال جاننى ھۇزۇرلاندۇرىدۇ. تاشكەنتنىڭ مانا شۇنداق گۈلستان پەسلىنى مەشھۇر ئۆزبېك شائىرى خەمىت ئالىمجاننىڭ بىر مۇھەببەت لىرىكىسىدا:

مانا ساڭا ئالەم- ئالەم گۈل،
ئېتىكىڭگە سىغقىنىچە ئال.

دەپ تەسۋىرلىگىنى ھېلىمۇ ئېسىمدە!

جەدىدچىلىك ۋە مىللىي ئويغىنىش دەۋرى ئۆزبېك ئەدەبىياتىنىڭ ئالدىنقى ۋەكىللىرىدىن مۇنەۋۋەر قارى ئابدۇرەشىتخان(1878-1931)نىڭ تەشكىللاتچانلىقى بىلەن 1918-يىلى قۇرۇلغان ۋە 1923-يىلىدىن باشلاپ ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتى، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن ئېتىبارەن تاشكەنت دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتى، ئازادلىق يىللىرىدا مىرزا ئۇلۇغبېك نامىدىكى ئۆزبېكىستان مىللىي ئۇنىۋېرسىتېتى، دەپ ئاتالغان بۇ ئالىيگاھنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەدەنىي ھاياتىدىكى رولى مىسلىسىز!

ياتاق بىنايىمغا قوشماق قىلىپ سېلىنغان «مانىنان ئۇيغۇر نامىدىكى تاشكەنت دۆلەت سەنئەت ئىنستىتۇتى تەلەبەلەر تۇرار جايى»نىڭ ئىشىكىدىن بىر خىل غۇرۇر ۋە سۆيۈنۈش تۇيغۇسىدا سانسىز قېتىم ئۆتكەنلىكىمنىڭ كۆنكرېتنىسى خاتىرەمدە قالمىغان. «مانىنان ئۇيغۇر» (1928-1993) يەنە كېلىپ «ئۇيغۇر» ئىمىدىكەن مەنىلىك نام-ھە! ئالدىنقى ئەسىرنىڭ باشلىرى ئۆزىنىڭ رېژىسسورلۇق، ئاكتيورلۇق ۋە

«ئۆزۈم ھەر جايدىمەن، كۆڭلۈم سەندىدۇر»

تەشكىلاتچىلىق تالانتى بىلەن شۆھرەت قازانغان مانىنان مەجىدوف «ئۇيغۇر» دېگەن بۇ تەخەللۇسنى «ئوغۇزنامە» داستانىدىكى ئۇيغۇر قوۋمىنىڭ شەكىللىنىشىگە دائىر ۋەقەلەردىن ئالغان[1]. 20 - ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرى نەۋائىينىڭ «پەرھات - شىرىن»، «لەيلى - مەجنۇن» ۋە «شەيخ سەنئان» داستانلىرىنىڭ يۇقىرى بەدىئىي سەۋىيەدە سەھنىلەشتۈرۈلۈشى ئۇيغۇر ئىجادىيىتىنىڭ شەكىللىنىش دەۋرىنى ئاچقان. بولۇپمۇ مانىنان ئۇيغۇر 1945 - يىلى ئوينىغان، ئۆزبېك تىياترىنىڭ گۆلتاجىسى بولمىش «ئەلىشىر نەۋائىي» دىرامىسى ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلققە چەكسىز مۇھەببەت، گۇمانىزم روھى بىلەن سۇغىرىلغان سەھنە ئەسىرى سۈپىتىدە كىشىلەرنى يۈكسەك ئىدىيەلەر بىلەن يېتەكلەپ، كۆڭۈللەرگە گۈزەللىك ئۇرۇقىنى سەپكەن، غۇرۇرغا غۇرۇر، مېھرگە مېھىر قوشقان[2]. شۇ سەۋەبتىن كۈنىمىزدىكى ئۆزبېك تىياتىر تارىخچىلىرى ئۇيغۇرنى بىردەك «ئۆزبېك دۆلەت ئاكادېمىك مىللىي دىراما تىياترىنىڭ ئاساسچىسى» دەپ يۇقىرى باھالاشماقتا.

ئۆزگە ئەللەردە ۋەتەن ئىشقىدا ئۆرتىنىپ يۈرگىنىڭدە ھەممە نەرسەڭ بولسىمۇ ھېچ نەرسەڭ يوقتەك، لېكىن ھېچنەرسەڭ بولمىسىمۇ دىلىڭدا «ۋەتەن» دېگەن ئۈمىدنىڭ يېشىل دەرىخى كۆكىرىپ، سېنى مەڭگۈ ياشارتىپ تۇرىدۇ. لېكىن نېمىلا دېگەنبىلەن بۇ بىر خىل شېرىن ئازاب - تە، خالاس! دۇنيادا مېھرىبان ئاتا - ئانائىڭنىڭ غېرىبلىقىنى، يۇرەك - باغرىڭ باللىرىڭنىڭ ئازابىنى ۋە پەقەت بىرلا كېلىدىغان ھاياتىڭنىڭ مېھرى - مۇھەببىتىنى تەرك قىلالىشىڭ مۇمكىن، ئەمما ۋەتەن ئۈمىدىدىن ۋاز كېچەلمەيسەن! چۈنكى سەن مۇشتەك گۆش ھالەتتە ۋەتەن تۇپىسىغا چۈشكەن، كىندىك ئېتىڭ ۋە قېنىڭ، تۇنجى ھۆجەيرە - چاچلىرىڭ ۋەتەن تۇپرىقىغا تۆكۈلگەن! بىرىنچى يىغا ئاۋازىڭ ۋەتەن شاماللىرىدىن پۈتكەن! ئۇنىڭ ھىدى ئۈچۈن ئۇپا ئورنىدا ۋەتەن تۇپرىقى - سېغىز بەدەنلىرىڭگە سۈرتۈلگەن! چىرايىڭدىكى سۈزۈكلۈك ۋە قىزىللىق ۋەتەن تۇپىسىدىن رەڭ ئالغان! دېمەك ھەر بىر ئىنساندىكى تەن بەدەن ۋەتەندۇر! بىر قېتىم قەشقەر دەرياسىنىڭ قارشى شەھىرىگە قىلغان سەپىرىمدە ھىلال ماڭلاي، 16 ياشلاردىكى قىزدىن يول سورىغانىمەن. ئۇنىڭ: «كۆپ گەپ قىلماڭ، توختىماي سۆزلەڭ!» دېگەن ئۆزبېكچە ئىلتىجاسىغا: «نېمىشقا كۆپ سۆزلىگۈدەكمەن؟!» دەپ تېرىكىپراق جاۋاب بەرگىنىمدە، قىزنىڭ: «ئەكەجان، بوۋاملارنىڭ دادامغا ۋەسىيەت قالدۇرۇشىچە بىزمۇ ئۇيغۇركەنمىز! مەن ئۆمرۈمدە ئۇيغۇرچە يىغلىمىغان، كۈلمىگەن. بىزنىڭ ئۇيغۇرچە گەپ نېمىدېگەن تاتلىق، نېمىدېگەن خۇشناۋا! مەن سىزنى ئانامغا دەيمەن» دەپ چوپچوڭ قىزنىڭ يىغلامسىرىغىنىچە يۈگۈرۈپ ئۆيىگە كىرىپ كەتكەنلىكى كۆز قارىچۇقۇمدا قېتىپ قالغان! دېمەك ۋەتەندىن ئەگىپ ياشىغان ھايات كەچ كۆز مەنزىرىسىدەك زەپىران ۋە پاجىئەدۇر! بىزدە نورغۇن شائىرلار: « ئىھ، ۋەتىنىم، يېرىڭ كەڭ، بايلىقىڭ مول ۋە سۇلىرىڭ ئەلۋەك بولغاچقا سېنى سۆيىمەن» دەپ يېزىشقان. «سەت ۋە نامرات بولسا» ئۇلار ئاتا - ئانىسىدىن ۋاز كېچەمدىكىنە! ئاڭلاپ باقسام ئىدى، شۇلارنىڭ جاۋابلىرىنى! لېكىن چەت ئەل ھاياتىدىكى ئانا يۇرت سېغىنچى ماڭا ۋەتەننى سۆزسىز، ئۈمىدسىز، مەقسەتسىز ۋە بارچە مەنپەئەتدارلىقتىن مۇستەسنا ھالدا سۆيۈشنى ئۆگەتتى. چۈنكى ۋەتەن بىزنىڭ تەقدىرىمىزدە! ئۇ سەجدىگاھ كەبى مۇقەددەستۇر!

شۇنداق قىلىپ 2007 - يىلى نورۇزنىڭ ھارپا ئېيى بولغان فېۋرال ھاياتىمدىكى ئۇنتۇلماس دەملەر بولۇپ، 9 - فېۋرال ئەلىشىر نەۋائىي تۇغۇلغان خاتىرە كۈن ئىدى. بۈگۈن پۈتۈن ئۆزبېكىستان ھۇدۇدىدا بۇ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىرنىڭ تەۋەللۇت ئەييامى مۇناسىۋىتى بىلەن داغدۇغىلىق تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلىدىكەن. دېمەك ھەر 9 - فېۋرال ئۆزبېك خەلقى ئۈچۈن شادىيانە بايرام! نەۋائىي تۇغۇلغانلىقىغا 566 يىل تولغان بۇ خاسىيەتلىك جۈمە مەن چەت ئەلدىكى ھاياتىمدا قاتناشقان ۋە يۇقىرى مىللىي ئىپتىخاردا نىشانلانغان تەسىرلىك مەرىكە سۈپىتىدە مەن ئۈچۈن ئۇمۇرلۇك ئارماندۇر!

شۇ كۈنى ئەتىگەندە مەن ئۇستازىم نۇرباي جاببارنىڭ يېتەكچىلىكىدە مىللىي ئۇنىۋېرسىتېت ئۆزبېك فىلولوگىيەسى فاكۇلتېتىنىڭ تولىمۇ چىرايلىق ۋە رەتلىك كىيىنگەن يۇقىرى كۇرس تەلەبە (ئىستۇدېنت) لىرى بىلەن ئازادە ھەم باغۇ بوستانلىق «خەلقلەر دوستلۇقى» مەيدانىغا كەلدۇق. ئەتىگەنكى تاشكەنت قۇياشى تېرەك بويى ئۆرلىگىنىگە قارىماي ھارارەتلىك ۋە يېقىملىق ئىدى. بىز كەلگەندە ئالىيېشىل بايراقلار، رەڭگارەڭ لېنتىلار ۋە تۈرلۈك - تۈمەن گۈل - چېچەكلەرگە پۈركەنگەن مەيدان ئاللىقاچان ھېيت كەيپىياتىدىكى مىڭلىغان ئادەملەرنىڭ شادلىق باغچىسىغا ئايلانغانىدى. ئالىي مەمۇرلار، ھەربىيلەر، شائىر - ئالىملار، ئوقۇتقۇچى - مۇئەللىملەر ئىشقىلىپ پايتەختكە دۆلەتنىڭ ھەممە يېرىدىن كەلگەن زىيارەت ۋە تىجارەت ئەھلى بولۇپ پۈزۈر كىيىنگەن كىشىلەرنىڭ چېھرىدە بىر خىل پەخرىيە

تۇيغۇسى جەۋلان قىلاتتى. بۇنى بىر شائىرنىڭ تۇغۇلغان كۈنى خاتىرە مەرىكىسى دېگەندىن كۆرە ئەڭ ياخشىسى دۆلەتنىڭ ئازادلىق تەنتەنىسى، دېگەن تۈزۈك ئىدى. مەيداندا مۇقامچىلارنىڭ نەۋائىينىڭ «قارا كۆزۈم»، «جۇنۇن ۋادىسىدا » ۋە «مۇناجات»(كەلمىدى) قاتارلىق غەزەللىرىگە ئىشلەنگەن مۇڭلۇق ناخشىلار ياڭرايتتى. ئارتىسلار ئۇسسۇلغا چۈشكەنىدى. شائىرلار بۇ ئۇلۇغ مۇرەببىي تەرىپىدە ھاياجان بىلەن شېئىر دېكلاماتسىيە قىلسا، ئوقۇغۇچىلار ئەلشىر نەۋائىي غەزەللىرىگە خور ئېيتاتتى. تەتقىقاتچىلار نەۋائىي ئىجادىيىتى ھەققىدە تەلقىن ئېلىپ بارسا، يەنە باشقىلار شائىرنىڭ ئەل بەختى، دۆلەت تىنچلىقى ئۈچۈن قىلغان ياخشى ئىشلىرى ھەققىدە ھاياجانلىنىپ سۆزلەيتتى. چارەك كەم سائەت توققۇزلاردا مەرىكىنىڭ رەسمىي باشلانغانلىقى جاكارلىنىپ، ئالدى بىلەن پىرېزدېنتنىڭ ۋەكىللىرى ناۋائىي ھەيكىلىگە گۈلچەمبىرەك قويدى. كېيىن ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ ئەلشىر نەۋائىي نامىدىكى تىل ۋە ئەدەبىيات ئىنستىتۇتى، ئاندىن ئەلشىر نەۋائىي نامىدىكى پايتەخت دۆلەت كۇتۇپخانىسى يەنە تاشكەنت شەھرىنىڭ ئاۋات ۋە گۈزەل نەۋائىي كوچىسىغا جايلاشقان ئەلشىر نەۋائىي نامىدىكى ئەدەبىيات مۇزېيى قاتارلىق يۈزلىگەن ئورۇنلار شائىرغا گۈل تەقدىم قىلدى.

ئەمدىلىكتە زەپەر دەرۋازىسى شەكىللىك پېشايۋاننىڭ ئاستىدىكى ئېگىز سۇپىغا قاتۇرۇلغان، بىر قولىدا قايسىدۇر بىر دىۋاننى تۇتقىنىچە خىيالغا پاتقان قىياپەتتىكى نەۋائىينىڭ پۈتۈن گەۋدىلىك كۆركەم ھەيكىلى گۈل دېڭىزىنىڭ مەركىزىگە ئايلانغانىدى. شائىر ياشلىقىدا سۆيگەن قىزى گۈلگە ئاتاپ ئىشقى غەزەللەرنى يازغاندا گۈلزارلىق بېغىدا مانا شۇنداق قىياپەتتە رەڭگارەڭ گۈللەردىن ئىلھاملانغان بولغىيتتى، دېگەنلەر خىيالىمدىن كەچتى - دە، بۇگۈنكى پائالىيەتنىڭ يەنە بىر مەركىزى، ئۆزبېكىستان نەۋايىشۇناسلىقىنىڭ بۆشۈكى بولغان «ئەلشىر نەۋائىي نامىدىكى دۆلەت ئەدەبىيات مۇزېيى»غا يېتىپ كەلدىم. مۇزېي نەۋائىي كوچىسىنىڭ باشلىنىش نوقتىسى بولغان مەشھۇر كۆكۈلداش مەدرىسەسى ياكى چارسۇ بازىرىدىن ئالاھەزەل ئىككى بېكەت يىراقلىقتىكى ئۆزبېكىستان مەتبۇئات ۋە ئاخبارات ئاگېنتلىقى بىناسىنىڭ قارشىسىغا يەنى يولنىڭ شىمال تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، بىنا ئالدىدىكى ئورمانلىق مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا شائىرنىڭ تەخمىنەن ئون نەچچە مېتىر ئېگىزلىكتىكى پۈتۈن گەۋدىلىك مەرمەر ھەيكىلى قاتۇرۇلغان. ياۋروپا

پاسوندىكى ئۈچ قەۋەتلىك بۇ ھەشەمەتلىك بىنانىڭ بىرىنچى قەۋىتى مەمۇرىيەت بولۇپ، ئىككىنچى قەۋىتىدە ئەنبەر ئاپا ئىسىملىك ئۇيغۇر ئايال مېنى سوغۇققان كۈتۈۋالدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئاپا، ئۈرۈمچىدىن كەلدىم، نەۋائىي مۇزېيىدا سىزنىڭ بارلىقىڭىزنى ئاڭلاپ خېلى بۇرۇنلا كۆرۈشۈپ كېلىشنى ئويلىغان بولسامۇ، كېچىكىپ قالدىم، سالامەتمۇسىز؟— سالام بەردىم ئايالغا.

— ياخشىمۇ سىز، مۇشۇنچىلىك تۇردۇق ئوغلۇم، — ئاددىيلا جاۋاپ قايتۇردى ئايال. ئەنبەر ئاپا60 ياشلاردىن ھالقىغان ئايال بولۇپ، ئۇنىڭ بوشىشىپ كەتكەن يۈزلىرىدىكى ئۆمۈچۈك تورىدەك قورۇقلار ھايات سەرگۈزەشتىلىرىدىن روشەن بېشارەت بېرىپ تۇرسا، گەپ قىلغاندىكى خورسىنىشلىرىدىن ئازابلىق، پۇشايمانلىق بىر يۈرەكنىڭ نىداسى كېلىپ تۇراتتى.

— ئاپا، سىلەر بۇرۇندىن مۇشۇ يەرلەردە ياشىغانمۇ ياكى كېيىنكى يىللاردا كەلگەنمۇ؟ ھازىرقى ئەھۋالىڭىز قانداق؟— سورىدىم ئايالدىن گەپنى لۆندە قىلىپ ۋە ھەممە قىزىقىدىغان سۇئالنى تەكرارلاپ.

— تۇرسۇنجان بالام، ئېيتسام گەپ بولىدۇ، ئېيتمىسام دەرد، تازا يېغىرىمنى تاتىلىدىڭىز، ئاتا - ئانامنىڭ غېرىب قەبرىسى قالغان ۋە ئۇلارنىڭ يالغۇز پەرزەنتى بولغان مەن ئويناپ ئۆسكەن ئانا ۋەتەندىن كەپسىز، بۇ گەپلەرنىڭغۇ مەن ئۈچۈن ھېچقانداق ئەھمىيىتى قالمىغان، — زورىغىراق ۋە قېيداپراق سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ئاپا، — بىز 1960 - يىللاردا خۇدايىمنىڭ ئۇرۇشى بىلەن غۇلجىدىن قىرغىزىستاننىڭ ئۇش دېگەن يېرىگە كۆچۈپ كەلدۇق. سىز دۇنيادا يۈرىكى يوق ئادەمنىڭ بارلىقىغا ئىشىنەمسىز، شۇ ئادەم دەل مەن، — ئايال گەپنى ئەمدىلا باشلىدى - يۇ، قىممەتلىك نەرسىسىنى يوقىتىپ قويغان ئادەمدەك پاڭگىدە يىغلىۋەتتى، مەنمۇ ئوڭايسىزلانماقتا ئىدىم. ئەنبەر ئاپانىڭ سەل پىغانى پەسلىگەندىن كېيىن يەنە ئاستىراق سۆزلەشكە باشلىدى، — شۇ چاغلاردا ماڭا دۇنيا بەكمۇ قالايمىقاندەك، ئاتلىق - ئېشەكلىك ئۆچرىغانلىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى دۇنيانىڭ قەيىرىگىدۇ كۆچۈپ كېتىۋاتقاندەك بىلىنەتتى. چوڭلار، باللار ئىشقىلىپ بىزدەك مۇساپىرلار كىمنىڭ بىر كىگىز پاتقۇدەك ئۆيى بولسا، شۇ يەرگە يىغىلىپ ئەتىسى نېمە ئىش قىلىپ، قەيەرگە بېرىش توغرىسىدا گەپ قىلىشاتتى. ئۇلارنىڭ ئېغىزىدىن ئىسسىقكۆل بويلىرى، قەشقەرگە يېقىن ساغۇن ۋە قاراكۆل شەھەرلىرىدە بۇرۇندىن ئۇيغۇرلارنىڭ

ياشايدىغانلىقىنى ئاڭلىدىم. بىزمۇ شۇلارنى پاناھ تارتىپ كەلگەن بولساق كېرەك. ئۇشتا بىرنەچچە يىل تۇرۇپ، يەنە تىرىكچىلىك ۋە يۇرتلۇقلارنى قوغلىشىپ ئەنجانغا كۆچتۇق. بۇرۇنقى ھەرخىل كۆچ-كۆچلەردە كۆپەيگەن بولۇشى مۇمكىن، بۇ يەرنىڭ شەھەر-قىشلاقلىرى قەشقەر ۋە غۇلجىدىن چىققانلار بىلەن تولۇپتۇ. بالام، كونىلار«ۋىجدانلىق ئوغۇل يولدىن ئازسىمۇ يۇرتىدىن ئازماس» دەپ بىكارغا ئېيتماپتىكەن، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يېرىڭدىن بىر ئايرىلدىڭمۇ ئورنۇڭ زادىلا ئىسسىمايدىكەن. 1980-يىللارغا يېقىن ئائىلىمىزنىڭ سەرسانلىقى يەنە باشلاندى، پارچىلاندۇق. شور پېشانە قىسمەت بىلەن ئىككى ئوغلۇم «ئانا ۋەتەنگە يېقىنراق تۇرايلى» دەپ بىرى ئالماتاغا، ئىككىنچىسى ياركەنتكە كەتتى، بىز تاشكەنتكە ئورۇنلاشتۇق. يۇرتتىن چىقىپ كەتكەن20 يىلدىن بۇيان بىچارە ئاتا-ئانىمىزنىڭ ھايات-ماماتى ھەققىدە ھېچ خەۋەر ئۇقالمىدۇق. بىز غېرىب بولۇپ قالغانتۇق، چۆل قىشلاقلاردا، ئۆگزىدە غۇلجا يولىغا قاراپ كۆزىمىزنىڭ خۇنى ئاقتى. يېشىمىز قۇرۇمدى، بىر كۈنىمىزمۇ خۇشال ئۆتمىدى. ئادەم ئۇزاق سەپەرگە كەتسىمۇ، نەچچە ئون يىل تۇرمىدە ياتسىمۇ، ئىشقىلىپ ئۆلۈپلا كەتمىسە ھامان بىر كۈنى يۇرتىغا قايتىپ كېلىدۇ. لېكىن بىزچۇ؟ بۇ بىزگە نېمە كۈن، نېمە تارتقۇلۇق؟ — ئەنبەر ئاپا يامغۇردەك تۆكۈلۈپ تۇراتتى، ئۇھ تارتاتتى. مۇزبېغا كىرىپ-چىقىۋاتقانلار بىزگە قارىشاتتى. ئالدىراشلىقتا گەپنى باشلاپ قويۇپ، مېنىڭمۇ دېمىم ئىچىمگە چۈشۈپ كەتتى. ئوڭايسىزلىنىپ تۇرساممۇ، لېكىن بىچارە ئايالنىڭ ئىچ-قارنىنى بوشىتىۋېلىشى ئۈچۈن سەۋر قىلماسلىقىمغا بولمايتتى. شۇنداقتىمۇ ئايالغا زورىغا تەسەللى بېرىپ تۇردۇم:

—ئاپا، بۇنداق كۈن نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ بېشىغا كەلگەن، زامانىنىڭ قالايمىقانچىلىقلىرى ئوخشالدى. ئېھتىمال ۋەتەنگە بارغانلا، سالامەتلىكلىرىنى ئاسرىسلا.

—يۈرىكىم ھەرە كۆنىكىدەك بولۇپ كەتتى، ئەمدى ئاسرايدىغان نېمىسى قالدى دەيسىز. ئاۋۇالقى شور پېشانىلىكىم ئازدەك ئاتىسىنىڭ يۇرتقا بېرىپ قېپ قالغانلىقىنى دېمەمسىز، — ئايال ئەمدى ئارزۇ-ئارمىنى قۇرۇپ، ئاخىرقى كۈچ-ماغدۇرى قۇرۇپ قايغۇغا تەبەسسۇم قىلىپ تۇرغان تاش ھەيكەلدەك سەل جىمىپ قېلىپراق گېپىنى داۋاملاشتۇردى، —شۇنداق قىلىپ 1990-يىلى غۇلجىغا باردۇق. ئاتا-ئانىمىز دەردىمىزدە تولا يىغلاپ ئاللىقاچان ئۆلۈپ كېتىپتۇ، ھازىر تۇپراق بېشىنىمۇ ئىلغا قىلغىلى بولمايدىكەن. نەچچە كۈن قەبرىلەردە دۇم يېتىپ تاڭ ئاتقۇزدۇق. بىر ئايدەك ۋاقتىمىز تۇغقانلار بىلەن تېپىشىش ۋە يىغا-زار قىلىش بىلەن ئۆتتى. شۇ چاغدا شىرمەت ئاكىمىز 65 لەردىن ئاشقان بولۇپ، «دەرەخ بىر يەردە كۆكلەيدۇ» دېگەن شۇ بولسا كېرەك، يۇرتقا كېلىپ كونا كېسەللىرى ساقىيىپ كەتكەندەك بولدى. ھەممە يەرنى ئارىلىدۇق. مەھەللىلەر ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ، شۇنداقتىمۇ ئۇ سوراپ-پۈراپ يۈرۈپ دېگەندەك بۇرۇنقى مەھەللىمىزنىڭ ئورنىنى تاپتى. ئۆيىمىزنىڭ ئالدىدىكى ئۆستەڭگە ئىلىشىپ قالغاندەك سۇ سۈزۈكمۇ - قىيانمۇ، ئادەم بارمۇ-يوقمۇ دېمەي قىپيالىڭاچ بولۇۋېلىپ چۆمۈلدى، دۇم يېتىپ ئىچتى، ھۆركىرەپ يىغلىدى. غۇلجىنى ئايلىنىش جەريانىدا ئۇ يولدا ئۇچرىغان تاش، داڭگال، پەي، قۇرت - قوڭغۇز، ھەرخىل ئوت-چۆپ ھەتتا قوي-ئېشەكنىڭ ماياق-تېزەكلىرىدىن ئوتتۇرا تاغاردەك تەييارلاپتۇ. يوغان توڭغا سۇ قاچىلىدۇق. ئاي-كۈنىمىز توشتى. نېمە ئامال، ۋەتەندىن تىرىك ھالدا ئىككىنچى قېتىم ئايرىلدۇق. تاشكەنتكە كەلگەندىن كېيىنكى ئىككى-ئۈچ يىل ئىچىدە يۇرتقا بېرىپ كەلگەندىكى ئەسلىمىلەر بىلەن خۇشالراق ئۆتتۇق. غۇلجىدىن ئېلىپ كەلگەن ھېلىقى «تەۋەررۇك» نىڭ بىر قىسمىنى خالتىغا ئېلىپ ئىشىك بېشىغا ئېسىپ قويدۇم، بەزىلىرىنى ئۇ كىشى يانچۇقىغا سېلىپ يۈردى، ئاشقىنىنى شىرمەتنىڭ دېگىنى بويىچە ئۈنىڭغا ياستۇق قىلىپ بەردىم. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يەنە غېرىبسىنىشقا باشلىدۇق. ئارىدىن ئون يىللار ئۆتۈپ بىر ئوغلۇمنىڭ سودا قىلىپ بېيىشى بىلەن ھال-كۈنىمىز سەل ياخشىلاندى، لېكىن شىرمەتنىڭ سالامەتلىكى ناچارلاشتى. ئېغىزى ئېچىلسىلا يۇرت ۋە ئاتا-ئانىسىنىڭ گېپىنى قىلىدىغان، بولمىسا ئايلاپ گەپ قىلمايدىغان بولۇۋالدى. داۋالتىپمۇ باقتۇق، ئۈنۈمى بولمىدى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ باللار ۋە يېقىنلىرىنى يىغىپ ۋەتەنگە يەنە بىر قېتىم بېرىپ كېلىش ئارزۇسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. «يېشىڭىز چوڭىيىپ قالدى، سالامەتلىكىڭىز ناچار »»دەپ قوشۇلمىدۇق. ھەتتا چوڭ ئوغلۇم« ئاتا، كېلەر يازغىچە ياخشى بولۇپمۇ قالارسىز، بۇرۇنقى پىلانىمىز بويىچە ھەرەمگە ئېلىپ بارسام» دېسىمۇ«بۇ ئاخىرقى تەلىپىم بولۇپ قالسۇن، ھەجىنىڭ ئىشى كېيىن بىر گەپ بولار» دەپ زادىلا ئۇنىمىدى. ئامال قانچە، ئاخىر باللىرىم«ئاتىمىز بىر ئۆمۈر جاپا تارتتى، ئاخىرقى ئارزۇيىنى بولسىمۇ قاندۇرايلى، خۇدايىم ساقلار» دەپ مەسلىھەتلىشىپتۇ. شۇنداق

قىلىپ2002 ـ يىلى كۈزدە شىرمەتنى ياخشى تىلەكلەر بىلەن يولغا سالدۇق. ھەمراھلارنىڭ ئېيتىشىچە، ۋەتەنگە ساق ـ سالامەت، سەپەردىن قايتقان ئادەمدەك خۇشال، ناخشىغا ئىگىشىپ يېتىپ بېرىپتۇ. ‹‹خۇدايىم ياراتقان بەندەڭگە بىر قېتىم بېرەرمىشسەن، سىناقلىرىڭغا رازىمەن، بۇ مەرتە مۇرادىمنى ئىجابەت قىلىپ ئامانىتىڭنى ئال›› دەپ دۇئا قىلىپتۇ، خۇشاللىنىپتۇ، يىغلاپتۇ. كىم ئۇقسۇن 3 ـ كۈنى ئۆلۈم خەۋىرىنى تاپشۇرۇپ ئالدۇق، ـ سۆز مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئەنبەر ئاپا ماغدۇرسىزلىنىپ ئۆپكىدەشكە باشلىدى، ئۇنى يۆلەشتۇرۇپ ئىشخانىسىغا ئېلىپ كىرىشىمگە ئايال شۇنچىلىك قاتتىق يىغلىدىكى، يۈرەك ـ باغرى ئېرىپ كېتىدىغاندەك ئىدى. بىز ئىككى ئۇيغۇر نەۋايى مۇزېيىدا، نەۋايىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىدە بۇلۇڭغا كىرىۋېلىپ گويا ھازا ئاچماقتا ئىدۇق. شۇنچە يىللاردىن بېرى ئايالنىڭ كۆڭلى زېدىلەنگەن، قەلب جاراھەتلىرىنى ئاشكارىلاشقا غۇرۇرى يول قويمىغان، مېنى ئۆز كۆرگەن، مەنمۇ ئاران تۇرغان يەرگە چېقىلغان ـ دە، شۇنىڭ بىلەن بىراقلا ھەسرەت ـ نادامىتىنى تۆكۈۋەتكەن. ئاپا بەزگەك كېسىلى تۇتۇپ ئۇزاق جىمجىتلىقتىن كېيىن سەل ھوشىغا كەلگەن بىماردەك چوڭ بىر نەپەس ئالدى ـ دە، ئېغىز ئاچتى:

ـ بالام، شىرمەت ئەسلىدە ئۇزاقتىن بۇيان ‹‹ۋەتەن گاداسى، كەپەن گاداسى بولۇپ، ئۆلۈكمىزمۇ سىرتتا قالارمۇ›› دەپ يىغلاپ كەلگەن، ئەسلىدە ھەممىمىز ئۇنىڭ مەقسىتىنى بىلمەيلا يولغا سېلىپتۇق، ئۇ دائىم ماڭا ‹‹بىر ئۆمۈر چۆل ـ باياۋانلاردا، ئىسسىق ـ سوغۇقتا مېنىڭ كۆڭلۈمنى بەزلەپ كەلگەن قەدىناسىمسەن، مەن سەندىن رازى، سېنى بەختلىك قىلالمىدىم، مەندىنمۇ رازى بولۇپ قال›› دەيتتى، ئەمەلىيەتتە بۇ ئۇنىڭ ۋەسىيەتنامىسى بولۇپ، شىرمەت ئەسلىدە ئۇزاقتىن بۇيانقى تەييارلىقى بويىچە بۇ قېتىم ۋەتەنگە ئۆلۈۋېلىش ئۈچۈن كەتكەن ئىكەن...

تەگرىم ئۇنىڭ بولسىمۇ تەلپىنى ئىجابەت قىلىپ روھىنى ئارام تاپقۇزدى. ئۇنى ئىككىنچى قېتىم غۇلجىغا يولغا سالغىنىمنىڭ توغرا بولغان ـ بولمىغانلىقىنى بىلمەيمەن، تەلپىگە ئۇنىمسام ئارمان بىلەن كېتەتتى، يولغا سېلىۋېدىم، دۇنيادىكى ئەڭ يېقىن كىشىمدىنمۇ ئايرىلىپ تىكەندەك يالغۇز قالدىم. ئادەم ئۆلمىسىلا ھەممىگە چىدىماي ئامال يوقكەن. مانا كۆرۈپ تۇرۇپسىزكى، تاشكەنت گۈزەل شەھەر بولسىمۇ ئۆزۈمنى چۆلدىكى ئازغۇن تۆگىدەك، نام ـ نىشانى يوقلىپ قۇيۇنتاز ھۇشقۇيتۇپ تۇرىدىغان يالغۇز قەبرىدەك غېرىب ۋە بىچارە ھېس قىلىمەن. ئاشۇ يىللاردا سوۋېتقا كېتىش يەتتە ئۇخلىساق چۈشىمىزگىمۇ كىرمەيدىغان ئىش ئىدى. چەت ئەلنىڭ نېمىلىكىنىمۇ بىلمەيتتۇق. زامان تەقدىرىمىزنى بىر كېچىدىلا ئاسمان ـ زېمىن قىلىپ خارۇ ـ زارلىق يولىغا تاشلىدى، قۇمغا ئىمارەت سالغان كىشىدەك تۇزۇپ ۋە كۆچۈپلا يۈردۇق. شىرمەتقۇ ئۆلۈپ قۇتۇلدى. ئەمدى ‹‹كۆرمىگەننى كۆرىسەن ئۆلمىگىنىڭ›› دەپ تۇزۇكباشتىن بالاغا مەن قالدىم. تالاغا چىقىپ كىرگۈچىلىك ۋاقتىنىڭ ئىچىدە يۇرتتىن ئايرىلىپ 50يىلغىچە تۈگىمەيدىغان قانداق سورۇقچىلىق بۇ... ـ ئايالنىڭ ئۆمۈر مۇساپىرچىلىقى بايانى خۇددى شېكىسپىر تىراگېدىيەلىرىگە ئوخشاش بارغانچە شىددەتلىنىپ ۋە يېڭىدىن ـ يېڭى تەئەججۇپ تۇغدۇرۇپ داۋام قىلماقتا ئىدى:

ـ يەنە قانداق بالا، ئاپا، ـ سورىدىم ھېكايىنى ئاخىرلاشتۇرۇش مەقسىتىدە تاقەتسىزلىنىپ.

ـ ئۆزگىگە سادىق بولۇپ قىلساڭمۇ ھەۋەس،
ئۇ ساڭا ئىشىنىپ ئەي ئوغلۇم دېمەس.

دەپتىكەن بالام، دانىشمەنلەر، نەچچە كۈندە بىر ھەرخىل ئورۇنلاردىن ئادەم كېلىپ‹‹ئېرىڭىزنى تېپىڭ، بولمىسا ئۆلگەنلىك ئىسپاتىنى چىقىرىڭ››دەپ ئاۋارە قىلىۋاتىدۇ. ئۆلگەنگە يەنە قانداق ئىسپات كېرەك بولسۇن!

تولا يىغلاپ ياشلىرى قۇرۇپ كەتكەن بولسا كېرەك، ئاپا ئۆپكىدەيتتى، بەدەنلىرى كىرىشىپ قالغاندەك لاغىلداپ تىترەيتتى. ۋاقىت ئىنتايىن تېز ياكى ئاستا ئۆتمەكتە. مېنىڭمۇ بۇرۇت ـ ساقاللىرىمدىن ياش ئاقماقتا ئىدى. دېمىسىمۇ ئىككى ئەلنىڭ سىياسىي ۋە سۈركىلىشلىرىدە خەلق ئەڭ چوڭ زىيان تارتقۇچى بولۇپ كەلگەن. بۇنىڭغا تارىختا پاكىتلار كۆپ. شۇ تاپتا ئەنبەر ئاپاغا قانچىلىك ھېسداشلىق قىلماي، ئۇنىڭغا قۇرۇق تەسەللىدىن باشقا ھېچ ئىش قىلىپ بېرەلمەيتتىم. دەل شۇ چاغدا سىرتتىن ئاڭلانغان ‹‹ئەنبەر ئاپا سىزنى مېلتسىيە (ساقچى) سورىشىۋاتىدۇ››دېگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ سۆھبىتىمىز ئۈزۈلدى. بىز خوشلاشتۇق. كېيىن مەن ئاپانى قايتا ئىزدەپ بارغىنىمدا ئۇ ئىشقا كەلمەپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ھەر قېتىم ‹‹نەۋايى مۇزېيى››دىن ئۆتكەندە ئەنبەر ئاپىنىڭ ئۇپۇقتىكى سۇنۇق، ئىلتىجالىق قىياپىتى كۆز ئالدىمدا گەۋدىلىنىدىغان بولدى. تەقدىر ۋە زامانىنىڭ ئۇنى يەنە قانداق كولدۇرلاتقانلىقى ھەققىدىكى ئويلار بەلكى زادىلا خىيالىمدىن چىقماس بولۇپ قالدى.

شۇنداق قىلىپ مەن ئەسلى پىلانىم بويىچە نەۋايى

مۇزىيىنى ئالدىراش ئايلىنىشقا باشلىدىم. مۇزىيى ئەمەلىيەتتە نەۋايىنى مەركەز قىلىپ، بابۇر مىرزىدىن هازىرقى زامان ئۆزبېك زىيالىيلىرىغىچە ئىنتايىن باي مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سالون ئىكەن. مەسىلەن، ئىككىنچى قەۋەتتىن باشلانغان نەۋايى قىسمىغا شائىرنىڭ هەيكىلى، «دىۋان»لىرىنىڭ تۈرلۈك ۋارىيانتلىرى، ئەسەرلىرىگە ئىشلەنگەن قىستۇرما رەسىملەر، سۇلتان هۇسەيىن بايقارانىڭ شائىر هەققىدىكى پەرمانلىرى، نەۋايىنىڭ مەكتۇپلىرى، هىرات شەهرىنىڭ رەسىم ۋە مودېللىق تارىخي قىياپىتى، شائىر قۇردۇرغان بەزى ئىنشائاتلارنىڭ كۆرۈنۈشى، ئۆيى ۋە مەقبەرەسىنىڭ قىياپىتى، چاغداش رەسساملار سىزغان نەۋايى پورترېتلىرى، ئەدىب هاياتىغا دائىر تۈرلۈك هۆججەت-ۋەسىقىلەر، شائىر ئەسەرلىرىنىڭ باشقا تىللاردىكى تەرجىمىلىرى، شۇ زاماندىن هازىرغىچە، ئۆزبېكىستاندىن چەت ئەللەرگىچە بولغان نەۋايىشۇناسلار ۋە ئۇلارنىڭ تەتقىقاتلىرى بەكمۇ ئىلمىي ۋە ئىبدىتلىق تىزىلغان. كۆرگەزمىدىكى ئەڭ گەۋدىلىك تەرەپلەرنىڭ بىرى، ئۆزبېكىستان خەلق رەسسامى چىڭگىز ئەهمەر نەۋايى هاياتىدىكى ئۇنتۇلماس دەملەر ئۈچۈن سىزغان رەسىملەر بولۇپ، بۇلاردىن شائىرنىڭ سەللە ۋە تونلۇق، هاسىغا تايىنىپ تۇرغان ياشانغانلىق كۆرۈنۈشى، 1501-يىلى 31-دېكابىر نەۋايىنىڭ ئاستراباد ئۇرۇشىدىن قايتقان پادىشاھ هۇسەيىن بايقارانى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن چىقىپ سەكتەلىنىپ ئاتتىن يىقىلىپ هوشسىزلانغان قىياپىتى (شائىرنىڭ مېڭىسىگە قان چۈشكەن بۇ كۈن پەيشەنبە بولۇپ، نەۋايى شۇ ياتقىنىچە قوپالماي ئىندىنى يەنى 3-يانۋار، يەكشەنبە ۋاپات بولغان)، مەشرەپنىڭ دارغا ئېسىلىشى ئاجايىپ ماهارەت بىلەن سىزىلغان. بۇلاردىن«‹خەمسە›نىڭ سۇلتان هۇسەيىنگە ئارمۇغان قىلىنىشى»(شائىرنىڭ ئېتىنى يېتىلەش) ناملىق رەسىم يارىتىلغان ئوبرازلىرىنىڭ ئاجايىپ-غارايىپلىقى، هېسسىيات ئىپادىسىنىڭ يارقىنلىقى، تۈركىي ئەدەبىيات تارىخىدىكى جۈملىدىن پادىشاھ بىلەن شائىر ئوتتۇرىسىدىكى ئالەمشۇمۇل ۋەقەنىڭ چىن بەدىئىي خاتىرىسى بولۇشتەك ئالاهىدىلىكى بىلەن مەشھۇردۇر. رەسىم نەۋايىنىڭ ئۆلپەتلىرىدىن زەينىددىن مۇهەممەد ۋاسىفىنىڭ خاتىرىسى ئارقىلىق شەرققە كەڭ تارقالغان مۇنداق بىر هېكايىگە ئاساسەن سىزىلغان:

ئەلشىر نەۋايى«خەمسە»سىنى هۇسەيىن بايقاراغا تەقدىم قىلغاندا، پادىشاھ ئالەمگە مەشھۇر «باغى هۇسەينىي»گە ئوردا ئەمەلدارلىرى، هىرات پازىللىرى ۋە سەنئەتكارلارنى يىغىپ:

—بىر ماجىرا ئۇزۇندىن بېرى ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدا هەل بولماي كەلدى، بۈگۈن شۇ ئىشنى هەل قىلىشىمىز كېرەك، — دېدى.

بۇ مەسىلە شۇنىڭدىن ئىبارەت ئىدىكى، هۇسەيىن بايقارا خېلىدىن بۇيان ئەلشىرنىڭ مۇرىتى بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتى ۋە ئۇنى«پىرىم» دەپ ئاتايتتى. ئەلشىر بولسا:

—يا ئاللا، يا ئاللا، بۇ قانداق بولغىنى ئەمدى! ئەسلىدە بىز مۇرىتمىز، سىز بولسىڭىز هەممىمىزگە رەهنەماسىز، پىرسىز، —دەپ جاۋاب بېرەتتى.

ئەمدى سۇلتان هۇسەيىن ئەلشىردىن سورىدى:

—ئېيتىڭچۇ، پىر نېمىيۇ، مۇرىت نېمە؟

—پىرنىڭ تىلىكى، مۇرىتنىڭ ئىستىكى بولماقتۇر،— جاۋاب بەردى شائىر.

شۇ چاغدا سۇلتان هۇسەيىن ئۆزىنىڭ ئاق ئېتىنى ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇدى. بۇ ئاجايىپ شوخ ۋە ئۈچقۇر ئات ئىدى.

سۇلتان هۇسەيىن:«ئۇنداقتا سىز مۇرىت، مەن پىرىڭىز بولىدىغان بولسام، ئاتقا مىنىڭ، مەن ئۇنى يېتىلەيمەن»دېدى.

ئەلشىر بولسا:«مەن ‹سۇلتان ئات›قا مىنىپ كۆنمىگەن، مىنەلمەيمەن› »دەپ پادىشاهنى سىپايىلىق بىلەن رەت قىلدى.

پادىشاھ ئەلشىرنىڭ نازۇكلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن سوراۋەردى.

— مەۋلانە، يەنە ئېيتىڭچۇ، شاهنىڭ ئەمرى نېمىدۇر؟

— ۋاجىپتۇر.

— مەن سىزنىڭ نېمىڭىز؟

— پادىشاهىم، باشپاناهىم.

— ئۇنداقتا، پادىشاھ ئەمرىدىن باش تارتىشنىڭ بائىسى نېمىدۇر؟

ئاقىۋەت ئەلشىر ئاتقا مىنىشكە مەجبۇر بولدى. ئالىي هەزرەت ئاتقا مىنىشى بىلەن پادىشاھ سۇلتان هۇسەيىن بايقارا دۇردۇن ياغلىققا ئورالغان زەر مۇقاۋىلىق «خەمسە»نى قولتۇقلىغىنىچە ئاتنى يېتىلەپ، مەيداننى ئايلىنىشقا باشلىدى. ئالەم پەيدا بولۇپ بۇنداق ئىش بولۇپ باقمىغانىدى. بۇنى كۆرۈپ ئەركانۇ دۆلەتتىكى ياخشى-يامان هەيرانلىق دېڭىزىغا چۆمدى. ئارتۇق هاياجاندىن ئەلشىر هوشىدىن كەتتى...

تەتقىقاتچىلارنىڭ يېزىشىچە، شۇنىڭدىن كېيىن ئوردىدا شائىرنىڭ دۈشمەنلىرى كۆپەيگەن، ئەل-

ئۈچىدىكى شۆھرىتىمۇ ئاشقان.

«نەۋايى مۇزېيى»مەنبەشۇناسلىق، يازغۇچىشۇناسلىق ئومۇمەن ئەدەبىياتشۇناسلىقنىڭ جانلىق، تەسىرلىك تەربىيە مەكتىپى بولۇپ، ئۇ ئۆز تىلى ۋە ئەدەبىياتى ئارقىلىق مىللىي مەۋجۇتلۇقىنى ساقلىغان ھەمدە تەرەققىياتقا يۈزلەنگەن بىر خەلقنىڭ پىداكارانە كۈرەش تارىخىنى ئەسلىتىپ تۇراتتى. مەن ۋاقىت مۇناسىۋىتى بىلەن قايتا كېلىشنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ، ئۇنىۋېرسىتېتتا ئۆتكۈزۈلىدىغان نەۋايى ئەنجۇمەنگە قاتنىشىش ئۈچۈن مۇزېيدىن ۋاقىتنچە ئايرىلدىم. بېكەتتە ماشىنا ساقلىغاچ ئارقامدا قالغان شاد ـ قايغۇلۇق ھاياتقا تەگسىز ئارزۇلار ۋە قىيالماسلىق نەزىرى بىلەن يېنىش ـ يېنىشلاپ قارىدىم.

بېكەتتە مەن خېلى ئۇزۇن ساقلىغاندىن كېيىن «ئۇيغۇر كوچا ـ 10» بەلگىلىك كونا ئاپتوبۇس كەلدى. شۇ ۋەجىدىن كىچىكمىزدە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئاپتوبۇسلارنى باللارنىڭ قوڭغۇز ماشىنا دەيدىغانلىقى ئېسىمدىن كەچتى. ئاپتوبۇس ماي تۇڭىنى ئۈستىگە ئارتىۋالغانلىقىدەك گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى بىلەن 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنى ئەسلىتىپ تۇراتتى. مەن بىرئاز ئەجەبلىنىپ ماشىنىغا چىقتىم. ئەمما كونا بولۇشىغا قارىماي ئاپتوبۇسنىڭ ئىچى پاكىز تازىلانغان ۋە رەتلىك كىيىنگەن ئادەملەر بىلەن تولغانىدى.

«ئۇيغۇر كوچا ـ 10» دېگەنلىك 10 ـ نومۇرلۇق بۇ ئاپتوبۇس ئۇيغۇرلار مەھەللىسىگە بارىدۇ دېگەنلىك ئىدى. توپونومىيە ئىلمىدە تەبىئىي كوچا ـ كويلارنىڭ شەكىللىنىشى ئۈچۈن ئۇزاق ۋاقىت كېتىدىغانلىقى سۆزلەنگەن. بۇ دەل مۇشۇ ماشىنا «ئۇيغۇر كوچا ـ 10» دېگەن ۋېۋىسكىنى ئېسىۋېلىپ كۈنگە نەچچە نۆۋەت، ھەپتىسىگە ۋە ھەتتا ئېيىغا نەچچە يۈز قېتىم نەۋايى كوچىسىنىڭ ئادەملەر مىغىلداپ تۇرىدىغان ئاۋات نوقتىلىرىدىن بولغان چارسۇ بازىرىدىن ئۆتۈپ، ئالەمگە «ئۇيغۇر»سۆزىنى تارقىتىدۇ، دېگەن گەپ! شۇ تۇرقى بىلەن مەزكۇر ئاپتوبۇس ماڭا بارغانچە كونا ئېلان سەنئەت بۇيۇمىدەك قىممەتلىك كۆرۈنمەكتە ئىدى.

«ئۇيغۇر كوچا ـ 10»بىر خىل رىتىمدە لۆمۈلدەپ كېتىۋاتاتتى. يولدا مېڭىش خۇشياقمىغاندەك ياكى ئۈستىدىكى خادىسى توك سىمىدىن چىقىپ كېتىپ توختاپ قالغان تىراللېيبۇسلار پات ـ پات ئۇچراپ تۇراتتى. تەگسىز ۋە ئەنسىز خىياللارغا بەند ئىدىم.

ــ شوتتا ئوتتىرىڭ، ــ دېگەن ئاۋاز بىلەن ئۇزاق خىياللاردىن ئەندىكىپراق ئېسىمگە كەلدىم. 55ياشلارغا يېقىنلىشىپ قالغان ئۆزبېك ئايال ئورۇندۇقنى بوشاتقىنىچە يېنىمدا تۇراتتى. «ئۇيغۇر كوچا ـ 10»20 مېتىردەك ماڭغاندىن كېيىنمۇ ھېلىقى ئورۇندۇقتا ھېچكىم ئولتۇرمىدى. توغرىسى يېنىمىزدا بالا كۆتۈرگەن، مېيىپ ياكى ياشتا چوڭراق بىرى يوق ئىدى.

ــ سىزنى دېيەپمەن، ئوتتىرىڭ، ــ دېدى ئايال، بۇ قېتىم ماڭا قاراپ تۇرۇپ. ئاپا پەس ئاۋازدا ئۆزبېكچە شۇنچىلىكلا گەپ قىلدى.

ئۇ قولۇمدىكى يوغانراق كىتاب سومكىسىغا دىققەت قىلغان بولسا كېرەك، ئەسلىدە ماڭا ئورۇن بوشىتىپ بەرگەنىكەن، بىرئاز ئوڭايسىزلاندىم. خىيالىمدىن ھەر خىل پىكىرلەر كەچتى. ئۆزىچە مېنى ئۆزىدىنمۇ قېرى كۆرۈپتۇ ـ دە، قاملاشمىغانلىقىمۇ بۇ، نېرۋا بولسا كېرەك! دېگەنلەرنى ھەش ـ پەش دېگۈچە ئويلاپ ئۈلگۈردۈم. شۇنداقتىمۇ:

ــ ئاپا، مەن دېگەن ياش، سىز ئولتۇرۇڭ، يەنە بىر بېكەتتىن كېيىن چۈشىمەن، ــ دېدىم ئايالغا تەمكىنىمنى بۇزماي.

ــ ھەي، ئوغلۇم، باشقىچە ئويلىماڭ، ھازىرقى دەۋرنىڭ ياشلىرى ئائىلە، خىزمەت ۋە باشقا تىرىكچىلىكنىڭ غېمىدە يۈگۈرەپ بەكلا چارچايسىلەر. بىز قېرىلار ئەتىدىن ـ كەچكىچە ئۆيدە ئولتۇرۇپ ئارام ئالىمىز، يەنىلا سىز ئولتۇرۇڭ، ــ دېدى ئاپا تولىمۇ سىپايىلىق بىلەن.

بۇنى بىزدىكى «مەن ياشتا چوڭ بولغاچقا، ئورۇن بېرىشىڭ كېرەك»دېگەندەك قىلىپ، مۇدۇرلۇپلا كېلىدىغان كىشىلەرگە زادىلا سېلىشتۇرغىلى بولمايتتى، ئەلۋەتتە! ۋۇجۇدۇمنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن ئۆرلىگەن ئىسسىق ئېقىمدىن بوغۇزۇم توسۇلغاندەك بولدى. ئۆزۈمنى پېشانەمگە سوغۇق شامال ئۇرۇلغاندەك ھېس قىلدىم. ئوتتۇرا ياشلاردىن ئاشقان بولسىمۇ ئۇنىڭ بىر جۈپ يوغان، نۇرلۇق قوي كۆزلىرى مەڭزىلىرىنى يورۇتۇپ، ئەمدىلا خوشلاشقان چوكانلىق لاتاپىتىنى نامايان قىلىپ تۇراتتى. چاچلىرىنى يارىشىملىق تۈگۈپ (بىزدىكىدەك ئوتتۇرا ياشلىق ئاياللار چاچلىرىنى كەستۈرۈپ بۇدۇر قىلىۋالىدىغان ياكى بويىۋالىدىغان ئىشلار ئۆزبېك ئاياللىرىدا ئاز) بويىنىغا ناۋاترەڭ ھېلىلە ياغلىقنى شارپا قىلىپ ئارتىۋالغان بۇ ئايال كۆز ئالدىمدا شۇنچىلىك ئۇلۇغۋار، گويا ئاپامدەك مېھرىبان ۋە غايىۋى بولۇپ گەۋدىلەنمەكتە ئىدى. ئاپتوبۇس گەرچە ئىلگىرىكى قەشقەر كوچىلىرىنىڭ ئىككى قاسىنقىنى ئەسلىتىدىغان، ئەمما ئىككى قاناتتىكى مەھەللە ئۆيلەر زامانغا لايىق، زىچ قىلىپ سېلىنغان ئەگرى، لېكىن ھېسپەتەك ئۇزۇن

ئۇيغۇر كوچىدا كېتىۋاتقان بولسىمۇ، بىراق ماڭا بۇ بىزنى قۇياش نۇرىغا چۆمۈلگەن ئىللىق دەريا بويى يېشىللىققا ئېلىپ ماڭغاندەك كۆڭۈللۈك بىلىنمەكتە ئىدى. مەن ئۇنىۋېرسىتېت بېكىتىدە چۈشۈپ قالغاندىن كېيىنمۇ ئۇزاق سەپەرگە چىققاندەك بىر خىل رىتىمدە كېتىۋاتقان «ئۇيغۇر كوچا ـ 10»نىڭ ئارقىسىدىن ئۇزۇنغىچە قاراپ تۇردۇم...

ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن ـ تاڭ، ئادىتىم بويىچە ئۆزبېك فىلولوگىيەسى فاكۇلتېتىنىڭ كۇتۇپخانىسىغا كىرىپ، ئىلمىي ئىشىمغا ئائىت ماتېرىياللارنى ۋاراقلاشقا باشلىدىم.

سائەت ئونلاردا يورۇق چىراي ۋە مېھرى ئىسسىق تەلەبە قىز يېنىمغا كېلىپ، «داملا، سىزنى ئۆزبېك تىلى كافېدراسىدىكىلەر ئىزدىشىۋاتىدۇ» دەپ ئۇقتۇردى. بەشىنچى قەۋەتتىكى تىل ئىشخانىسىغا ئەدەپ بىلەن كىردىم. ئىشخانىدىكى ھەممە نەرسە كونىراپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ھەر بىر بۇيۇم كافېدرانىڭ ئەسلىدىكى كۆركەملىكىدىن بېشارەت بېرىپ تۇراتتى. سابىق سوۋېت ئىتتىپاق دەۋرىدە ئالىي مەكتەپلەرنىڭ كەسپىي ئىشخانا ـ كافېدرالىرى يېرىم كۇتۇپخانىلاشتۇرۇلغان ئىكەن، ئىشخانىنىڭ كۈنپېتىشتىكى پۈتۈن بىر تامنى بويلاپ قويۇلغان ئىشكاپقا تىلغا ئائىت ئۆزبېكچە، رۇسچە ۋە ئىنگلىزچە... لۇغەت، كىتابلار تىزىلغان. كۆنچىقىش تېمىغا:

تۈرك نەزمىدە چۇ تارتىپ مەن ئەلەم،
ئەيلەدىم ئۇل مەملىكەتنى يەك قەلەم.

بېيىتى يېزىلغان نەۋائىينىڭ ئۆلچەملىك رەسىمى ئېسىلغان. ئۇنىڭ ئاستىغا سوۋېت تۈركولوگلىرىنىڭ ئۆزبېك تىلىنى تارىخىي باسقۇچلارغا ئايرىپ چۈشەندۈرگەن ئىسخېمىلىق خەرىتىسى چاپلانغان بولۇپ، بىرىنچى قۇردا كۆرسىتىلگىنى مالوفنىڭ«ئۇيغۇر تىلى چاغاتاي ئەدەبىي تىلى سوۋېت دەۋرى ئۆزبېك تىلى» دېگەن بۆلۈش ئۇسۇلى ئىكەن. مالوف، تىلىمىزغا قەدىمىيەت ئابىدىسى نوقتىسىدىن قارىغانلىقىڭىزغا كۆپ رەھمەت! لېكىن ئۇيغۇر تىلى21 ـ ئەسىرنىڭ بوسۇغىسىغىچە ئىلمىي ئىملا قائىدىسىگە ئېرىشەلمىگەن ئاز ساندىكى بەختسىز تىللارنىڭ بىرى، دېگەنلەر خىيالىمدىن تېزلىكتە كېچىپ ئۆلگۈردى. ئۇنىڭدىن باشقا ئىشخانىدىكى كىيىم ئاسقۇچ، بويئەينەك، ئۆستۈرۈلگەن گۈل، پولدىكى گىلەم، توڭلاتقۇ، يىغىن ۋە دەرس تەييارلىقى ئۈچۈن قويۇلغان يوغان، يۇملاق ئۈستەل قاتارلىقلار مائارىپقا بولغان ئېتىبار بىلەن ئادەمنىڭ قىممىتىنى نامايان قىلىپ تۇراتتى. مۇنداقچە ئېيتقاندا بۇنى ئىشخانا ئەمەس ئارامبەخش ئۆيكۇتۇپخانا، دېگەن تۈزۈك ئىدى.

ـ خۇش كېلىپسىز ئۇيغۇر يىگىت، ـ دېدى كافېدرا باشلىقى دادابايېف يېزىۋاتقان نەرسىسىدىن باش كۆتۈرۈپ ۋە سۇرلۇقكەك قىياپەتتە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

ـ بۈگۈن نەۋايى ھەزرەتلىرىنىڭ تەۋەللۇت ئايەم كۈنى. ئۇنىۋېرسىتېتىمىزنىڭ يېنىدىكى ئاكادېمىك لىتسېي (ئالىي تولۇق ئوتتۇرا) دا ئوقۇغۇچىلار بىلەن شائىر ھەققىدە سۆھبەت ئېلىپ بارماقچىمىز. سىزنى ئۇيغۇرلاردىكى نەۋايىشۇناسلىق ھەققىدە سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلساق بولامدۇ؟ بۇ ھەقتىكى پىكرىڭىزنى ئاڭلاپ باققان بولسام؟

ـ ئۇستاز، ئالدى بىلەن ئىلتىپاتىڭىزغا كۆپ رەھمەت، مەن نەۋايىشۇناس ئەمەس، ئەمما بۇ ھەقتە بىلىدىغانلىرىمنى سىزدىن، ئوقۇغۇچىلاردىن ئايىمايمەن، ـ جاۋاب بەردىم قەتئىيلىك بىلەن.

ـ يارايسىز، ئەمما بىر شەرت «نەۋايى ئۇيغۇر» دېگەن گەپنى تىلغا ئالماسلىقىڭىز كېرەك، ـ دەپ شۇنچىكىلا قوشۇپ قويدى داملا.

دادابايېف 60 ياشلاردىكى، ئېگىز ۋە گەۋدىلىك، يارىشىملىق چاچ ـ بۇرۇتلىرىغا ئاق سانجىغان ھەمدە تۆرت جىلدلىق«نەۋايى ئەسەرلىرى تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»نىڭ ئاساسلىق تۈزگۈچىسى بولۇپ، يۇقىرى قاتلام ئۆزبېك زىيالىيلىرىغا ۋەكىللىك قىلاتتى. نېمە ئۈچۈندۇ ئۇنىڭ بۇ سۆزىگە مەلۇم ئىشەنچسىزلىك كۆلەڭگە تاشلىغاندەك قىلاتتى.

ـ داملا، ئەلۋەتتە ھەممە گەپ ماڭا بەرگەن سۆز ھوقۇقىڭىزنىڭ تېشىغا چىقىپ كەتمەيدۇ. لېكىن «نەۋايىنى ئۇيغۇر» دېمىگەن تەقدىردىمۇ «نەۋايى بىز ئۇيغۇرلارنىڭمۇ مەشھۇر شائىرى، دېمەسلىككە زادىلا كۆڭلۈم ئۇنىمايدۇ، ئۇنداق بولمىغاندا ئۆزۈمگە يۈز كېلەلمەيمەن» دېدىم ئۇنىڭغا چاقچاق ئارىلاش. بۇ مېنىڭ تاشكەنتكە كەلگىنىمگە بەش ئاي بولغان شۇنداقلا فاكۇلتېتتىكى ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار بىلەن خېلى ئۆزلىشىپ قالغان چاغلىرىم ئىدى. ئۇ پىكرىمگە ئارتۇقچە ئېتىبار بېرىپ كەتمىدىمۇ ئىشقىلىپ باشقىچە ئىپادىدە بولمىدى. بىز كېتىۋاتاتتۇق. شۇنداق ئويلار خىيالىمدىن كەچتى: ئېھتىمال، نەۋايى ھەققىدىكى تەتقىقات رۇس ئالىملىرىنىڭ يېتەكلىشى بىلەن زىددىيەتلىك يولغا ماڭغاندۇر. بولمىسا كونا كىتابلارنىڭ قۇرلىرىدىن شۇنچە

زېھن قويۇپ پاكىت ئىزدەيدىغان ھەتتا ئۇ ئۇنداق دېمىسىمۇ، مۇنداق دېمەكچى ئىدى. پالاننىڭ بۇ گېپىدىن مۇنداق خۇلاسە چىقىرىشقا بولىدۇ، دەپ سۇبيېكتىپ قىياسلىرىنى ئىلمىي پاكىت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ پىكىر قىلىشقا ئادەتلەنگەن بۇ ئادەملەر نېمە ئۈچۈن ‹‹تارىخى رەشىدىيە››دىكى قۇياشتەك ھەقىقەتنى كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سېلىۋالىدۇ. ئۇنداقتا ئىلمىي تەتقىقاتتا بىز ھازىر يۈزدە ـ يۈز ھەقىقەت دەپ قارىغان نۇرغۇن نەرسىلەر ساختا، مۇتلەق ئۇيدۇرما، نەيرەڭۋازلىق دەپ بىلگەن كۆپ نەرسىلەر ھەقىقەت بولۇپ چىقمامدۇ! ئۇلۇغ ئەللامە مىرزا ئابدۇقادىر بېدىل بىر شېئىردا پەرۋاننىڭ تىلى ئارقىلىق مۇشۇنداق كىشىلەرنى يورۇقلۇق ۋە رېئاللىقنى كۆرۈشنى خالىمايدىغان‹‹كىتاب قۇرتلىرى›› دەپ مەسخىرە قىلغان. دېمەك نېملا دېگەنبىلەن ئىلىم ـ پەن تەتقىقاتىغىمۇ مەنپەئەتدارلىق يوشۇرۇنغان ئىكەن، خۇددى ھېلى دادابايېۋ ئېيتقاندەك ھەقىقەتمۇ شەرتلىك بولىدىكەن.

شۇنداق قىلىپ بىز بىر نەچچىمىز ئاكادېمىك لېتسىننىڭ چوڭ زالىغا كىردۇق. ئاق كۆڭلەككە گالستۇك تاقاپ، قارا شىم كىيگەن (بۇ ئۇلارنىڭ مەكتەپ فورمىسى بولۇپ، ھەممە ئوقۇغۇچى كاستۇمنى بىناغا كىرگەندىكى چوڭ زالغا ئېسىپ قويىدىكەن) يۈزلىگەن ئوقۇغۇچى مەجلىسنىڭ ئېچىلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشقان ئىكەن. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھۆرمەت سالامى ۋە مەكتەپ مۇدىرىنىڭ بىزنى تونۇشتۇرۇشىدىن كېيىن ئىككى داملا نەۋايىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى ھەققىدە لېكسىيە قىلدى. ئاندىن ‹‹ئەمدى سۆز ئۇيغۇر ئەدەبىياتشۇناسى تۇرسۇن قۇربانغا›› دېگەن تەكلىپتىن كېيىن مىكروفوننى قولۇمغا ئالدىم:

ــ ... مەن جۇڭگونىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوندىن گۈزەل تاشكەنت شەھرىڭلەرگە كەلگەن تەتقىقاتچىمەن. مەيلى نەۋايىنىڭ 20 توملۇق مۇكەممەل ئەسەرلەر توپلىمىنى نەشر قىلىپ، شائىرنىڭ ھەيكىلىنى قاتۇرۇشتا بولسۇن ياكى نەۋايى ۋىلايىتىدەك كۆپلىگەن جاي ۋە دۆلەتلىك نەۋايى مۇكاپاتىدەك ئىلمىي جەمغەرمىلەرنى شائىرنىڭ نامى بىلەن ئاتاپ ئۇنىڭغا تۈگىمەس شان ـ شەرەپ كەلتۈرۈشتە بولسۇن ئۆزبېكىستان دۇنيا نەۋايىشۇناسلىقىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرۇپ كەلدى. سىلەردىن كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگىنىپ كەلدۇق. لېكىن بىز ئۇيغۇرلارنىڭمۇ ئەلىشىر نەۋايى تەتقىقاتى بويىچە قىلغان ئىشلىرىمىز ئاز ئەمەس. ھازىر شىنجاڭدا ساقلىنىۋاتقان قول يازمىلار ئىچىدە نەۋايى ئەسەرلىرىنىڭ كىتابەت نۇسخىلىرى ھەممىدىن كۆپ. مەسىلەن، 1952 ــ 1959 ـ يىللاردا شىنجاڭ بويىچە ئېلىپ بېرىلغان ئىلمىي تەكشۈرۈشتە 2000 پارچە قول يازما تېپىلغان بولۇپ، بۇلارنىڭ يېرىمىغا يېقىنىنى نەۋايى ئەسەرلىرى ئىگىلەيدۇ. بىزدە ‹‹خەمسە››چىلىك ئەنئەنىسى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىغىچە داۋاملاشقان. بولۇپمۇ مەشھۇر ‹‹ئۇيغۇر12 مۇقامى››دا نەۋايىنىڭ 100دەك غەزىلى(1250مىسرا ئەتراپىدا) ئاھاڭغا سېلىنغان بولۇپ، ھۆكۈمىتىمىز زور كۈچ بىلەن مەبلەغ سېلىپ، ھەر بىر مۇقامغا بىردىن ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، ئەرەبچە ۋە ئىنگلىزچە تۆت خىل تىلدا نوتىلاشتۇرۇپ ئىشلەپ دۇنياغا تارقاتقان 12 توملۇق پىلاستىنكىلىق زامانىۋى مۇزىكا قامۇسىنىڭ تەركىبىدە بۇ غەزەللەر يەر شارىنىڭ تۈركىيلەر جۇملىدىن ئۇيغۇرلار بارلىكى بۇرجىكىدە جاراڭلىماقتا. ھازىر ‹‹جۇڭگو ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتى›› نەۋايى ئەسەرلىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى تولۇق تومىنى مەتىن فاكسىمىلى ۋە تىرانسكرىپسىيەسى بىلەن قوشۇپ نەشر قىلىشنى پىلانلىدى. دېمەك ئەلىشىر نەۋايى قېرىنداش ئۆزبېك خەلقىنىڭ قانچىلىك سۆيۈملۈك شائىرى بولسا، تارىختىن بويلاپ جۇڭگونىڭ باي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئۇتۇقلىرىنى مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىگە تارقىتىپ، باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ جەمئىيەت ۋە تىل ـ ئەدەبىيات تەرەققىياتى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇپ كەلگەن خۇسۇسەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەدەنىيەت بايراقدارى بولغان بىز ئۇيغۇرلارنىڭمۇ شۇنداق ئۇلۇغ شائىرىمىز، بۇ ھەقتە ھەممىگە ئېنىق پاكىتلار بار، ئەمما مەنىۋى چاڭقاقلىقىمىزنى قاندۇرۇشتا نەۋايى خەزىنىسى سۇيىنى مەڭگۈ ئىچىپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان بىر دېڭىزدۇركى، خەلقلىرىمىز ئۇنىڭدىن قانغۇچە بەھرىمەن بولۇشقا ھەقلىق، ــ دېگەن ئۇرغۇلۇق جۈملىلەر بىلەن سۆزۈمنى ئاخىرلاشتۇردۇم. يىنىمدىكى داملا پېشمىنى تارتىپ تۇرسىمۇ، ماڭا بېرىلگەن 10مىنۇتنىڭ ئىچىدە ئويلىغانلىرىمنى ئۆزبېكچە ـ ئۇيغۇرچە ئارىلاش ئەنە شۇنداق دەۋالغانلىقىمدىن ئىچىم بوشاپ، كۆڭلۈم يورۇدى. مەجلىسنىڭ كېيىنكى باسقۇچىدا ئۇستازلار ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەۋايى نېمىشقا ئۇيلەنمىگەن؟ قەبرىسى ھازىر ساقلانغانمۇ؟ تۇنجى شېئىرىنى قايسى تىلدا يازغان؟ ‹‹ دىۋان فانى›› نىڭ پارس ـ تاجىك تىلىدىكى ئەسىرى قانداق؟ دېگەندەك سوئاللىرىغا ئەستايىدىل جاۋاب بېرىشتى.

ئاخىردا مەكتەپ مۇدىرى‹‹نەۋۋەتتە يىغىنىمىزنىڭ

يېڭى كۆنتەرتىپى بويىچە، توققۇزىنچى سىنىپ تەلەبىسى مۇنىسە بىزگە نەۋايىدىن بىر ئاشۇلە(ناخشا) ئورۇنلاپ بېرىدۇ›› دەپ ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەن ھەشەمەتلىك، چوڭ زالنىڭ كۆڭۈلنىش يېقىدىن گۈلدۈراس ئالقىشلار ئىچىدە ئۈچ قىز سەھنىگە چىقىپ، نېمە ئۈچۈندۇ چەتتىكى ئىككىسى قايتىپ كېتىشتى. مەڭزىلىرى ھال سېرىق مۇنىسە گۈزەل ۋە سەبىي كۆرۈنەتتى. قىز نەۋايى بوۋىنىڭ ئەۋلادى سۆيۈپتىدە شائىرنىڭ مەشھۇر ‹‹قارا كۆزۈم››ناملىق غەزىلىگە ئىشلەنگەن ناخشىنى ئورۇنلىماقتا ئىدى:

قارا كۆزۈم، كەلۇ مەردۇملۇغ ئەمدى فەن قىلغىل،
كۆزۈم قارەسىدا مەردۇم كەبى ۋەتەن قىلغىل.
يۈزۈڭ گۈلىگە كۆڭۈل رەۋزەسىدىن ياسا گۈلشەن،
قەددىڭ نىھالىغە جان گۈلشەنىن چەمەن قىلغىل. . .
يۈزۈڭ ۋىسالىغە يەتسۈن دېسەڭ كۆڭۈللەرنى،
ساچىڭنى باشتىن ئاياغ ئىلە شكەن قىلغىل. . .
يۈزىدە تەرنى كۆرۈپ ئۆلسەم، ئەي رەفىق، مېنى،
گۈلاب ئىلە يۇيۇ گۈل بەرگىدىن كەفەن قىلغىل. . .

شۇنى تەكىتلەش ھاجەتكى، ئۆزبېكىستاندا نەشىر قىلىنغان ھەر خىل سەۋىيە ۋە دەرىجىدىكى ئادىمىيەت پەنلىرى، جۈملىدىن دەرسلىك كىتابلاردا ئەلىشىر نەۋايىنىڭ تەرجىمھالى، ئەسەرلىرى ۋە بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلار چوڭ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. يەنە داستانلىرىنىڭ ئاممىباب نەسرىي ئوقۇشلۇقلىرىمۇ ئىشلەنگەن. شۇڭا مەلۇم مەدەنىيەت سەۋىيەسىگە ئىگە كىشىلەر ئادەتتىكى نۇتۇقلىرىدىمۇ نەۋايىدىن شېيىر كەلتۈرۈپ سۆزلەشكە ئادەتلەنگەن. دېمەك ئۆزبېك خەلقى ئۇلۇغلارنى ھۆرمەتلەشنى، بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىززەت-غۇرۇرنى ساقلاشنى ۋە بۇنداق ئومۇملاشقان ئۇسۇل ئارقىلىق ئۆزىنى دۇنياغا تونۇتۇشنى بىلگەن. بۇنىڭ بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بىزنىڭ دەرسلىكلىرىمىزدە نەۋايىغا ئائىت مەزمۇنلار يوقنىڭ ئورنىدا. ھەتتا ئالىي مەكتەپنىڭ ئەدەبىيات كەسپىدىكى ئوقۇغۇچىلارمۇ تەمتىرىمەي تۇرۇپ شائىرنىڭ بىرنەچچە ئاساسلىق ئەسەرلىرىنىڭ نامىنى ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ. دەرس ئۆتۈش جەريانىدا بۇ بىز كۆپ يولۇقىدىغان ئەمەلىيەت. ‹‹قارا كۆزۈم›› غەزىلىنى ئوقۇغۇچى تۇرماق، بىزدە خېلى كۆپ داڭلىق شائىر ۋە ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرىنىڭمۇ بىلىشى ناتايىن! كۆنىمىزدە بۇ خىل يامان يۈزلىنىشنىڭ تېخىمۇ ئېغىرلىشىۋاتقانلىقى ھەممىمىزگە ئايان!

زالدا ناخشىغا تەڭكەش قىلىنىپ، رىتىملىك چاۋاك ساداسى ياڭرىماقتا ئىدى. چىرايلىق مۇنىسەنىڭ قويۇن ۋە ئېتەكلىرى گۈلگە تولدى. ئۆسكىلەڭ ماڭلايلىرى بىلەن دولىسىنى بېسىپ تۇرغان ئىككى ئۆرۈم چېچى شۇ تاپتا گۈل تۇتۇپ تۇرغان ھالىتى بىلەن قىزنى كىچىك پەرىشتەگە ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى. قىز مەجاز ياكى سۆز سەنئىتى ماھارىتى مىسلىسىز، ئاۋاز ئەگىتمىلىرى مۇرەككەپ، چۈشەنمەك قىيىن بۇ غەزەلنى ئۆزبېك مۇقاملىرىغا بەسلەنگەن شۇ ناملىق شېئىرنىڭ ئاھاڭىغا تەقلىد قىلىپ كۈيلىگەنىدى. غەزەلنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاخىرقى بېيىتلىرىنى ئوقۇغاندا، بىر خىل ئىچكى ئۆرتىنىشتىن بولسا كېرەك، مۇنىسەنىڭ ئاۋازى ئۈزۈلۈپ ۋە تىترەپ توختىدى. 10 مېتىردەك يىراقلىقتىن گۆدەك قىزنىڭ ئىككى مەڭزىدىن شام ئېرىگەندەكى كۆمۈش مەرۋايىتتەك نەملىكنىڭ بويۇنلىرىغىچە پارقىراپ سىرغىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. مۇنىسە كۆزلىرى ئۇچۇق ئەمائىدى... ئەقەللىيسى ئۇنىڭغا ئاتا-ئانىسىنىڭ تۇغۇل ئۆزىنىڭ چىرايىنى كۆرۈشمۇ نېسىپ بولمىغان. ئۇنىڭ ناخشا ئېيتقاندىكى مۇڭلۇق قىياپىتى زادىلا كۆز ئالدىمدىن كەتمىدى. تەڭرىدىن يورۇقلۇق ۋە مۆجىزە تىلەپ نەۋايىنىڭ‹‹قارا كۆزۈم›› گە مۇراجىئەت قىلغانلىقىنى ئۇزۇندىن كېيىن ھېس قىلدىم. نەۋايى نېمىدېگەن بەختلىك ئىنسان-ھە! بەش يۈز يىلدىن بېرى ئۇنىڭ نەزمىلىرى تىل، ئىرق ۋە مىللەت چېگراسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئىنسانىيەتنىڭ قەلبىدە ھېچ ئىجازەتسىز ھالدا ساياھەت قىلىپ يۈرمەكتە. دۇنيادا ياخشى، گۈزەل ۋە قىممەتلىك نەرسىلەرنى ھەممە ئادەمنىڭ مېنىڭ قىلىۋالغۇسى كېلىدۇ. شۇڭا كىشىلەر ئۇنى توختىماي تالاشسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھامان مەنسۇبىيتى بولىدۇ، تۈركىي ئەدىبلەرنىڭ ئىچىدە ئۇنى پىر-ئۇستاز تۇتمىغانلىرى يوق. ئەل ئىچىدىكى مەشرەپ-سامالار، غېرىبلار ھېكايىتى ۋە ياشلارنىڭ مۇھەببەت مەكتۇپلىرىنىڭ ھەممىسى ئەلىشىر نەۋايى ئەسەرلىرىسىز بولمىغان. مانا قارىماسىز، 21-ئەسىردىكى بىر ئاجىزە كۆڭۈل ئىنزھارى ۋە بارلىق دەرد-ئەستەكلىرى ئۈچۈن شائىرلار ھەم شېئىرلار ئىچىدىن ئەلىشىر نەۋايىنى ئەڭ مەقبۇل شائىر قىلىپ تاللىۋالغان. قىيقاس-چۇقانلىق زال بىر لەھزە جىمجىتلىقتىن كېيىن يەنە جانلىنىشقا باشلىدى. مۇنازىرىلىك ۋە تەسىرلىك سۆھبەتنى زورىغا ئاخىرلاشتۇرۇپ، تەلەبەلەر بىلەن قىزغىن كەيپىياتتا خوشلىشىپ سىرتقا چىقساق يامغۇر يېغىۋېتىپتۇ.

تاشكەنتنىڭ يامغۇرى كۈچلۈك ۋە ئۆتكۈنچى ئىدى. تەبىئەت گويا مەيۈس كۆڭلۈمگە غەمخانە

بولۇۋاتاتتى. ئۆزۈمنى گويا يامغۇر سىمفونىيەسى ئىچىدە زېمىنغا چۆكۈپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلماقتا ئىدىم. مەن بىر شېئىردىن تاشكەنتنىڭ سۈيى قىزلارنىڭ لېۋىدەك تاتلىق، دېگەن سەترلەرنى ئوقۇغان. دېمىسمۇ باشقا يۇرتتىن كەلگەنلەر تاشكەنتنىڭ سۈيىدىن سوۋغىلىق ئۈچۈن ئېلىپ كېتىشىدىكەن. شۇ تاپتا يامغۇر يۈز ۋە لەۋلىرىمنى سالقىن ۋە تاتلىق قىلىپ ئاقماقتا ئىدى. يىراقتىكى يامغۇرلۇق تۇماندا ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇنسەنى كۆنلۈك ئاستىغا ئېلىپ ھەسەل ھەربىلىرىدەك توپلاشقىنىچە ياتاقلىرىغا قايتىۋاتقانلىقىنى نېپىز پەردە ئارقىسىدىكىدەك خىرە-شىرە كۆرۈپ قالدىم.

مەنىلىك نەۋايىخانلىق سۆھبىتى مەندە نەچچە كۈنگىچە شېئىرىي ھالەت ھاسىل قىلغانىدى. قاراڭغۇلۇقنىڭ گۈزەللىكىدىن ئاي بەختلىك كۈلۈپ تۇرغان ئاخشاملارنىڭ بىرىدە، تۇنجۇققان ۋە ئۆمۈرلۈك ھۇنەرگە ئايلانمىغان ھەۋەسكارلىق تەپ جىلمىيىشقا باشلىدى-دە، قىزنىڭ كۆز ئالدىمدىكى غايىۋى ئوبرازىغا قاراپ لەۋلىرىم پىچىرلاشقا باشلىدى:

**تاشكەنتتە يامغۇر**

قىز تىترىمەكتە، يۈرىكى گۈلخان،
تاشكەنتتە يامغۇر.
يۇمران چاناقلاردىن ئاقماقتا پەۋەس،
دالا گۈللىرىنىڭ كۆزلىرىگە دۇر.
باھار غۇنچىلىرى سويلايدۇ لېكىن،
تاشكەنتتە يامغۇر.
كۆنلۈكسىمان سەۋسەن تۇماندا،
ئانار مەڭزلەرگە سەپمەكتە ھال نۇر!

نۇرەپشان كامالەكتە قەترىلەر بالقار،
تاشكەنتتە يامغۇر.
چېچەكلەر چايقىلار سەلكىن بىر كۈيدە،
ئېھتىمال بۇ ساماۋى ياغدۇ(ر).
ھەممىنىڭ قىسمىتىگە رەمزىئىي چاغدۇر،
تاشكەنتتە يامغۇر.
قاراڭغۇ كىرپىكلەرنىڭ تائىدەك يۈرەكى،
باھار ئەييامىدا داغدۇر.

نەرگىس گۈلگە ئايلاندى، ۋۇجۇدلىرى كۆز،
تاشكەنتتە يامغۇر.
دۇنيا بەدەل بولسۇن، ياشلىق يامغۇرغا،
قۇشتەك بىر جان كۆيۈك، نەپىسى ئاھدۇر.
قىز قۇمرىغا جور، چۈنكى بۇ تاشكەنت،
باھار گۈللىرى توزغىغان باغدۇر!

بۈگۈن ئەلىشىر نەۋايى ھەققىدىكى ھەممە ئەزگۈ سادالارغا ھەمنەپەس بولۇشۇم، ئۆزبېكلەرنىڭ پەخرىيە تۇيغۇسىدىن قۇۋۋەتلىنىشىم، ئۆزبېك زىيالىيلىرىنىڭ بۆشۈكى شۇنداقلا ئاللاھىم بەخت-پېشانەمگە ئاتا قىلغان بۇ مەشھۇر ئالىيگاھتىكى تېخىمۇ چوڭراق ئىلمىي مەجلىسنىڭ شاھىتى بولۇشۇم كېرەك ئىدى. ۋاقىت ئىنتايىن تېز ئۆتمەكتە. شۇڭا يۈگۈرۈپ يۈرۈپ دېگەندەك سائەت ئىككىلەردە ئونىۋېرسىتېتنىڭ مەدەنىيەت زالىغا كىردىم. بۇ چاغدا يامغۇر پەسلەپ كامالەك(ھەسەن-ھۈسەن)ئالەمنىڭ كۆنچىقىش تەرىپىدە ئىككى قۇتۇپنى تۇتاشتۇرغۇچى ئالتۇن كەمەردەك يەتتە خىل رەڭدە جۇلالىنىپ تۇراتتى. زال بىردەمدىلا مەن بۇرۇن ئاڭلىغان ياكى ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ، كۆرۈشنى ئارزۇ قىلغان ئۆزبېك ئەدەبىياتىنىڭ ئاۋانگارت ئەدىبلىرى بىلەن تولۇشقا باشلىدى. ئەمدى ئولتۇرۇپ تۇرۇشۇمغا ھاسىلىق ۋە ئايالى قولتۇقىدىن يۆلىگىنىچە «ئۇلۇغبەگ خەزىنىسى»رومانىنىڭ ئاپتورى ئادىل ياقۇپوف ئاكا كىرىپ كەلدى. مەن بۇنىڭدىن سەل بۇرۇن ھەشەمەتلىك «خەلقلەر دوستلۇقى» سارىيىدا ئۆتكۈزۈلگەن يازغۇچىنىڭ «80 ياشلىق ئۆمۈر نەزرىسى»دە ئەدىبنىڭ ئالدىغا تەزىمگە بېرىپ، جۇڭگودىن كەلگەن ئۇيغۇرلۇقىمنى، 80-يىللاردا ئۇستازىم ئارسلان ئابدۇللا«ئۇلۇغبەگ خەزىنىسى»نى ئۇيغۇرچىلاشتۇرغاندا قول يازمىنى ئاقا كۆچۈرۈشكە قاتناشقانلىقىمنى، مۇشۇ دەقىقىدە ئۇستازىمنىڭ خاكىپايىغا قوللىرىمدىن يېتىلەپ كەلگەن تەقدىرىي ئەزەلگە مىڭ شۈكرانىلەر ئېيتىدىغانلىقىمنى بىلدۈرۈپ كۆرۈشكىنىمدە، ئەدەبىي مەردانىلىقىدىن ئۇزاق ياشىغان يازغۇچى ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ھەققىم ئۈچۈن دۇئا قىلغانىدى. ھازىر ئەدىب قارىماققا ئوت كەتكەن توغراقتەك قۇرۇپ-قاغجىراپ كەتكەندەك كۆرۈنگىنى بىلەن سەل ياشاڭغىراپ تۇرغان مېھرىبان قوي كۆزلىرىدىن ھاياتقا بولغان مۇھەببەت ئۇچقۇنلىرى تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ياۋروپاچە كۆركەم لايىھەلەنگەن زالدىكى شىمالدىن جەنۇبقا بويلىتىپ، تۆت ئەتراپى تولدۇرۇپ قويۇلغان ئېلىپپىسىمان ئۇستەل كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە ئادەملەر بىلەن لىق تولدى. قىياش قارشىمدا زامانىۋى ئۆزبېك مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ سەركەردىلىرىدىن، ئاتاخان نەۋايىشۇناس ئالىم ئەزىز قەييۇموف (دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيەمدىكى ئاساسلىق ھىمايىچىم)نىڭ زالدا پەس ئاۋازدا ياڭراۋاتقان نەۋايىنىڭ «مۇناجات»

(كەلمىدى)، « 18 ياش ھەيرەتلىرى»، «بولمىسا ئىشق ئىككى جاھان بولمىسۇن»، «دوستلار، ئالەم ئىشغا يارۇھەمدەم بولمىغىز» ۋە«جۇنۇن ۋادىسىدا»غەزەللىرىگە مەستۇ مۇستەغرەق بولۇپ، كۆزلىرىنى يۇمغانچە يەڭگىل تەۋرىنىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردۇم. ئۇنىڭغا قاراپ مەشھۇر شائىر تىيىپجان ئېلىيىفنىڭ بىر شېئىردا «كىشى شېھىت كېتەر مۇقام ئاڭلىغانچە يۇمسا كۆزنى»دېگەن مىسراسى ئېسىمگە كەلدى. كەلگەن چوڭ ياشلىقلارغا نەچچە قېتىم ئورۇن بوشىتىپ بەردىم. لېكىن بۇ مەن ئۈچۈن كەتسە كەلمەيدىغان مۇھىم يىغىلىش ئىدى. گەرچە مەن بىرئاز قورۇنۇپ تۇرۇۋاتقان بولساممۇ، شۇ تاپتا تەق-تۇرقىمىزغا قاراپ بىزنى ئۆزبېك-ئۇيغۇر، دەپ ئايرىشقا ھېچقانداق سەۋەب يوق ئىدى. كېيىن مەن بۇ نۇقتىنى نامەنگەن، قوقان، سەمەرقەند ۋە بۇخارالارغا قىلغان زىيارىتىمدە تېخىمۇ ئېنىق ھېس قىلدىم. چۆل-بوستانلىقلىرىمىز، ئۆسۈملۈك-ھايۋاناتىمىز، ئەركەك-ئاياللىرىمىز ئوپمۇ ئوخشاش. نانلىرىمىزنىڭ ئاي، كۆنگە ۋە يۇزلىرىمىزگە ئوخشايدىغانلىقىچۇ تېخى... ئۇلار ئومۇمىيەتچىل، بىر-بىرىگە ياردەم قىلىدۇ. يول قويىدۇ، مېھماننى مۇساپىر دەپ چوڭ كۆرىدۇ. سۆزنىڭ قۇدرىتىگە تېۋىنىدۇ. گۈزەل ۋە مەنىلىك سۆزلەر بىلەن دىلىڭنى يورۇتىدۇ. ئۆزبېك زىيالىيلىرى تېخىمۇ شۇنداق! مەسىلەن، مەن تاشكەنتتە تۇرغان ئۈچ يىلغا يېقىن ۋاقىتتا دۆلەتلىك يادرولۇق ژۇرناللار ۋە ئادەتتىكى مەتبۇئاتلاردا بولۇپ جەمئىي ئون پارچىدەك ماقالە ئېلان قىلدىم. بىر كۈنى ئۇنىۋېرسىتېتتا خىيالەن كېتىۋاتسام مەن ئانچە تونۇشمىغان داڭلىق بىر پىروفېسسور ئالدىمنى توسۇپ: «تۇرسۇنباي، سىزنىڭ ماقالىلىرىڭىز چىققان بەزى ژۇرناللاردا مەنمۇ ماقالە ئېلان قىلىپ باقمىغان. تېزرەك ۋەتەنىڭىزگە قايتىڭ! بولمىسا ئۆزبېكىستاننى زابىت (ئىگىلەش) قىلار ئىكەنسىز!»دەپ كېتىپ قالدى. ئەمەلىيەتتە بۇ كىشى چىرايلىق سۆز ۋە چاقچاق ئارقىلىق مېنى ئاۋۇندۇردى، ماڭا ئىلھام بەردى. قايتىپ كېلىپ ئۆزۈن ئۆتمەي فاكۇلتېتتا ماقالە تىزىملايدىغان رەسمىيەتچىلىكلەر بىلەن چەت ئەلدە ئېلان قىلغان ئاشۇ ماقالىلەر ھەققىدە گەپ قىلىشىدىم، بىز بىر يەردە ئىشلەيدىغان ئوخشاش پىروفېسسوردىن بىرى: «كۆتەر ئۇنداق پاق-پاق ماقالىلىرىڭنى!» دېدى. لېكىن مەزكۇر مۇئەللىممۇ مېنى يېقىن چاغلاپ شۇنداق دېدى. ئەمما ئۇنىڭ چاقچىقى كۆڭلۈمنى غەش قىلدى. «روناق تاپقان ئەل بىر-بىرىنى باتۇرۇم

دەر!»دەپتىكەن. دېمەك ئاشۇنداق مۇھىتتا ئۇلارغا ئۆزلىشىپمۇ قالغان ئىدىم. شۇڭا ئۆزۈمدىكى ئارتۇقچە قورۇنۇشنى قايرىپ قويۇپ، قىسىلىپ بېرىپ ئالدىدىكىرەك بىر ئورۇندا ئولتۇردۇم. سائەت ئىككى يېرىملار بولاي دېگەندە زالغا «خەلق شائىرى»، ئۆزبېكىستان يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، دۆلەت ۋە جامائەت ئەربابى ئابدۇللا ئارىپوف كىرىپ كەلدى. مىللىي ئۇنىۋېرسىتېت ئۆزبېكىستاننىڭ مەدەنىيەت بۆشۈكى بولغاچقا چوڭراق ئىلمىي پائالىيەتلەر مۇشۇ يەردە ئۆتكۈزۈلىدىكەن. جۈملىدىن ئەركىن ۋاھىدوف، ئابدۇللا ئارىپوف ۋە ئەزىز قەييۇموفقا ئوخشاش بۈگۈنكى ئۆزبېك ئەدەبىياتىنىڭ ئالدىنقى ۋەكىللىرى مەزكۇر ئالىيگاھ فىلولوگىيە فاكۇلتېتىنىڭ ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 60-يىللىرىدىكى ئوقۇغۇچىلىرى ئىكەن. مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش ئەنئەنىسى بويىچە ئۇلار ھەر مەۋسۇمدا نەچچە كېلىپ ئوقۇغۇچىلارغا لېكسىيە سۆزلەيدىكەن. شېئىرىيەت ۋە ئەدەبىياتشۇناسلىق دەرسلىرىنى كۆپرەك يازغۇچى، شائىرلار ئۆتىدىكەن. شۇڭا بۈگۈنكى ئەلىشىر نەۋائىي تۇغۇلغان تەۋەللۇت توي مەجلىسى ئادەم بىلەن لىق تولغان بولۇپ، سورۇندا نەۋائىيشۇناس ئالىملار، مۇئەللىملەر، ئەدىبلەر، خەلق سەنئەتكارلىرىدىن باشقا ئىستۇدېنتلارمۇ كۆپ ئىدى. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، مىللىي ئۇسلۇبتا چىرايلىق زىننەتلەنگەن بۇ زالنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىككىنچى دەرسخانىسى دېيىشكە بولاتتى، يىغىن رەئىسى، ئۆزبېك فىلولوگىيەسى فاكۇلتېتىنىڭ رەھبىرى نۇرباي جابباروف «ئوتتۇرا ئەسىر تۈركىي ئەدەبىياتىنىڭ پىر-ئۇستازى، ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، مەشھۇر شائىر، كاتتا دۆلەت ئەربابى، ھەزرەت ئەلىشىر نەۋائىي بوۋىمىز تۇغۇلغانلىقىنىڭ566 يىللىقىغا بېغىشلانغان ئەدەبىي مەجلىسىمىز ھازىر باشلاندى. نۆۋەتتە سۆز«ئۆزبېكىستان قەھرىمانى»ئۇستاز ئابدۇللا ئارىپوف ئاكىغا»دەپ ئېلان قىلغاندىن كېيىن زالدا قىزغىن چاۋاك ئاۋازى ياڭرىدى.

— ئەسلىدە تارىختا ئەلىشىر نەۋائىي تۇغۇلغان بۈگۈنكى كۈن بىز ئۆزبېك مىللىتىنىڭ يېڭى يىلىمىز بولۇشى كېرەك، —دەپ گەپ باشلىدى ناتىق شائىر،— 1930-يىللاردا موسكۋادا ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق نارەسمىي قەلەمكەشلەر سۆھبىتىدە شۇ چاغدىكى پۈتۈن ئىتتىپاق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى ئۆزبېكىستان ۋەكىللىرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ‹سىلەر ئەلىشىر نەۋائىي يۇرتىدىن كەلدىڭلار› دەپ سۆزلىگىنى ئۈچۈن، نەۋائىي بىزنىڭ بولۇپ قالغان. مەن نەۋائىينى تۈركىي

خەلقلەرنىڭ ياكى ئۆزبېكلەرنىڭ ئۇلۇغ شائىرى بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئىنسانىيەتكە ئورتاق يۈكسەك بەدىئىي تەپەككۇر گۆھەرلىرىنى مىراس قالدۇرغانلىقى ئۈچۈن ھۆرمەتلەيمەن ۋە ياخشى كۆرىمەن. شائىر ئەسەرلىرىنى ھەقىقىي چۈشەنگەن كىشى ئۇنىڭدىن زادىلا ئايرىلالمايدۇ. ئىنسانىيەت ئالەمگە چىققىنى بىلەن نەۋايى ئەسەرلىرىنىڭ چوققىسىنى تېخىچە بويسۇندۇرالىغىنى يوق.

ئا. ئارىپوف زىلۋا بوي، تاقىرباش، قىرغىز بەشەر ئەمما ئىنتايىن ئۆتكۈر نەزەرلىك شائىر ئىكەن، ھازىرغىچە رۇس ۋە ئۆزبېك تىللىرىدا 30 دىن ئارتۇق شېئىرلار توپلىمى نەشىر قىلىنىپتۇ. مەرھۇم شائىر تېيىپجان ئېلىيېف ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرى نەشرگە تەييارلىغان «ئابدۇللا ئارىپوف شېئىرلىرىدىن تاللانما» دىكى شېئىرلار ئاددىي ۋە قىسقا ھەجىمدە ئالەمچە نەزمىي ھېكمەتنى ئىپادىلەپ بېرىشكە قادىر بولغانلىقىدەك گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى بىلەن ھازىرغىچە سۆيۈپ ئوقۇلماقتا. توپلامدىكى «سەن باھارنى سېغىنمىدىڭمۇ؟» قاتارلىق شېئىرلار ئۆزبېكىستاندا خەلق ناخشىسىغا ئايلىنىپ كەتكەن. يەنە ئۇ ئاممىتىلىك شائىر بولۇپ، تەقدىر ئۇنى مۇستەقىل ئۆزبېكىستان رېسپۇبلىكىسى دۆلەت شېئىرىنىڭ ئاپتورى بولۇشتەك مەڭگۈلۈك شان ـ شەرەپكە مۇيەسسەر قىلغان. ئىلمىي رەھبىرىم نۇرباي جابباروف ئارىپوفنىڭ شاگىرت مۇخلىسلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، نۇرباي بىلەن ئارىپوف ھەققىدىكى سۆھبىتىمىزنىڭ بىرىدە، ئۇنىڭ «تۇرسۇن ئاغا، شۇنداق بىر ھېكمەت باركى 1441 ـ يىلى ئەتىيازدا نەۋايى تۇغۇلغان بولسا، 1941 ـ يىلى ئابدۇللا ئارىپوف دۇنياغا كەلگەن. بۇ ساننىڭ باشقا ئادەم ئۈچۈن ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولماسلىقى مۇمكىن، لېكىن ئابدۇللا ئاكاغا نىسبەتەن ئېيتقاندا بۇ ئىنتايىن تەبىئىي بىر تاسادىپىيلىق. ئارىدىن توپتوغرا 500 يىل ئۆتكەندىن كېيىنكى شۇ يىلى تۇغۇلۇش ئارىپوفنىڭ ئەزەل قىسمىتىگە پۈتۈلگەن. ھەقىقىي شائىر نەچچە يۈز يىلدا بىر قېتىم كېلىدۇ، دېگىنى شۇ بولسا كېرەك. مانا بۇ ئۆزبېك ئەدەبىياتىنىڭ ئامىتى!» دېگەنلىكى زادىلا ئېسىمدىن كەتمەيدۇ.

ـــ شەرق رىۋايەتلىرىدە ئېيتىلىشىچە، ـــ دەپ سۆزىنى ۋەزمىن ۋە تەمكىن داۋاملاشتۇردى شائىر، ـــ يۇرەك ئەسلىدە بىر قۇش بولۇپ شائىرنىڭ كۆكسىدىن ئىبارەت بۇ قەپەستە «ناۋا» قىلىپ تۇرىدىكەن. ئۇ بوغۇلۇپ ۋە نالە ـ پەرياد قىلىپ كۈنۈ تۈن ئۆزىنى شائىرنىڭ كۆكسىگە ئۇرۇپ، قەپەسنى چېقىپ تاشلاپ ئۇچۇپ كەتمەكنى ئىستەيدىكەن. لېكىن شائىر بۇ خىل شېرىن ئازابقا بەرداشلىق بېرىپ ئۇنىڭ ئەركىگە يول قويمايدىكەن. ئەنە شۇنداق ئۇمۇرلۈك كۆرەشتە ئاخىر شائىر «فانى» بولۇپ، تەقدىرگە تەن بېرىدىكەن. قۇش شائىرنى داغدا قالدۇرۇپ، كۆككە پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇپ كېتىدىكەن. مانا بۇ شائىرلاردىكى جۇملىدىن نەۋايىدىكى پەرىشتىلىك روھ. چۈنكى دىنىي ئەقىدىلەرگە كۆرە، پەرىشتىلەرنىڭ دىنىمۇ، مىللىتىمۇ، تىلىمۇ بولمايدىكەن. ئۇ ھەممىگە ئورتاق. دېمەك نەۋايى ئىنسانىيەتنىڭ شائىرى. بىر دانىشمەننىڭ «سۆزنىڭ تومۇرلىرىدا قان ئاقسا، يۈرىكى ئۇرۇپ، كۆزى كۆرۈپ تۇرسا ۋە قولىقى ئاڭلىسا ـــ سۆز تىرىكتۇر» دېگىنىدەك، نەۋايى ھەزرەت قەلبىدىن ئىنچىكە، قىلچىتىن ئىنچىكە سۆز سەنئىتىدە تىرىكتۇر. كلاسسىكلار شېئىرىي مەنە، بەدىئىيات ۋە مەنتىق ئىلمىدە كۆپ ئىزدەنگەن. ئۇلاردا بىز كېيىنكى زامان ئەدىبلىرى ۋە ياش شائىرلار ئىبرەت ھەم ئۆزلۈك ئالىدىغان تەرەپلەر كۆپ. مەسىلەن، نەۋايىنىڭ شېئىرخانلىق سۆھبەتلىرىدىن مۇنداق بىر ھېكايە تارقالغان:

ـــ بىر كۈنى قاتتىق يامغۇر يېغىۋاتقاندا، ئەلىشىر نەۋايى يولدا كېتىۋاتسا، ئۇنىڭغا لۇتفىي ئۇچراپتۇ. ئۇلار سۆزلىشىپ مېڭىۋېتىپ، «مەلىكۇل كەلام» نەۋايىنىڭ دىققىتىنى يامغۇر تامچىلىرىنىڭ بىر ـ بىرىگە ئۇلىنىپ سېزىلەرلىك دەرىجىدە رىشتە ھاسىل قىلىۋاتقانلىقىغا قارىتىپتۇ. بۇ نەۋايىغا خىراۋ دېھلەۋىنىڭ بىر بېيتىنى ئەسلىتىپتۇ. شېئىردا، يامغۇر يېغىۋاتقاندا، بىر گۈزەل مەھبۇب پاتقاقتا تېيىلىپ كېتىپ، غايەت نازۇكلۇقىدىن يامغۇر يىپلىرىغا ئېسىلىپ ئورنىدىن تۇرغانلىقى تەسۋىرلەنگەن ئىكەن. قىزنىڭ مىسلىسىز گۈزەللىكى ۋە نازۇكلۇقىنى گويا بىر ماي بوياق رەسىمدەك ئىپادىلەپ بەرگۈچى بۇ تۇرمۇش مەنزىرىسى ئاجايىپ شېئىرىي مۇھىت ياراتقانلىقى بىلەن لۇتفىيغا ياققاندەك نەۋايىدىمۇ ئايرىلىق تۇيغۇسى قوزغىتىپتۇ. نەچچە كۈن ئۆتۈپ نەۋايى ھۆسەيىن بايقارانىڭ ھوزۇرىدىكى شېئىرىي سۆھبەتتە پادىشاھنىڭمۇ ھوزۇرلىنىشى ئۈچۈن دېھلەۋىنىڭ ئاشۇ بېيتىنى ئوقۇپ ماختاپتۇ. ئەمما يوقىرى بەدىئىي دىتقا ئىگە ھۆسەيىن بايقارا شېئىردىن لەززەتلىنىشنىڭ ئەكسىنچە ئۇنىڭ نۇقسانىنى كۆرسىتىپتۇ: يامغۇر تامچىلىرى تۆۋەنگە قاراپ چۈشىدۇ، دېمەك بۇ «يامغۇر رىشتىسى» پەسكە قاراپ ھەرىكەت قىلىدۇ، دېگەن گەپ. بۇنداق بولغاندا

يىقىلغان گۈزەلنىڭ يامغۇر يېغىپ ئېسىلىپ ئورنىدىن تۇرۇشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر بۇ يەردە:

زەئىفدىن كۆلبەمدە قوپماق ئىستەسەم ئەيلەر مەدەد،
ئەنكە بۇتي رىشتە ئاسقان بولسا تورۇسلار تېمىغا.

يەنى كۆلبەمدە شۇ قەدەر زەئىپلىشىپ كەتكەنمەنكى، تورۇستىكى ئۆمۈچۈك تورىغا ئېسىلىپ ئاران دېگەندە ئورنۇمدىن تۇردۇم، دېگەن بولسا شېئىرىي پىكىر مەنتىققە ئۇيغۇن ۋە تېخىمۇ گۈزەل بولاتتى، دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن سۆھبەتكە قاتناشقان نەۋايى قاتارلىق ئەدىبلەر شاھ شائىرنىڭ ئورۇنلۇق مۇلاھىزىسىگە قايىل بولۇپتۇ ۋە ئۇنىڭ ھەققىگە دۇئا قىلىپتۇ.

ئارقىدىن «ئۆزبېكىستان قەھرىمانى»، خەلق شائىرى، دۆلەت ۋە جامائەت ئەربابى ئەركىن ۋاھىدوف سۆزگە چىقتى. ئالدىنقى يىلى مەن ئۆزبېك مىللىي ئاكادېمىك دراما تىياتىرىدا بولۇپ ئۆتكەن شائىرنىڭ 70 ياشقا تولغانلىق ئىجادىيەت كېچىلىكىگە قاتناشقان. ئەركىن ۋاھىدوف بۈگۈنكى زامانىۋى ئۆزبېك شېئىرىيىتىدە كىلاسسىك غەزەلچىلىكنىڭ نادىر ئۈلگىسىنى ياراتقان شائىر:

سەير قىلماقنى ئىستىسەم مەن غەزەل بوستانىدا،
نە بار ساڭا دەپ كۆلمىگىز مىر ئەلىشىر قاشىدا...
ئەھلى شېئىر بەلكى كىتابىم نەزمى ئىشق دەپ ئاچادۇر،
ياق كىتابىم سۆيگۈنىڭ دىۋانىغا دېباچەدۇر...

«ياشلىق دىۋانى» ئۇنىڭ داڭلىق توپلىمى بولۇپ، ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 70-يىللىرىدا ياشلارنىڭ قويۇن ۋە ياستۇق دەپتىرىگە ئايلانغان. شائىرنىڭ «روھلار ئىسيانى» داستانى بىز ئۇيغۇر كىتابخانلىرى ئارىسىدا كۈچلۈك ئەكس سادا قوزغىغان. ئە. ۋاھىدوف يۈكسەك ۋەتەنپەرلىك روھىدىكى «ئۆزبېكىم» غەزىلى ئۈچۈن 25يىل دەرد تارتقان. كېيىن بۇ شېئىرغا پۈتۈن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى دائىرىسىدە شۆھرەت قازانغان ئۆزبېكىستان خەلق سەنئەتكارى شېرئەلى جۆرەيېف ئاھاڭ ئىشلەپ زور ماھارەت بىلەن ئورۇنلىغان ۋە خەلق ناخشىسىغا ئايلاندۇرغان. شائىرنىڭ ئەينى دەۋردىكى شېئىرلىرىدا ھەسرەتلىك قەلبىنىڭ ئىسيانكارلىق ساداسى بار. ئۇ ئۆزىنىڭ «قىسمەت» ناملىق شېئىرىدا مۇنداق يازغان:

تاتلىق بولساڭ يالاپ ئادا قىلىدۇ،
ئاچچىق بولساڭ تالاپ ئادا قىلىدۇ.
يۈرىكىڭدە ئاتەش بولسا بىئامان،
ئۆز ئوتۇڭدا قالاپ ئادا قىلىدۇ.

— بۈيۈك نەۋايىنىڭ يېنىق ئىشقىي غەزەللىرى، — دەپ پەسرەك ئاۋازدا ھاياجان بىلەن سۆز باشلىدى ئەركىن ۋاھىدوف، — دىۋاندىن-دىۋانغا كۆچۈرۈلۈپ، ئېغىزدىن-ئېغىزغا تارقاپ ۋە كىتاب بەتلىرىگە پارچىلار پۈتۈلۈپ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن. ياشلىقىمىزدا يادلىغانىمىز، سۆيگۈ مەكتۇپلىرىغا قوشۇپ پۈتكەنمىز. قۇياش پۈتكۈل زېمىننىڭ ئىچكى قىسمىدا ئۇيغىنىش ھاسىل قىلغاندەك نەۋايى ئەسەرلىرى ئەدەبىياتىمىزنىڭ تۆۋرۈكى سۈپىتىدە بىزلەر ئۈچۈن روھىي ئوزۇق بولۇپ كەلدى. خەلقىمىزنى ئاقارتتى. نەچچە يىلنىڭ ئالدىدىكى بىر سەپەر پۇرسىتىدە بىر نەچچە دېھقان يىگىت بىلەن پاراڭلاشقىنىمدا ئۇلار: «ئەركىن ئاكا، كاتتا شائىرسىز! ھەتتا ‹فائۇست›نى ئۆزبېكچىگە تەرجىمە قىلغانسىز. نېمە ئۈچۈن ‹نەۋايى›نى تەرجىمە قىلمايسىز؟» دەپ سوئال قويۇشتى. بۇ مەن ئەزەلدىن ئويلاپ باقمىغان ئىشكەن. شۇڭا ھەيران بولۇپ: «تىلىمىزنى تىلىمىزغا ئاغدۇرۇشنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بار؟» دەپ جاۋاب بەردىم. كېيىن نەۋايى ئەسەرلىرىنىڭ ئاممىباب نۇسخىلىرى كۆپلەپ نەشر قىلىندى، بۇمۇ بولىدىغان ئىشكەن. لېكىن بۇنداقتا ئەسەر ئاددىيلىشىپ، گۈزەللىكىنى يوقىتىدۇ. قىزىلگۈل ئۆزىنىڭ بەرگى، شاخ، تىكەن ۋە غوللىرى بىلەن گۈزەل! ھازىرقى شېئىر ئىجادىيىتىمىزدىكى ئەڭ چوڭ ئىللەت پىكرىي يالىڭاچلىق، ئاددىيلىق ۋە گۈزەل نەزمىي مۇھىتنىڭ بولماسلىقى. بۇ شەرق شېئىرىيىتىدە كىلاسسىك شائىرلار بۇرۇندىن ئېتىبار بېرىپ كەلگەن مەسىلە. مەن نەۋايىنىڭ تۇغۇلغان خاتىرىسى يىغىنىدا گەپىنى ئۇزارتماي، بۇ ھەقتە بىر مىسال كەلتۈرۈش بىلەن كۇپايىلىنىاي:

شەرقتە ئادالەتلىكلىكى ۋە راستچىللىقى بىلەن نام چىقارغان پادىشاھ نوشىرۋان ئادىل بىر كۈنى مەملىكەت شائىرلىرىنى يىغىپ:

— ئەي، شائىرلار، مەندەك ئادىل شاھ زامانىدا راستچىللىق ھۆكۈم سۈرۈپ، يالغانغا جاي قالمىغان بىر دەۋردە، سىلەرنىڭ ئويدۇرما، ھەقىقەتتىن يىراق سۆزلەرنى شېئىر قىلىپ يازغىنىڭلار نېمىسى! يارنىڭ كىرپىكىدىن ئوق ئېتىلسا، ئاشىقنىڭ يۈرىكى يارىلىنىدىغان، مەي جامىدىن جاھان كۆرۈنىدىغان ئىش قايسى مەنتىقىدە بار؟ بۈگۈندىن باشلاپ بۇنداق يالغان گەپلەرنى قويۇپ، كىشىلەر ئىشەنگۈدەك راست ئىشلارنى شېئىر قىلىپ يېزىڭلار، — دەپتۇ.

ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتۈپ شاھ يەنە شائىرلارنى چاقىرتىپتۇ ۋە ئەڭ مەشھۇر شائىردىن بىرىگە شېئىر

ئوقۇشنى ئېيتىپتۇ. شائىر مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا چىقىپ:

مەشھەتتە سەھەردە تاڭ ئېتىشى راست،
ھەلەفتە كەچقۇرۇن كۈن پېتىشى راست.
ئەدان بازىرىدا دان سېتىشى راست،
دەمەشقتە خەلق تۈنىدە داڭ چېلىشى راست.

دېگەن شېئىرنى ئوقۇپتۇ ۋە ‹‹پادىشاھى ئالەم، مانا بۇ سىزنىڭ تاپشۇرۇقىڭىز بويىچە يېزىلغان راست شېئىر›› دەپ ئەسكەرتىپتۇ. شۇ چاغدا نوشىرۋان ئادىل ئۆز خاتالىقىنى تونۇپ يېتىپتۇ-دە، مۇنداق دەپتۇ:

— ئەي، شائىرلار، ئەمدى سىلەرنىڭ ئىشىڭلارغا ئارىلاشمايمەن. ئەگەر راست شېئىر شۇنداق بولىدىغان بولسا، بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز راست يازماڭلار، ئۆزۈڭلار بىلگەن يالغاننى يېزىۋېرىڭلار.

بۇ ۋەقە سەۋەبلىك شەرق خەلقلىرى ئىچىدە ‹‹شائىر سۆزى يالغاندۇر›› دېگەن ماقال تارقىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ماقالنى فۇزۇلى بىر غەزىلىدە تولىمۇ گۈزەل ۋە ئوبرازلىق تەرىزدە مۇنداق ئىپادىلەپتۇ:

ئەگەر دېسە، فۇزۇلى گۈزەللەردە ۋاپا بار،
ئالدانمىكى، شائىر سۆزى ئەلۋەتتە يالغاندۇر.

ئەزىز مېھمانلار. يەنە قاراڭكى، ناۋايى ۋە خەلقتىن ئېلىنغان مونۇ بېيىتلار نەقەدەر دىلبەر، ئۇنىڭ مەجازىي ۋاستىلىرى ۋە سۆز سەنئىتى ماھارىتى نېمىدېگەن مىسلىسىز! شېئىرىي تەسىرات نەپەستىن يۈرەككە، يۈرەكتىن روھقا، روھتىن كۆڭۈل سىرىغا، كۆڭۈل سىرىدىن مەنە-ماھىيەتكە ئۆتىدىغان روھىي مەستخۇشلۇق! ئۇ لەززەتتىن كۆزلەر يۇمۇلغاندىكى مەنىۋى ھالەت! نوشىرۋان ئادىل ئاڭلىغان شېئىر بىلەن تۆۋەندىكى مىسرالار خۇددى توز بىلەن تاشپاقىدەك قانداق كۈچلۈك سېلىشتۇرما-ھە، — دەپ سۆزىنى ئاخىرلاشتۇردى شائىر ئەركىن ۋاھىدوف.

ئارەزىن يايقاچ، كۆزۈمدىن ساچىلۇر ھەر لەھزە ياش،
بويلەكىم، پەيدا بولۇر يۇلتۇز، نىھان بولغاچ قۇياش...
يۈرقىنىڭدىن زەفىرەن ئۆززە تۆكەرمەن لالەلەر،
لالەلەر ئېرمەسكى، باغرىمدىن ئۆتەر پەرگاللەر...
بالا دەشتى ئارا مەجنۇن مېنىڭدەك كۆرمەمىش دەۋران،
قۇيۇندەك ھەر زامان بىر كۆرمىگەن ۋادىيدا سەرگەردان...
يارنى كەپتۇ دېسە، يۈگۈرەپ چىقاي باشىم بىلەن،
يار يۈرگەن كوچىلارنى سۈپۈرەي ياشىم بىلەن...

كېيىن ئەندىجان، پەرغانە، سەمەرقەند بۇخارا ۋە خارەزمدىن كەلگەن ئالىملار ناۋايىنىڭ ھاياتى، ئىجادىيىتى ۋە پەزىلىتىگە دائىر مەنىلىك، كونكرېت تەرەپلەر ھەققىدە بىر شىڭگىلدىن ئېغىزاكى نۇتۇق بايان قىلىشتى. ئۇلار ئىلمىي مەجلىسلەردە ماقالە ئوقۇماي كۆپرەك شۇئىنساننىڭ پېئىل-پەزىلىتى ۋە ئۇمۇمىيەتچىللىكى ھەققىدە ئەركىن سۆزلىشىدىكەن. مەن ئەنجۈمەننىڭ تەنەپپۇس ۋاقتىدا باشقىلاردىن نەجمىددىن كاملوف بىلەن پىرىمقۇل قادىروفنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرغانلىقىمنى ئاڭلاپ قۇلاقلىرىمغا ئىشەنمەي قالدىم. نەجمىددىن ئاكا ئۆزبېكىستاننىڭ داڭلىق ئىجتىمائىي پەن ئالىمى بولۇپ، دوكتورلۇق ئىشىم جەريانىدا ئۇنىڭ‹‹تەسەۋۋۇپ›› ۋە نەۋايى ھەققىدىكى‹‹خىزىر چەشمىسى›› ئەسەرلىرىنى كۆرگەنىدىم. بۇ كىشىنى ئىلمىي رەھبەر قىلىپ تاللىغان ماگىستىرلارنىڭ ئېغىزىدىن: ‹‹نەجمىددىن داملا پەزىلەتتە پەرىشتە، ئىلمىدا ئىسمى جىسمىغا لايىق‹كامىل›ئىنسان›› دېگەن تەرىپلەشلىرىنى كۆپ قېتىم ئاڭلىغان. ئۇ سۆز نۆۋىتى كەلگەندە بۈيۈك نەۋايى ھەققىدىكى قاراشلىرىنى:‹‹رۇس ئالىملىرىدىن ژىرمۇنىسكىي ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 60-يىللىرىدا‹نەۋايى ۋە ئەدەبىي ئويغىنىش›دېگەن ئەسىرىنى يېزىپ ئوتتۇرا ئاسىيادىمۇ خۇددى ياۋروپادىكىگە ئوخشاش ئويغىنىش دەۋرىنىڭ بولغانلىق تەلىماتىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسا، كونراد پەرھاتنى‹ئىنسانىيەتنىڭ ئىدېئالى›سۈپىتىدە تەسۋىرلىگەن. دېمەك تۈركىي خەلقلەر گىرېك، ئەنئەنىۋى شەرق ۋە ئىسلام مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك تەرەققىيات ئۆركىشى قوشۇلۇپ ۋە جەۋھەرلىنىپ ئەلىشىر نەۋايىنى شۇنداقلا، نەۋايىنى بايراق قىلغان شەرق ئويغىنىشىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بىز تېخى شائىر ياراتقان ئۇلۇغ بىر دەريانىڭ ساھىلىدا ئايلىنىپ يۈرۈۋاتىمىز›› دەپ خۇلاسىلىدى. نەجمىددىن كاملوف مۇھەممەت سىددىق زەلىلى ھەققىدىكى دىسسېرتاتسىيەمنىڭ سىرتتىن تەكلىپ قىلىنغان مۇتەخەسسىسى بولغاچقا كېيىن مەن پىرىزىدېنت نامىدىكى دۆلەت ۋە دېموكراتىك جەمئىيەت قۇرۇش ئاكادېمىيەسىگە بېرىپ ئالىم بىلەن نەچچە مەرتە دىدارى مالاقەتتە بولدۇم. سۆھبەت قىزغىن داۋام قىلىۋاتاتتى. يىغىندىن خاتىرە قالدۇرۇش مەقسىتىدە قارىماققا سۆزلىگۈچىلەرگە دىققەت قىلىۋاتقاندەك قىلسامۇ ئەمەلىيەتتە ئوتلۇق بىر خىيال مېنى باغرىغا باسماقتا ئىدى... قول كۆتۈرۈپ‹‹مەن جۇڭگودىن يەنى نەۋايىنىڭ ئۆزلۈكى ۋە مىللىي كىملىكىنى ئىپادىلىگەن غايىۋى قەھرىمانى پەرھاتنىڭ ۋەتىنىدىن كەلگەن ئۇيغۇرمەن. نەجمىددىن ئاكا بەكمۇ ھەققانىي گەپ قىلدى. ئەلىشىر نەۋايى ياراتقان دەريا دەل شائىر ياشىغان15-ئەسىردىن ئەمەس بەلكى ئۇزاق ئەسىرلىك

مەنبەلەردىن شەكىللەنگەن. ئۇنىڭ باش ئېقىن ۋە غايىۋى يىلتىزلىرى يىراق قەدىمكى بۇلاقلار. دېمەك ھاياتىي بۇلاقلاردىن چۇرۇق-چۇرۇق كىچىك ئېرىقلار، ئېرىقلاردىن جۇشقۇن جىرالار، تەرەپ - تەرەپتىن كەلگەن جىرا سۇلىرىدىن شاۋقۇنلۇق غول ئېقىنلار، خۇددى تاغقا تاغ قوشۇلغاندەك ھەيۋەتلىك ئېقىنلارنىڭ ھەر ياقتىن قوشۇلۇشى بىلەن نەۋايىنىڭ چەكسىز ئەزىم دەرياسى شەكىللەنگەن. سىلەرنىڭ نەۋايىنى ياخشى كۆرىدىغىنىڭلارنى بىلىمىز، ئەمما بىز ئۇيغۇرلارمۇ نەۋايىنىڭ مۇھىم ھەقداسى! دوستويېۋسكىي ‹ھەقىقەت رۇسىيەدىنمۇ ئۇلۇغ› دەپ ئېيتقاندەك 20 مىليون خەلقنىڭ ئارزۇسى مىرزا ھەيدەرنىڭ تارىخىي خاتىرىسىدىن ئۇلۇغمۇ؟شۇنداق ئىكەن نەۋايىشۇناسلىقتا شائىر مىراسلىرىنىڭ تۈركمەن، ئەزەربەيجان، قىرغىز ۋە قازاق ئەدەبىياتىغا تەسىرىنى كۆرسىتىپ، شائىرنىڭ مۇھىم ھەقداسى بولغان بىز ئۇيغۇرلارنى بىر چەتكە قايرىپ قويغىنىڭلارئادىللىق بولمايلا قالماستىن، بەلكى بۇ تەتقىقاتىڭلاردىكى ئىلمىي پوزىتسىيەنىڭ ئېنىقسىزلىكىنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ. ئۇيغۇرلار تارىختا ھەر تەرەپتىن كەلگەن پىكىر ئېقىملىرىنى ئۆز مەدەنىيەت خامىندا تاسقاپ ۋە چەشكە ئايلاندۇرۇپ ئۇنى ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىياغا تارقىتىشتا مەنىۋى بازارلىق رول ئوينىغان. باشقا تۈركىيلەر ئوتتۇرا ئەسىرئىلار ھەققىدە سۆزلىگەندە ئۇيغۇرلارنى ئەگىپ ئۆتەلمەيسىلەر! شۇڭا سىلەر نەۋايىشۇناسلىقتا تار ئايرىمچىلىق مەيكۈرىسىدىن ئازاد بولۇپ، قەلبى-كۆكسۈڭلەرنى كەڭراق قىلغىنىڭلار ياخشى!››دېيىشنى ئويلىدىم. تەلەپ قىلسام ئۇلار سۆزلەش پۇرسىتىمۇ بېرەتتى. بىراق بۇ پىكىر ئىلھامى قانداق شىددەتلىنىپ كەلگەن بولسا، ئۇنىڭدىن شۇنچىلىك تېزلىكتە يالتايدىم. چۈنكى ئۇلاردا ھەممە كىشى نەۋايىنى ياخشى كۆرىدۇ. 15-ئەسىردىكى خۇراساندا پارسچە يازمىغان كىشى شائىر ئاتالمىغاندەك سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدىكى ئۆزبېكىستاندا نەۋايى ھەققىدە كىتاب يازمىغان كىشى زىيالىي ھېسابلانمىغان. پۈتۈن بىر جەمئىيەتتىكى فىلولوگىيە تەتقىقاتىنىڭ 5/3 قىسمى نەۋايىغا بېغىشلانغان، دېسەكمۇ مۇبالىغە بولمايدۇ. شائىرنى دۇنياغا تونۇتۇشتا ئۆزبېك خەلقىنىڭ رولى چوڭ. مەملىكەتنىڭ ھەممە يېرىدە شائىرنىڭ نامىنى ئەبەدىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن قويۇلغان جاي ۋە قۇرۇلمىلارنى ئۇچرىتىش مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە نەۋايىشۇناسلار بۇ قېتىمقى چەكلىك يىغىندا سۆزلەش ئارزۇسىدا دۆلەتنىڭ چەت يەرلىرىدىن كەلگەن. شۇڭا مەندەك بىر ‹‹مېھمان›› ئۇلارنىڭمۇ ھېسسىياتىنى چۈشىنىشىم، ھەققى-ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىشىم، ئۇلارغا كۆپرەك يول قويۇشۇم كېرەك، دېگەنلەرنى ئويلاپ يەتتىم-دە، جىم تەرىپىمدە ئولتۇرغان يازغۇچى پىرىمقۇل قادىر ئاكىغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن:

— ئۇستاز، مەن ئۈرۈمچىدىكى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن كەلگەن، ھازىر ئۆزبېكىستان مىللىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەتقىقاتچىسىمەن. ئەسەرلىرىڭىز ئارقىلىق ئۆتكەن ئەسىرنىڭ90-يىللىرىدىن باشلاپ ئۇيغۇر خەلقىگە تونۇشلۇق سۆيۈملۈك يازغۇچىسىز. رومانلىرىڭىزنى ئوقۇپ، دىدارىڭىزنى كۆرۈشنى خىيالىي ئارزۇ قىلغانىمەن، شۇ تاپتا بېشىم ئاسمانغا تاقاشقۇدەك بولۇۋاتىدۇ، —دېدىم.

پاكار بويىغا ئېغىر كېلىدىغاندەك يوغان بېشى، ئۆسكىلەڭ، توم قارا قاشلىرى ئاستىدىكى مۇشۇكياپىلاقنىڭكىدەك چوڭقۇر ۋە ئۆتكۈر كۆكۈچ كۆزلىرى قەدىمكى ھۇن ئىرقىنىڭ تىپ ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، 80ياشلارنىڭ بوسۇغىسىغا قەدەم قويغان بۇ كىشىنى قەتئىي ۋە سەل سۈرلۈك كۆرسىتىپ تۇرسىمۇ، لېكىن تېز پەسلەۋاتقان ئۆمۈر قۇياشى ئۇنىڭ چىرايىدىن باغرى يۇمشاقلىق ۋە تولىمۇ رايىشلىقنى نامايان قىلىپ تۇراتتى.

— ئۇيغۇر تىلىدا قايسى ئەسەرلىرىم نەشر قىلىنغان؟

— ‹‹يۇلتۇزلۇق تۈنلەر››، ‹‹ھومەييۇن››، ‹‹ئەكبەر››، سىزنى ئۇيغۇر خەلقى ئۆز يازغۇچىسىدەك ياخشى كۆرىدۇ، بولۇپمۇ بابۇر ھەققىدىكى رومانىڭىز بىزدە كۆپ قېتىم نەشر قىلىنغان. بۈگۈنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرىدىغان ئېسىل ئەسەرلەر بار، ھالبۇكى بىرەر پارچە ئۇيغۇرچە ئەسەرنىڭ ئۆزبېكچە نەشر قىلىنمىغانلىقىدىن كۆڭلۈم بەكمۇ يېرىم. ۋەتىنىمگە قايتقاندا دوستلىرىمغا نېمە دېيىشنى بىلمەيۋاتىمەن. دېمەك بىز سىلەرگە قېرىنداشلىق ۋە دۇنياۋى نۇقتىدىن قاراپ كەلدۇق، —كېيىن پىرىمقۇل قادىر ئۆزىنىڭ مەخسۇس ئۇيغۇر تىلىدا بولىدىغان ئاممىۋى تارقىتىش ۋاسىتىلىرى ھەققىدىكى سوئالىغا بەرگەن جاۋابىمدىن ئۈمىدۋار بولغاندەك‹‹زور، جۇدە زور››(ناھايىتى ياخشى!) دەپ دوپپىلىق يوغان باشلىرىنى لىڭشىتقىنىچە كۇلۇمسىرەپرەك سەل توختىۋالغاندىن كېيىن تەبئىي رىتىمدا پاراڭ تېمىسىنى يۆتكىدى:

— تۇرسۇنباي، ئوغلۇم، سىز تاشكەنتتىكى ئۇيغۇر ئالىملىرى بىلەن كۆپ مۇلاقەتتە بولغانسىز-ھە، —

يازغۇچى ماڭا سوئال نەزىرى بىلەن بېقىپراق جاۋابىمنى كۈتمەستىن سېغىنىشلىق قەدىمىي بىر ھېكايىنى بايان قىلىشقا تۇتۇنغان كىشىدەك سۆزلەپ كېتىۋەردى، ــ ھازىر ئۆزبېكىستاندا 50 مىڭ ئەتراپىدا ئۇيغۇر بار. ئۇلار ئاساسلىقى تاشكەنت ۋىلايىتىنىڭ پىچاقچى، ئاخۇنبابايېۋ، چىلانزار، ئاھاڭگىران، قويلۇق ۋە سىرگىلى رايونلىرىدا تارقاق ياشايدۇ. بۇلاردىن نۇرغۇن ئالىملار، جەڭچىلەر، سەنئەتكارلار ۋە ئەمگەك قەھرىمانلىرى چىققان. ئالدىنقى بولساق، مۇرات ھەمرايېۋ 28 يېشىدا سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ مۇخبىر ئەزاسى بولغان، چوڭ ـ كىچىك 100گە يېقىن كىتابنىڭ يازغۇچىسى، تۈزگۈچىسى، تەرجىمانى ۋە تەھرىرى ئىدى. ئۇ تىرىكلىكىدە پەۋقۇلئاددە ئەقىل ـ زاكاۋىتى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى داڭلىق ئالىملار قاتارىدا تونۇلدى. مۇھەممەد زەيدى ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»ۋە «قۇتادغۇبىلىك»نى تەتقىق قىلدى. ئۇنىڭ ئۆيىدە بۇ ئىككى شاھانە ئەسەر ھەققىدە بىر ئادەمنىڭ ئۆمرىگە يېتىپ ئاشقۇدەك قول يازما بار، دەپ ئاڭلىدىم. ئەپسۇس بۇ مۆھتەرەم كىشى ۋەتىنىدىن يىنىپ چىققىنىغا مىڭ پۇشايمان قىلىپ، يىغلاپ ئۆلۈپ كەتتى! ئاسىم باقى، روزى قادىر ۋە ئوسمان مەمەتاخۇنوفلار بىلەن بىز داۋاملىق ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان. بۇلاردىن ھېبىبۇللا زەيىنىددىن بىلەن مەتياقۇپ قوشجانوف لارنىڭ شەجەرىسى سىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمىلىكلىكلارنى ئەسلىتىدۇ. ھېبىبۇللالار ئىسسىق كۆل ئۇيغۇرلىرىدىن بولسا، مەتياقۇپلار جەمەتى خارەزم ئۇيغۇرلىرىدىن ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى چىڭگىزخانغا ئەسكەر بولۇپ ئوتتۇرا ئاسىيا يەرلىرىگە كەلگەن. مەتياقۇپ قوشجانوف داڭلىق ئەدەبىياتشۇناس ئالىم ۋە تەنقىدچى بولۇپ، ئۇ ھاياتىدا دوكتور، ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ ئەزاسى، ئۆزبېكىستاندا خىزمەت كۆرسەتكەن پەن ئەربابى ۋە ھەمزە نامىدىكى دۆلەت مۇكاپاتىنىڭ ساھىبى قاتارلىق شەرەپلەرگە ئېرىشكەن. مەتياقۇپ 1918 ـ يىلى تۈركمەنىستاندا تۇغۇلغان. ئۇلارنىڭ ئەجدادى يۈزلىگەن ئۇيغۇر پۇشتى قاتارىدا چىڭگىز باسقۇنچىلىرىغا يانتاياق بولۇپ، خارەزمشاھلارنى يوقىتىشقا قاتناشقان. نەتىجىدە چىڭگىزخان ئاشۇ ئۇيغۇرلارنىڭ جەڭدىكى باتۇرلۇقىنى تارتۇقلاش ئۈچۈن خارەزمدىن بىر قىشلاقنى ئۇلارغا سۇيۇرغال قىلىپ بۆلۈپ بەرگەن. كېيىن پەلەك چاقى ئايلىنىپ خىۋە خانلىقلىرى كۆچىيگەندە خارەزم ئۇيغۇرلىرىنى تارىخىي دۈشمەن ھېسابلاپ ئۇلارغا يۈز يىللار مۇبايىنىدە ئارامچىلىق بەرمىگەن. تەقدىر شاماللىرى بىلەن نائىلاج تۇرپاندىن خارەزمگىچە بېرىپ قالغان بۇ بىچارە ئۇيغۇرلار ئۇ يەردىمۇ تۇرالماي تەرەپ ـ تەرەپكە سەرگەردان بولۇپ كېتىشكەن. دېمەك مەتياقۇپلار جەمەتى يەنە بىر زامانلار ئۆتۈپ قوشنا تۈركمەنىستاننىڭ تاشھاۋۇز ۋىلايىتىدىن ئىككىنچى ۋەتىنى خارەزمگە كۆچۈپ كەلگەن ئىكەن. بىزدە بۇ سىرنى بىلىدىغانلار ئانچە كۆپ ئەمەس، بىلىسمۇ ئاشكارا دېمەيدۇ، ئەمما بۇ دېگەن تارىخ! مۇمكىن بولغاندا سىز خانادان( ئۆيى)نىغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ روھىغا دۇئا قىلىڭ!ــ دېگىنىدە مېنى بىر خىل تەنھالىق جىمجىتلىقى باسقانىدى. شۇ تاپتا پىرىمقۇل ئاكا بىلەن ئەنبەر ئاپىنىڭ ئەسلىمىسى قوشۇلۇپ، جاپاكەش خەلقىمىزنىڭ قىسمەتكە باي مىڭلارچە يىللىق كەچمىش ـ كەچۈرمىشلىرى ئېرىقتىكى سۇ ۋە ئۇنىڭ يۈزىدىكى نەقشلەردەك كۆز ئوڭۇمدا ئاقماقتا ئىدى. مانا ئەمدى خېلىدىن بېرى ئويۇمدا شەكىللەنگەن«خارەزملىقلار بىلەن بىزنىڭ بەزى ئورپ ـ ئادەتلىرىمىز نېمە ئۈچۈن بۇنچە ئوخشاش؟»دېگەن سوئال ئۆز يېشىمىنى تاپقان ئىدى. يازغۇچىنىڭ ھىدايەت، سائادەت، سەممىيلىك ۋە ئەقىل ـ پاراسەت چاقناپ تۇرغان نىگاھ ھەم مەڭز نۇرلىرى كۆز قارىچۇقۇم بەلكى يۈرىكىمگە مۆھۈر بولۇپ ئويۇلغانىدى. ئۇنىڭ شېرىن زوۋانى ۋە ھېكمەتلىك سۆھبىتى بىلەن گويا ئىلمىي مەركىنى ئۇنتۇپ كەتكەندەكلا ئىدىم. توساتتىن بىر ئۆسمۈرنىڭ مۇسىقىچىلەرنىڭ تەڭكەش قىلىشىدا ئابدۇللا ئارىپوفنىڭ «ئەلشىرنىڭ ئانىسى»شېئىرنى ياڭراق ۋە تەسىرلىك ئوقۇشى بىلەن پارىڭىمىز ئۈزۈلدى. دېكلاماتسىيە شېئىرنىڭ:

مەيلىغۇ ئۇ كىم بولسۇن،
يالغۇز بىر سۆز مەناسى.
ئەلشىرنىڭ ئانىسى ئۇ،
ناۋايىنىڭ ئانىسى...

دېگەن بېيىتلىرىغا كەلگەندە، بالىنىڭ ئۈنى ئانىنىڭ باغرىغا بۆلەنگەندەك ئاستا ـ ئاستا پەسلەشكە باشلىدى. مۇزىكىنىڭ ئەۋجى لەرزانلاشماقتا ئىدى. كۈي گويا مېنىڭ روھىي ھالىتىمگە جور بولۇۋاتقاندەك قىلاتتى. مىكروفوندىن ياڭرىغان ئۇرغۇلۇق، مەنتىقلىق ۋە مەنىدار بىر ئاۋاز بىلەن تەڭ زالدىكى ھاياجانلىق ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ پەسەيدى.

ــ بىزنىڭ يۈرىكىمىز نەۋايىنىڭ كۆكسىدە سوققان، ئۇلۇغ شائىرنىڭ روھى خەلقىمىزنى يۈلىگەن، ــ دېگەن

جۈملىلەر بىلەن تەڭ ھەممىنىڭ دىققىتى بىر نۇقتىغا تىكىلگەندى.

مۇنبەردە ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ ئاكادېمىكى، ئۆزبېكىستاندا خىزمەت كۆرسەتكەن پەن ئەربابى ئەزىز قەييۇموف سۆزلىمەكتە ئىدى. بادام گۇللۈك قارا دوخاۋا دوپپىسىنى ئوڭغا قىيسايتىپراق كىيىۋالىدىغان، باشقىلارنىڭ ئوتتۇرىدىن ھەمىشە ئىككى كۆزلىرى يۇمۇلۇپ قالغۇچە ھوزۇرلىنىپ كۈلىدىغان بۇ مەردانە نەۋايىشۇناس قوقانلىق مەشھۇر ئالىم پولاتجان داموللانىڭ ئوغلى ئىدى. ئەزىز قەييۇموف ‹‹خەمسە›› دىكى ھەر بىر داستاننىڭ يېزىلىش جەريانى ئامىبابلاشتۇرۇلۇپ ھېكايە قىلىنغان ئەدەبىي كىتابلىرى جۈملىسىدىن نەۋايىنىڭ ئىجادىي بىيوگرافىيەسىگە بېغىشلانغان ‹‹ئاجايىپ كىشىلەر ھاياتى››ئەسىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر كىتابخانلىرىغا تونۇش. ئۇ يەنە ‹‹نادىر سەھىپىلەر››، ‹‹قەدىمىيەت ئابىدىلىرى››قاتارلىق كۆپلىگەن بەدىئىي ۋە ئىلمىي ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۆزبېكىستاندىكى بىردىنبىر ئاتا ـ بالا «زەلىلىشۇناس» ئالىملار ئىكەن. مەلۇمكى زەلىلى 18 ـ ئەسىر ئەدەبىياتىمىزنىڭ نادىر ۋەكىلى بولۇپ، شائىرنىڭ شېئىرلىرى ئۆز دەۋرىدىن ئېتىبارەن پەرغانە ۋادىسىغا كەڭ تارقالغان. ئەزىز ئاكا نەشرگە تەييارلىغان ئاتىسى ـ پولاتجان داموللىنىڭ‹‹قوقان تارىخى ۋە قوقان ئەدەبىي مۇھىتى››، ‹‹تەزكىرەئى قەييۇمى›› قاتارلىق ئەسەرلەردە ئۆزبېكىستاندا تونجى بولۇپ، مۇھەممەت سىددىق زەلىلى ۋە ئۇنىڭ شېئىرلىرى توغرىسىدا مۇلاھىزىلىك تەتقىقات ئېلىپ بېرىلغان. مېنىڭ زەلىلى تېمىسىدىكى تەتقىقاتىم تامامىلىنىپ دىسسېرتاتسىيە ياقلاشنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرى ئىشلىنىۋاتقان2008 ـ يىلى ئىيۇن ئايلىرىنىڭ بېشىدىكى دائىملىق ئۇچرىشىشلارنىڭ بىرىدە، ئىلمىي رەھبىرىم نۇرباي جاببارنىڭ:‹‹تۇرسۇن ئاغا، ئامەتلىك ئىكەنسىز، ئەزىز پولاتوۋىچ ئۆزبېكىستاننىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر ئالىمى، ياشىنىپ قالغاچقا ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئاپاپېنتلىق قىلمىغان. زەلىلى ئۇ كىشى ئۈچۈن ئاتا مىراس مۇئەمما بولغاچقا سىزنىڭ ئىشىڭىز ئۈچۈن ئىلمىي ھىمايىچى بولۇشقا قوشۇلدى›› دېگىنىدە دوپپامنى ئاسمانغا ئاتقۇدەك بولغانىدىم. كېيىن ئالىم ئۆيى ۋە ئەلىشىر نەۋايى نامىدىكى ئەدەبىيات مۇزېيىدىكى ئىشخانىسىدا دىسسېرتاتسىيەمنىڭ دەسلەپكى نۇسخىسىنى كۆرۈپ قىممەتلىك تەكلىپلەرنى بەردى. ئاخىرىدا ‹‹شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى›› دا ئېلان قىلىنغان ‹‹تەزكىرەئى قەييۇمى›دا زەلىلى تەلقىنى›› ناملىق ماقالەمنى ژۇرنال بىلەن قوشۇپ سوۋغا قىلغىنىمدا، ژۇرنالنى دادىسىنىڭ قوقاندىكى ‹‹ئۆي مۇزېيى››غا ئەۋەتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ قەۋەتلا خۇشال بولغانىدى. كېيىن مەن ئۇنىڭ‹‹ يىراق چىندىن بىر مۇساپىر ئىلىم ئىزدەپ ۋەتىنىمىزگە كەلسە، ئۇنىڭ تەرىپىدە بىرنەچچە ئېغىز ھەققانىي پىكىر ئېيتىش مەسئۇلىيىتىمىز بار››دېگەن مەقسەتتە ماڭا ھىمايىچى بولغانلىقىنى ئاڭلىدىم. ھىمايە كۈنى ئۇ تەقرىزى (باھاسىدا) دە دەسلەپتە دىسسېرتاتسىيەمنىڭ كەمچىلىكلىرى ھەققىدە توختالغان، بولۇپمۇ ماقالەمدىكى بۈگۈنكى ئۆزبېك ئەدەبىياتشۇناسلىرىدىن كەلتۈرگەن نەقىللەرنى قاتتىق سۆكۈپ، كېيىن ‹‹دىسسېرتاتسىيەگە باشتىن ـ ئاياغ مۇشۇنداق باھا بېرىلسە، تۇرسۇن قۇربانغا بەكلا ئادالەتسىزلىك بولىدۇ، دىسسېرتاتسىيەدە ئۇنىڭ ياخشى ئىستېداد ئىگىسى ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىدىغان نۇرغۇن ئالاھىدىلىكلەر بار›› دەپ كۆرسەتكەنلىكى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ. قىسقىسى ئەزىز قەييۇموف كۆڭۈل نۇرەپشانلىقى يۈز ـ كۆزىدە نامايان، ئاسمان باغىر، ئومۇمىيەتچىل بولۇشتەك پەزىلەتلىرى بىلەن مەندە ئۆچمەس تەسىرات قالدۇردى.

شۇنداق قىلىپ ئىلمىي مەجلىس ئوتتۇرا نەزەرلىك ئەدەبىياتشۇناس ئىبراھىم ھەققۇل نۇتقىنىڭ... ئەمدى نەۋايىغا قايتىدىغان ۋاقتىمىز بولۇپ قالدى، دېگەن سۆزلىرى بىلەن تۈگەللەندى. يىغىن رەئىسى نەۋايى ئەسەرلىرىنىڭ ھەممە دەۋرنىڭ زۆرۈرىي مەسىلىلىرىگە جاۋاب بېرەلىشىدەك مەڭگۈلۈك قىممىتىنى تەكىتلەپ بۈگۈنكى ئەنجۇمەننىڭ خۇلاسىسى سۈپىتىدە ئۇنىۋېرسىتېت مۇزېيىنى زىيارەت قىلىشىمىزنى ئۇقتۇردى. گەرچە يىغىن نارەسمىيرەك ئېچىلغىنى بىلەن ئۇنىڭدا شائىر ھەققىدىكى ئەڭ سەممىي پىكىرلەر ئېيتىلدى. نەۋايىنىڭ بۇ يىللىق خاتىرىسىگە ئاتاپ شائىر ئىجادىدىكى ‹‹بوزلۇق››لارغا بېغىشلانغان بىر نەچچە پارچە ئىلمىي ئەسەر نەشر قىلىش قارارلاشتۇرۇلدى. بەزى نەشرىياتلار بۇنداق ئەسەرلەرنى ئەڭ تۆۋەن تەننەرختە چىقىرىشقا ۋەدە بەردى. مەن ئۇلارنىڭ چىرايىدىكى پەخرىيە تۇيغۇسىدىن بۇ كىشىلەرنىڭ نەۋايى ھەققىدە گەپلىشىۋالسا گويا دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل نېمەتتىن بەھرىلەنگەندەك راھەتلىنىپ ۋە ئەركىنلىشىپ كېتىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

مۇزېي مىللىي ئۇنىۋېرسىتېت كۇتۇپخانىسىنىڭ 2 ـ قەۋىتىگە جايلاشقان بولۇپ، ئۇنچە چوڭ ھەم

ھەشەمەتلىك ئەمەسلىككە قارىماي ئۇنىڭغا قىممەتلىك تارىخىي يادىكارلىقلار ئىلمىي ۋە كۆڭۈل قويۇپ تىزىلغانىدى. تاملارغا قاراخانىيلار قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى خانلىقلارنىڭ خەرىتىسى چاپلانغان، مۇزېينىڭ ئوتتۇرىسىغا ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىلىم - پەن قۇياشىنىڭ پارلاۋاتقانلىقىغا سىمۋول قىلىپ، ئۇلۇغبېك (1394 - 1449) نىڭ نۇر چېچىپ تۇرغان قۇياشنى كۆتۈرۈپ تۇرغان ھەيكىلى قويۇلغانىدى. بۇ چاغدا سائەت چۈشتىن كېيىن بەشتىن ئاشقان بولغاچقا، مەن بۇ كىچىك ھېكمەتخانىدىكى ھەممە يىغلىملارنى تەپسىلىي كۆرۈشكە ئۈلگۈرەلمەي، ئىچكىرى بۆلۈمچىدىكى كىشىلەر توپلىشىۋالغان ئەينەك ئىشكاپنىڭ ئالدىغا سىغدىلىپ كىردىم. كۆز ئالدىمدا باشقا ھۆججەتلەردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ھەشەمەتلىك بىر قول يازما تۇراتتى. خېلى كۆپ يىغىن ئەھلىنىڭ مەزكۇر قول يازمىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈشى بولسا كېرەك، رۇس ۋە ئىنگلىزلار ھەيرانلىق چىقىپ تۇرغان چىراي ئىپادىسى ۋە كۆك نۇر چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى ئارقىلىق قول يازمىنى ئىما - ئىشارە قىلىپ ئالقىشلىمەلىرنى دېيىشسە، ئۆزبېك ئالىملىرى ((جۇدە زور))، ((شۇنەقەسى ھەم بۇلار ئىكەن! )) دېيىشەتتى. مەن ئۇنىڭ قانداق كىتاب ئىكەنلىكىنى بىلىش نىيىتىدە رۇسچە ۋە ئۆزبېكچە يېزىلغان چۈشەندۈرۈشكە نەزەر ئاغدۇردۇم. قول يازما 19 - ئەسىردە كۆچۈرۈلگەن ((دىۋان نەۋايى)) بولۇپ، چوڭ - قېلىنلىقى، نەپىس ۋە قىممەتلىكلىكى بىلەن ئادەمنى تاڭ قالدۇراتتى. كىتابقا قارىغانسېرى ئۇ سۇ يۈزىدىكى مەيىن چەمبىرەكتەك يوغىناپ، ئۇنىڭ مەن يېقىندا شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ قول يازمىلار فوندىدا كۆرگەن تېخىمۇ بەھەيۋەت بىر قول يازما بىلەن روشەن سېلىشتۇرمىسى كۆز ئالدىمدا گەۋدىلەنمەكتە ئىدى. ئۇنىڭغا 1983 - يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان ((نەۋايى ئەسەرلىرى قول يازمىلىرىنىڭ تەۋسىفى)) دېگەن كىتابنىڭ 17 -، 28 -، 29 - ۋە 30 - بەتلىرىدە بېرىلگەن چۈشەندۈرۈش تۆۋەندىكىچە:

«ئۇشبۇ قول يازما ئەلىشىر نەۋايى كۈللىياتلىرىنىڭ 19 - ئەسىردە كۆچۈرۈلگەن مۆتىۋەر نۇسخىلىرىنىڭ بىرىدۇر... كۈللىيات نەۋايى ئەسەرلىرىنىڭ كۆپچىلىكىنى جەملىگەنلىكى ۋە ھەجىم جەھەتتىن چوڭلۇقى بىلەن شائىرنىڭ باشقا قول يازمىلىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ... كۈللىيات: 692 بەت، تېكىست ئۆلچىمى: 18×28، قول يازما ئۆلچىمى: 30×44 بولۇپ،... كۈللىيات 19 - ئەسىر كاشغەر ئۇسلۇبىغا خاس نەپىس نەئلىق خېتى بىلەن كۆچۈرۈلگەن... ھەر بىر ئەسەر باشلىنىشتىن بۇرۇن زەر ۋاراق قالدۇرۇلغان... بولۇپمۇ ((ئەربەئىن)) دىكى ھەدىسلەرنىڭ دائىرىسى ئالتۇن سۈيى بىلەن ھەللەنگەن. قول يازما كارتون مۇقاۋىلىق، كارتون مۇقاۋا يۈزىگە تامغا ۋە تامغىسىمان نەقىشلەر چۈشۈرۈلگەن. نۇسخىنى بەش يىل جەريانىدا يەنى 1240 - 1245 (1824 - 1830) - يىللاردا كاشغەر شەھرىدە ئابدۇرېھىم ئىبن مۇھەممەد فازىل كاشغەرىي كۆچۈرگەن... بۇ ھەقتە قول يازمىنىڭ بەش جايىدا تارىخ بېرىلگەن بولۇپ تۆتىنچى ۋە بەشىنچى تارىخ كىتابنىڭ 680 -، 692 - بېتىگە مۇنداق پۈتۈلگەن:

(. . . ئۇشبۇ مۇبارەك شەرىف نۇسخىنىڭ كۆچۈرۈلۈشى 1245 - يىلدا تۈگىدى...
ھەر كىم بۇ كىتابقا قارىسا
ئابدۇرېھىم كاشغەرىينىڭ خېتىنى كۆرىدۇ).»

ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئەبۇ رەيھان بېرۇنى نامىدىكى مەشھۇر شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا ساقلىنىۋاتقان قول يازمىلار ئاساسىدا (1952 - 1975) يىللاردا ئون توملۇق كىتابلار كاتولوگى ئىشلەنگەن بولۇپ، 1980 - يىلى 31 - دېكابىرغىچە بولغان مەلۇماتلارغا كۆرە، بۇلار ئىچىدە نەۋايى ئەسەرلىرى كىرگۈزۈلگەن 175 جىلد قول يازمىنىڭ بارلىقى ۋە بۇنىڭ تەركىبىدە شائىر 24 پارچە ئەسىرىنىڭ 254 نۇسخىسى كۆچۈرۈلگەنلىكى ئېنىقلانغان(يۇقىرىقى كىتاب، 4 - بەت). دېمەك ئابدۇرېھىم مۇھەممەد فازىل كاشغەرىي كۈللىياتى مەزكۇر فوند (يېڭى مەلۇماتلارغا قارىغاندا((قۇتادغۇ بىلىك))نىڭ قەشقەردە ئۇيغۇرچە كۆچۈرۈلگەن ئەسلىي بىر نۇسخىسىمۇ بۇ ئىنستىتۇتنىڭ نادىر كىتابلار بۆلۈمىدە ساقلىنىۋېتىپتۇ)قا جەمئىيلەنگەن نەچچە ئون مىڭ پارچە قول يازمىنىڭ جۈملىدىن مەن شۇ تاپتا ئۈستىدە ھەيران بولۇپ تۇرغان((دىۋان نەۋايى ))نىڭمۇ سەرخىلى ئىدى. بۇ تەۋەررۈك بايلىقنى ئۇستاز مىرسۇلتان ئوسمانوف ئېيتقانىدەك، 1958 - يىلى ئابدۇرېھىم فازىل كاشغەرىينىڭ ئەۋلادلىرى سوۋېتلىككە سېتىۋەتكەن. تېخىمۇ ئېنىقراقى تەتقىقاتچى ئابدۇشۇكۇر تۇردى 1990 - يىلى مەزكۇر فوندنىڭ سەييارە ئىلمىي پائالىيىتىدە ئۇشبۇ قول يازمىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تەتقىق قىلغان. بىر قېتىملىق شەخسىي سۆھبىتىمىزدە ئالىمنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشىچە، كۈللىيات مۇقاۋىسىدا 1960 - يىللىرى شىنجاڭدىن ئۆزبېكىستانغا كەتكەن زىيالىي ئاسىم باقىيېفنىڭ ئۇنى شەرقشۇناسلىق

ئىنستىتۇتىنىڭ قول يازمىلار بۆلۈمىگە 2000 رۇبلىغا ساتقانلىق ھەققىدىكى ئېنىق ئىمزاسى بار ئىكەن. قىسقىسى «كۇللىيات نەۋايى»نى كىتابەت ۋە نەشرىياتچىلىق تارىخىدىكى مۆجىزە دېيىشكە بولاتتى. شۇل دەقىقىلەردە تەسەۋۋۇرۇم قاناتلانماقتا، ھاياجانلانماقتا ئىدىم. ئەگەر سېھىرگەرلەردەك كارامەت كۆرسىتىپ، ھازىر ئىككى كىتابنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇپ قويالىغان بولسام ياكى بۇ ئادەملەر ھازىر شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنى زىيارەت قىلىۋاتقان بولسا قانداق ياخشى بولاتتى-ھە! ساغلام ھېسسىياتقا ئىگە ئادەم سۈپىتىدە شۇ تاپتا ئەجدادىمىدىن خىيالەن پەخىرلىنىپ، لەۋلىرىم «مەن قەشقەردىن كەلگەن» دېگەن سۆزنى ئەتراپتىكىلەر ئۇقۇپ قالغۇدەك دەرىجىدە پىچىرلىماقتا، بۇ ئەكس سادا كۆڭۈل قەپىسىمدە ياڭرىماقتا ئىدى...

گەرچە ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 90-يىللىرىدىن ئېتىبارەن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مەنىۋى بىساتلىرىمىزغا بولغان ئىگەمەنلىكىمىزدە چوڭقۇش ئالامەتلىرى كۆرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن مەزكۇر كۇللىياتقا ئوخشاش ئالتۇن مۆھرى ئېنىق ھۆججەتلىرىمىز يەنىلا جۇزئىي دائىرىدە مىللىي كەملىكىمىزنى نامايان قىلىپ تۇرماقتا. ۋاقىت بەك تېز ئۆتۈۋاتاتتى. شېرىن چۈشتىن چۆچۈپ ئويغانغاندەك شۇنداق بېشىمنى كۆتۈرسەم مۇزېيدا يالغۇز مەنلا قاپتىمەن، يامغۇردىن كېيىنكى گۈزەل تاشكەنت ئاخشىمى دېرىزىدىن روشەن كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى.

— ئاكە جۇدە ۋاخلىچە قالدىڭ، — دېدى، پەقەت مېنىلا ساقلاپ تۇرغان مۇزېي خادىمى.

— ئاكە، — دېدىم مەنمۇ ياندۇرۇپ، — «قۇرئان كەرىم»دە «بىلىم يىراق چىندا بولسىمۇ بېرىپ ئۆگىنىڭلار!» دەپ ئېيتىلغان. ئەكسىنچە مەن يىراق چىندىن گۈزەل ۋەتىنىڭىزگە بىلىم قىدىرىپ كەلگەن مۇساپىرمەن، ئىلتىماس، جىندەك تەخىر قىلىڭ.

ئۆزبېكلەر سۆزنى مەنىلىك ۋە شېرىن زۇۋان قىلىپ سۆزلەشكە ئادەتلەنگەن خەلق، سۆزنىڭ سېھرىي كۈچىگە ئىشىنىدىغان مىللەت! ئۇلار شېئىرنى «سۆز سەنئىتى» دەپ تەرىپلىشىدۇ، ئۇلاردا شېئىرنى پوئېتىك سەنئەت نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىش ئىلمىگە ئايلانغان. شۇڭا ئۆزبېكلەر بۈيۈك نەۋايىنى «سۆز گۆھەرشۇناسى»، «سەترلەر سىلسىلىسىدىكى سېھىرگەر» دەپ بىكارغا ئېيتمىغان. مەن سەمەرقەند ۋە بۇخارالاردىمۇ بەزى مۇقەددەس جايلارغا كىرەلمىسەم، ئاشۇ ھەدىس بىلەن چىندىكى قەشقەردىن كەلگەنلىكىمنى دېگىنىمدە، ئىسسىق

چىراي شەيخلەر «ئۇنداقتا، مەرھەمەت ئەزىز مېھمان» دەپ كىرگۈزۈشكەن. چىرايلىق نۇتقۇم كۈچ كۆرسەتكەن ۋە يېقىملىق ئاڭلانغان بولسا كېرەك، تاشكۆزئەينەكلىك چارباش مۇزېيچى شۇنىڭدىن كېيىن مەن بىلەن زادىلا كارى بولمايدىغاندەك قىلىپ، ئىشىك يېنىدىكى كونا سافادا مەھكەم ئولتۇرغىنىچە قېلىن، كونا كىتابنى ۋاراقلاشقا باشلىدى...

تاشكەنتتە ئۆتكەن گۈزەل ۋە ئەھمىيەتلىك بىر كۈنۈم ئەنە شۇنداق ئاخىرلاشتى. لېكىن كېچىچە بۈگۈنكى كۆرگەنلىرىمگە ئۆتكەن بىر ئەسىردە رۇسىيە ۋە ئۆزبېكىستاندا ئەلىشىر نەۋايى ھەققىدە قىلىنغان ئىشلار توغرىسىدىكى خىياللىرىم ئۇلىنىپ، گويا ياتىقىم دېرىزىسىگە ئېسىلىپ تۇرغان ئاي بىلەن ئۇيقۇدىن بىدار، ئۈنسىز مونولوگلاشماقتا ئىدىم...

دۇنيادىكى چوڭ مىللەتلەرنىڭ تەبىئەتنى بىلىشى، كېلەچەكنى ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە باشقىلارنى چۈشىنىشى بۇرۇنراق باشلانغان، ئۇلار تەجرىبە ۋە ئەقىلگە تايانغان. جۈملىدىن رۇسلارمۇ شۇنداق. رۇسلارنىڭ نەۋايى ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرى باشقا ياۋروپا ئالىملىرىغا ئوخشاش 19-ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا قولغا ئېلىنغان. I. N. بېرېزىننىڭ «تۈرك خرېستوماتىيەسى» ناملىق نوپۇزلۇق ئەمگىكى رۇسىيەدە تۇنجى قېتىم نەۋايى مىراسىدىن نەمۇنىلەر كىرگۈزۈلگەن مەشھۇر ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن رۇسلار نەۋايىنى ئىلمىي ساھەدە سىستېمىلىق تەتقىق قىلىشقا كىرىشكەن. رۇس ئالىمى M. نىكىتسكىي 1856-يىلى تۇنجى بولۇپ «ئەمىر نىزامىددىن ئەلىشىر، ئۇنىڭ دۆلەت ۋە ئەدەبىيات ساھەسىدىكى ئەھمىيىتى» ماۋزۇسىدىكى چوڭ ھەجىملىك ماگىستىرلىق دىسسېرتاتسىيەسىنى يېزىپ، شائىرنىڭ سىياسىي پائالىيىتى، مەدەنىيەت تۆھپىلىرى، شۇنداقلا تۈركىي تىل تەرەققىياتىغا قوشقان تۆھپىسىنى يۇقىرى باھالىغان. 1868-يىلىغا كەلگەندە رۇس شەرقشۇناسى ۋېلىيامىنوف-زېرنوف سانكت-پېتېربۇرگدا 16-ئەسىردىكى ئالايى بىننى مۇھبىي تۈزگەن «ئەل لۇغەت ئۇن-ناۋائىيات ۋەل-ئىستىشھادەت ئول-چىغاتائىيات» ناملىق لۇغەتنىڭ رۇسچە نەشرىنى يۈزگە چىقارغان. ئارقىدىنلا N. I. ئىلمىنىسكىي شائىرنىڭ «مۇھاكىمەتۇل-لۇغەتەين» ئەسىرىنى تېرەن ئىلمىي تەھلىل بىلەن رۇسچە نەشر قىلدۇرغان. گەرچە ئۆتكەن ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شورالار ئەدەبىياتشۇناسلىقىدا نەۋايى ئەدەبىي مىراسىغا نىسبەتەن بەزى ئىنكارچىلىق قاراشلار

ساقلىنىشتىن قەتئىينەزەر نەۋائىينىڭ بىيوگرافىيەسى، بەدىئىي ۋە ئىلمىي مىراسىغا ئالاقىدار خىزمەتلەر ئىشلىنىپ تۇرغان. 1926-يىلى ھىجرىيە ھېسابىدا شائىر تۇغۇلغانلىقىنىڭ 500 يىللىقى (845-1345) مۇناسىۋىتى بىلەن ئەزەربەيجاننىڭ پايتەختى باكۇدا «نەۋائىي» ماۋزۇسىدا ماقالىلەر توپلىمى نەشر قىلىنغان. B. B. بارتولد مەزكۇر كىتابتىكى خاتالىقلارنى تۈزىتىپ ۋە تولۇقلاپ 1928-يىلى «مىر ئەلىشىر» توپلىمىنى رۇس كىتابخانلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرگەن. مەزكۇر توپلامدىكى بارتولدنىڭ «مىر ئەلىشىر ۋە سىياسىي ھايات»، B. B. بېرتېلسنىڭ «نەۋائىي ۋە ئەتتار» ناملىق ماقالىلەر نوپۇزلۇق ئەسەرلەر بولۇپ، ئاۋۋالقىسىدا شائىرنىڭ ھاياتى ۋە دەۋرىگە ئائىت يېڭى مۇھاكىمىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسا، كېيىنكىسىدە بېرتېلس بارتولدنىمۇ ساغلام پوزىتسىيە بىلەن شائىر ئىجادىيىتىنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە سوفىزىم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىپ نەۋائىي دۇنيا قارىشى ھەم ئىجادىيىتىنى ئۆز دەۋرىگە قويۇپ تەتقىق قىلىشتەك ئىلمىي كەيپىياتقا يول ئاچقان.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ 1938-يىلى ئەلىشىر نەۋائىي تەۋەللۇتىنىڭ 500 يىللىقىنى 1941-يىلى ئۆتكۈزۈش توغرىسىدا قارار ماقۇللىشى نەۋائىيشۇناسلىق توغرىسىدىكى ئىشلارنىڭ يەنىمۇ چوڭقۇر ۋە ئومۇميۈزلۈك جانلىنىشىغا سەۋەب بولغان. گەرچە 1941-يىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ھۇدۇدىنىڭ 2-جاھان ئۇرۇشى جەڭگاھلىرىغا ئايلىنىشى سەۋەبىدىن بۇ ئىش كېچىكتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن كەسكىن ئۇرۇش مەزگىلىدە چىقىرىلغان بۇ مەردانە قارار ئۆزبېك-ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي ئىپتىخارىنى ئاشۇرۇپ، ئۇلارنىڭ كۈرەش ئىرادىسىنى كۈچەيتكەن. نەۋائىي تەتقىقاتى بىر ئۆزبېكىستاندىلا ئەمەس، بەلكى قامالدىكى لېنىنگرادتا I. A. ئوربېلى، I. Y. كراچكوۋسكىي، K. A. باراۋكوف، E. A. ياكۇبوۋسكىي، A. A. سېمېنوف، A. N. بولدىرېف، Ñ. A. كونونوف، B. B. پىيوتروۋسكىي، B. I. رودېنكو قاتارلىق ئالىملار تەرىپىدىن قىزغىن ئېلىپ بېرىلدى ۋە بۇ ئالىملارنىڭ «ئەلىشىر نەۋائىي» ناملىق ماقالىلەر توپلىمى 1946-يىلى لېنىنگرادتا نەشردىن چىقتى. 1948-يىلىنىڭ ماي ئېيىدا ئۇرۇش تەنتەنىسى ئىچىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئەلىشىر نەۋائىينىڭ 500 يىللىق تويى پۈتۈن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى مىقياسىدا نەۋائىيشۇناسلىق ئىلمىنىڭ شەكىللىنىش مۇقەددىمىسىنى ئاچقان. بۇ ۋاقىتتا ۋەكىل قىلىپ بېرتېلسنىڭ شائىرنىڭ «سەددىي ئىسكەندەرى» داستانى ئاساسىدىكى «ئالېكساندىرنىڭ مۇھەببىتى»، «نەۋائىي» ناملىق مەخسۇس ئەسەرلىرىنى؛ E. M. ماسساننىڭ «ھىراتنىڭ 15-ئەسىردىكى تارىخىي توپوگرافىيەسىگە دائىر» ناملىق رۇس تىلىدىكى مەخسۇس تەتقىقاتلارنى تىلغا ئېلىش مۇمكىن. 1968-يىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە تاشكەنت شەھىرىدە نەۋائىي تۇغۇلغانلىقىنىڭ 527 يىللىقى نىشانلاندى. دۇنيا تىنچلىق كېڭىشى مەزكۇر ئالەمشۇمۇل خاتىرىگە يوللىغان بېغىشلىمىسىدا «نەۋائىينىڭ يۈكسەك ئەخلاق-پەزىلىتى، ئۇلۇغۋار ئىدىيەسى ۋە ئىلھامبەخش ئەسەرلىرى ئىنسانىيەتنى تىنچلىق ۋە تەرەققىيات ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ» دەپ بېغىشلىما ئەۋەتتى. بۇنداق تارىخىي خاراكتېرلىك خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن شائىر بارلىق ئەسەرلىرىنىڭ رۇس تىلىدا 10 توملۇق قىلىپ نەشر قىلىنىشى ۋە رۇس تىلىدىكى 200 توملۇق مەشھۇر «جاھان ئەدەبىياتى» مەجمۇئەسىنىڭ بىر جىلدىنىڭ مەخسۇس نەۋائىي مىراسىغا بېغىشلىنىشى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ نەۋائىيشۇناسلىقنى دۇنياۋى ئىلىمگە ئايلاندۇرغانلىقى ۋە بۇ پەننىڭ گۈللەنگەن بىر دەۋرىنىڭ يەكۈنلەنگەنلىكىنى نامايان قىلغان.

ئۆزبېكىستاندا نەۋائىينى ئىلمىي ۋە ئاممىباب يوسۇندا ئۆگىنىش ئىشلىرى 2-دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ كەسكىن ۋاقىتلىرىدا جانلانغان. بۇ دەۋردە شائىرنىڭ دەۋرى، ھاياتى، ئىجادىيىتىنىڭ بىر پۈتۈن ۋە ئايرىم تەرەپلىرىنى تەكشۈرۈش ھەم ئاممىباپلاشتۇرۇشتا ئالىم شەرەپىدىنوف، مەقسۇت شەيخزادە، خەممەت ئالىمجان، غاپۇر غۇلام، توختاسىن جەلىلوف قاتارلىق ئالىملار جان پىدالىق كۆرسەتكەن بولسا سەدىردىن ئەينى، مۇسا تاشمۇھەممەت ئوغلى ئايبېك، ئۇيغۇن، ئابدۇراھمان سەئىدى ۋە ئىززەت سۇلتانلارنىڭ ئەمگەكلىرىمۇ گەۋدىلىك بولغان. يەنە غۇلام كەرىموف ۋە ۋاھىد ئابدۇللايېف كەبى ياش تالانتلار يېتىشكەن.

بۇ باسقۇچتا ۋەكىل قىلىپ خەممەت ئالىمجاننىڭ «ئەلىشىر نەۋائىي ھەققىدە»، «پەرھات-شېرىن»، «نەۋائىي ۋە خەلق»، «نەۋائىي ۋە زامانىمىز»، «نەۋائىي ئۆزبېك ئەدەبىي تىلىنىڭ ياراتقۇچىسى» قاتارلىق ماقالىلىرىنى؛ ئايبېكنىڭ شائىرنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرىنى تونجى شەرھلەپ يازغان «نەۋائىينىڭ دۇنياقارىشىغا دائىر» ناملىق ئەمگىكىنى، شەرىپىدىنوفنىڭ «ئەلىشىر نەۋائىي»، شەيخزادىنىڭ

«گېنىئال شائىر»لارنى سۆزلەش مۇمكىن. تەتقىقاتچىلار نەۋايىشۇناسلىق بويىچە ئوخشىمىغان نۇقتىدىن ئىزدىنىش ئېلىپ بارغان. تىلشۇناس ۋە يېزىقشۇناس مۇتەخەسسىسلەردىن پەرساخان شەمسىيېۋ، سەلھە مۇتەللىپوفلار تېكستولوگىيە پېنى پرىنسىپلىرى بويىچە شائىرنىڭ بىرقانچە ئەسىرنىڭ لاتىنچە نۇسخىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، نەۋايىشۇناسلىقنىڭ تېخىمۇ كەڭ قۇچاق ئېچىشىغا تۈرتكە بولغان. زامانىۋى ئۆزبېك پېنىنىڭ پېشۋالىرىدىن بولغان بۇ ئالىملار ھەممىنىڭ بەھرىمەن بولۇشى ئۈچۈن شائىر ئەسەرلىرىنىڭ لۇغىتىنى ئىشلەپ تارقاتقان. نەۋايىنىڭ 1948-يىلىدىكى 500 يىللىق تۇغۇم تويىغا ئاتاپ نەشر قىلىنغان «ئۇلۇغ ئۆزبېك شائىرى» ناملىق ئۆزبېكچە-رۇسچە توپلام سەۋىيەسىنىڭ ئۈستۈنلۈكى بىلەن ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزبېك نەۋايىشۇناسلىقىنىڭ يۇقىرى پەللىسىنى نامايان قىلىدۇ. توپلامدىكى يەھيا غۇلامىنىڭ «نەۋايىنىڭ دەۋرىنى ئۆگىنىش ھەققىدە» ۋە «15-ئەسىردىكى ئاسىيا شەھەرلىرىدە بىنالار تۈركۈمى ئەنئەنىسى»؛ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ماسسانىڭ ئەسىرى، نەبىيېفنىڭ «15-ئەسىردىكى ماۋرائۇننەھرنىڭ سىياسىي-ئىقتىسادىي ھاياتىدىن»، ئايبېك ۋە دېچىنىڭ «ئەلىشىر نەۋايىنىڭ ئىدىيەلەر دۇنياسى»، باھىد زاھىدوفنىڭ «نەۋايىنىڭ بەزىبىر ئىجتىمائىي-سىياسىي قاراشلىرى» ۋە «لىسانۇت تەير» پەلسەپىسى ھەققىدە»، ھادى زارىفنىڭ «لۇتفى ۋە نەۋايى»، شەيخزادىنىڭ «نەۋايىنىڭ لىرىك قەھرىمانى ھەققىدە» شۇنداقلا تاجىك مۇتەپەككۇرى ئەينىنىڭ «نەۋايى ۋە تاجىك ئەدەبىياتى» قاتارلىق ئەسەرلەر چاغاتاي دەۋرى تارىخى ۋە تۆمۈرىيلەر زامانى ئىجتىمائىي-پەلسەپىۋى پىكىرلەر تارىخىنى ئۆگىنىشكە قوشۇلغان زور تۆھپە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى نەۋايىشۇناسلىقتىكى نامايەندە خاراكتېرلىك تەتقىقاتلار سانىلىدۇ.

بولۇپمۇ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 60-يىللىرىدىن باشلانغان ئۇلۇغ ئەدىبنىڭ 525 يىللىق تويىغا بېغىشلانغان ئىزدىنىشلەر بۇرۇنقى تەتقىقاتلارنىڭ ئۇسۇل، مەزمۇن ۋە كۆلەم جەھەتتىكى بوشلۇقلىرىنى تولدۇرۇپ، نەۋايىشۇناسلىقنىڭ سەۋىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش ۋە ئۇنى ئىلمىي ساھەگە ئېلىپ كىرىپ، قوللانمىلىق مەخسۇس ئەسەرلەرنى يارىتىش بويىچە كۆزنى قاماشتۇرغىدەك نەتىجىلەرنى ياراتقان. شائىر مىراسىنىڭ تولۇق بىبلوگرافىيەسىنى تۈزۈش، ئەسەرلىرىنىڭ نادىر نۇسخىلىرىنى ئېنىقلاش بويىچە ئىلمىي تەكشۈرۈش كۈنتەرتىپكە قويۇلغان. مۇھىمى ناۋايى ئەسەرلىرىنى ئىلگىرىكىدەك پارچە-پۇرات ئەمەس، بەلكى سىستېمىلىق تەتقىق قىلىش مەقسىتىدە كاندىدات دوكتورلۇق ۋە دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيەلىرى ياقلاش بۇ دەۋر نەۋايىشۇناسلىقنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكىدۇر. بۇلار ئىچىدە ئاكادېمىك B. زاھىدوفنىڭ «ئەلىشىر نەۋايىنىڭ پىكىر ۋە ئوبرازلار دۇنياسى»، M. شەيخزادىنىڭ «ئۇستازنىڭ سەنئەتخانىسىدا»، مەشھۇر مەتنشۇناس ئالىم ھەمىد سۇلايماننىڭ «ئەلىشىر نەۋايى لىرىكىسىنىڭ تېكستولوگىيەلىك تەتقىقاتلىرى»، ياقۇپجان ئىسھاقوفنىڭ «ئەلىشىر نەۋايىنىڭ ئىلك دىۋانى»، پېشۋا ۋە تۆھپىكار نەۋايىشۇناس ئالىم ئابدۇقادىر ھېيتمەتوفنىڭ «نەۋايى لىرىكىسى» ھەم «نەۋايىنىڭ ئىجادىي مېتودى» ئەسەرلىرى ئەدەبىي ۋە تارىخىي پاكىتلىرىنىڭ بايلىقى، ئەقلەن ئومۇملاشتۇرۇشلىرىنىڭ مەنتىق قۇۋۋىتى ۋە يۈكسەك ئىلمىي سۈپىتى جەھەتتىن پەقەت ئۆزبېكىستاندىلا ئەمەس، بەلكى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى فىلولوگىيە تەتقىقاتىنىڭ ياخشى سەۋىيەسىنى نامايان قىلغان دىسسېرتاتسىيەلەر ھېسابلىنىدۇ. شۇنى تىلغا ئېلىش ھاجەتكى، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا تەۋە ھازىرقى مۇستەقىل دۆلەتلەردە نۆۋەتتە كاندىدات دوكتورلۇق ۋە دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيەلىرىنىڭ ماۋزۇلىرى توردا ئېلان قىلىنىدۇ، ئوخشاش ياكى تەكرار تېمىلار قوبۇل قىلىنمايدۇ، بىر دىسسېرتاتسىيە نەچچە ئۇنىۋېرسىتېت، تەتقىقات مەركەزلىرىدىكى ئۇنىلغان مۇتەخەسسىسنىڭ باھالىشىدىن ئۆتىدۇ، ئۇنىڭ قىسقىچە مەزمۇن كىتابى سابىق سوۋېت ئەنئەنىسى بويىچە 150 ئەتراپىدا ئۇنىۋېرسىتېت، كۇتۇپخانا ۋە تەتقىقات يۇرتلىرىغا ئەۋەتىلىدۇ، دىسسېرتاتسىيەلەر مەزكۇر پەن ساھەسىدىكى تۇگەللەنگەن ئىلمىي ئەمگەكلەر قاتارىدا نوپۇزلۇق كۇتۇپخانىلارغا قويۇلۇپ ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقاتتا قوللانمىلىق رول ئوينايدۇ. ئوچۇق نەشر قىلىنىپ ئۇنى جەمئىيەتتىكى ھەممە ئادەم كۆرەلەيدۇ. قىسقىسى دىسسېرتاتسىيە دەپ ئاتالغان يۇقىرىقى ئەمگەكلەر قىلنى قىرىققا يېرىپ يېزىلغان مۇكەممەل ئىلمىي ئەسەرلەر بولۇپ، بۇلارسىز نەۋايىشۇناسلىقنىڭ ئۆتمۈشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس!

20-ئەسىرنىڭ 70-، 80-يىللىرىدا ئۆزبېك نەۋايىشۇناسلىقىنىڭ سۈپەت ۋە ساپاسى يەنىمۇ ئۆسۈپ بارغان. شائىر ئەسەرلىرى ژانىرشۇناسلىق ۋە فولكلورشۇناسلىق نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىنىپ، بۇ

ھەقتە يىرىك ھەم مەخسۇس ئەسەرلەر يېزىلغان. مەسىلەن، V. زاھىدوۋنىڭ«ئۇلۇغ شائىر ئىجادىيىتىنىڭ قەلبى»، S. ئەركىنوۋنىڭ«نەۋايى‹پەرھات ۋە شېرىن› ۋە ئۇنىڭ سېلىشتۇرما تەھلىلى»، N. مەللەيېۋنىڭ«نەۋايى ئىجادىيىتىنىڭ خەلقچىل نېگىزى»، «نەۋايى‹خەمسە›سى»قاتارلىقلار پىكرىمىزنىڭ جانلىق دەلىلى. جۈملىدىن« يازغۇچىنىڭ تەرجىمىھالى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدۇر »دېگەن قەدىمىي ھېكمەتكە ئاساسلىنىپ دادىل ۋە ئەمەلىيەتچىل تەتقىقات ئېلىپ بارغان ئىززەت سۇلتان ئۆز كىتابىنىڭ كىرىش سۆزىدە ؛«بۇ كىتاب ئەلىشىر نەۋايى ھەققىدە شۇ ۋاقىتقىچە يېزىلغان ئەسەرلەردىن ئۆزگىچە... سۆزلەش نۆۋىتىنى بىز بۇ قېتىم نەۋايىنىڭ ئۆزىگە بەردۇق. راستتىنلا نەۋايى بۈگۈن بىز بىلەن ئۆزى ھەققىدە ئۆزى سۆھبەت قىلىشى مۇمكىن»[4]دەپ كۆرسەتكەن بولسا، 28-سەھىپىسىدە مىرزا ھەيدەر ۋە نەۋايىنىڭ« بەدايىئۇل بىدايە»نىڭ دىباچەسىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق يازغان:«ئۇنىڭ ئەسلى (نەۋايىنىڭ) ئۇيغۇر باخشىلىرىدىن ۋە ئۇنىڭ ئاتىسى كىچىك باخشى دەپ ئاتىلاتتى، ئاددىي كىشىلەردىن ئىدى»، «بۇ ئۇيغۇر ئىبارىتىنىڭ فۇسەھەسىدىن ۋە تۈرك ئەلفازىنىڭ بۇلەغەسىدىن مەۋلانە سەككاكى ۋە مەۋلانە لۇتفى... كەم بىرىنىڭ شېرىن ئەبياتى ئىشتىھارى تۈركىستانغا بەغايەت ۋە بىرىنىڭ لەتىف غەزەلىياتى ئىنتىشارى ئىراق ۋە خۇراساندا بىنىھايەتدۇر ھەم دىۋانلىرى مەۋجۇت ئىدى.» كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى«نەۋايىنىڭ قەلب دەپتىرى»ئۆزبېك نەۋايىشۇناسلىقىنىڭ «يارىسى»ۋە «ئېھتىيات پەردىسى»نى ئېچىپ تاشلاپ، ئەسلىي ئەسەرچىلىك ياكى مەنبەشۇناسلىق تەتقىقاتى ئېلىپ بارغان مەشھۇر كىلاسسىك ئەسەردۇر. بۇ يىللاردا نەۋايىشۇناسلىق ئۆزبېكىستاندا يۇقىرى كەسپىي ساپا ۋە زور ئىجادىيەت قوشۇنىغا ئىگە مول ھوسۇللۇق، مۇكەممەل پەنگە ئايلانغان. بىر ئىجادىي كوللېكتىپ ئىشلەيدىغان ئىشلار شەخسلەرنىڭ جاسارىتى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشقان. ئالىدىغان بولساق، مەتىنشۇناس ۋە مەنبەشۇناس ئالىملاردىن پەرساخان شەمسىيېۋ بىلەن خەمىد سۇلايماننىڭ قوم دۆۋىسىدىن كېپەك ئالتۇن تاسقىغاندەك، ئۇنلىغان ۋارىيانتلارنى سۆزمۇسۆز سېلىشتۇرۇپ ئۆزىنى بېغىشلاپ ئىشلىشى نەتىجىسىدە «خەمسە» نىڭ مۇكەممەل نەشرى بىلەن«خەزەيىنۇل-مەئانى»نىڭ ئاكادېمىك نۇسخىسى يورۇقلۇققا چىققان. بولۇپمۇ بۇ يىللاردا ئالەم يۈزى كۆرگەن نەۋايى ئەسەرلىرىنىڭ 15توملۇقى(16كىتاپ)ئۆزبېك مىللىتىنىڭ مەدەنىي ھاياتى تارىخىدىكى ئاجايىپ زور ئەھمىيەتكە ئىگە ئىجتىمائىي، مەنىۋى ۋەقەلەر سۈپىتىدە دۇنيادا ئالقىشلانغان.

ئومۇمەن يۇقىرىقىدەك تەتقىقات سەمەرىسىدىن باشقا ئۆزبېك خەلقى ئەلىشىر نەۋايى ئەنئەنىلىرىنى تۆۋەندىكى ئۈچ خىل يول ۋە ئەندىزە بىلەن ئۆز ئەدەبىياتىدا داۋاملاشتۇرغان، ئۆزلەشتۈرگەن ۋە مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ ئاشقازىنىدا ھەزىم قىلغان.

بىرىنچى، سەنئەتكارلار نەۋايى داستانلىرىدىكى مەلۇم پوئېتىك ھېكايىلەر ۋە جانلىق ئېپىزوتلارنى ئۈزۈۋېلىپ، بۇنىڭدىن مۇستەقىل ۋە ئىجادىي ئەسەرلەرنى قايتا ياراتقان. بۇنىڭ نەمۇنىلىرى ھېسابىغا شائىر داستانلىرى ئاساسىدا سەھنىلەشتۈرۈلگەن خۇرشىدنىڭ«پەرھات ۋە شېرىن»، «لەيلى ۋە مەجنۇن» ؛كامىل ياشىننىڭ«مېھىر ۋە سۇھەيل»، «دىلئارام»كەبى مۇزىكىلىق دىرامىلارنى مىسال كۆرسىتىش مۇمكىن. شائىر ۋە دىراماتورگ خۇرشىد1922- يىلى نەۋايى داستانلىرىدىن«پەرھات ۋە شېرىن»نى، 1925-يىلى«لەيلى ۋە مەجنۇن»نى سەھنىلەشتۈرگەن. ئاۋۋالقى داستان ئۈستىدە ئىشلىگەندە مېھىنبانۇ بىلەن شېرىننىڭ پائالىيەت سەھنىسىنى ئۆزبېكىستان ھۇدۇدىغا كۆچۈرگەن. شېرىننىڭ پەرھاتقا مۇھەببەت شەرتىنى ئۆزبېكىستاندىكى ئەڭ چوڭ جەزىرە—مىرزا چۆلگە سۇ باشلاش مۇتىنفىغا ئۆزگەرتىپ، ئەسەرنىڭ تۈپ تېماتىك غايىسىنى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ بېشىدىكى ئۆزبېك مىللىي جەمئىيىتىنىڭ ئاساسىي ئىجتىمائىي مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشقا قاراتقان. كېيىنكىسىدە ئەسلىي داستان سۇژېتىنىڭ مۇھەببەت تارمىقىنى كېسىۋېلىپ، لەيلى-مەجنۇننىڭ قەدىمىي ئەرەب روھىيىتىگە خاس سۆيگۈ ماجىرالىرىدىن كېلىپ چىققان غەمكىن ۋە مەيۇس كونا پاجىئەسى ئارقىلىق، ئىنسان شەخسىي ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن مۇرەسسەسىز كۈرەش قىلىشى كېرەك، دېگەن زامانىۋى يېڭى پىكىر يۈكسەكلىكىنى ياراتقان. كامىل ياشىننىڭ «مېھىر ۋە سۇھەيل» مۇزىكىلىق دىرامىسى (1940-يىلى) جۈملىدىن ھەمئاپتورلۇقتا يازغان «دىلئارام» ئوپېراسى (1958-يىلى) نەۋايىنىڭ «سەبئەئى سەييار» داستانىغا ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىش ئارقىلىق سەھنىلەشتۈرۈلگەن. «مېھىر ۋە سۇھەيل» نىڭ ئاساسىي ۋەقەلىكى«سەبئەئى سەييار»دىكى بەشىنچى ئىقلىمدىن كەلگەن مۇساپىرنىڭ ھېكايىسى

ئاساسىدا ئۆزلەشتۈرۈلگەن بولسا، كېيىنكى ئوپېرامۇ مەزكۇر داستاننىڭ سۇژىت ئۆزۈندىلىرىگە ئاساسلانغان. K. ياشىن ئەسەردە بەدىئىي فانتازىيەدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، ناخشىچى دىلئارام بىلەن مېمار-رەسسام مانىنى سۆيۈشتۈرۈش ئارقىلىق مەلۇم دىراماتىك تىرەنلىك ھاسىل قىلىپ، ئىلغار ئىجتىمائىي كۈچلەر زالىملار بىلەن ئاخىرغىچە كۈرەش قىلىشى لازىم، دېگەن ئاكتۇئال بەدىئىي غايىۋى پىكىرنى ئالغا سۈرگەن، ئادالەت ۋە ئەركىنلىكنىڭ غەلىبىسىگە مەدھىيە ئوقۇغان. ئومۇمەن دىراماتورگلار تارىخىي كونا تېمىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنىڭدىن زامانىسىدىكى ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا ئىجادىي پايدىلانغان. نەۋايى دەۋرىگە خاس كونا مۇتىفلارنى يېڭى زامان روھىغا ماس ھاياتىيلاشتۇرغان. ئەنئەنىۋى ماتېرىياللاردىن ئىجادىيەت پىلانىغا ئويغۇن، يۈرىكىگە ياققان دېتاللارنى تاللىۋېلىپ ئۇنى قايتا ئىدراك ئەتكەن، ئۆستۈرگەن ۋە زامانغا لايىق چۈشەنچىلەر بىلەن بېيىتقان.

ئىككىنچى، نەۋايى ئەنئەنىلىرىنى داۋاملاشتۇرۇشنىڭ يەنە بىر ئۇسۇلى ئۆزبېك ئەدەبىياتىنىڭ ھەممە ژانىرلىرىدا شائىرنىڭ كۆپ قىرلىق ئوبرازىنى يارىتىش ۋە ئۇنىڭ خاراكتېرىنىڭ مەلۇم مۇھىم تەرەپلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈپ ئەكس ئەتتۈرۈش بىلەن باغلىق. بۇ ئۇسۇلدا يارىتىلغان ئەڭ ياخشى ئەسەرلەر ئايبېكنىڭ«نەۋايى» رومانى، بادېتسكىينىڭ«ئاددىي ئىنسان» رومانىنىڭ بىرىنچى قىسمى، ئۇيغۇن ۋە ئىززەت سولتانلارنىڭ مەشھۇر«نەۋايى» دىرامىسى ۋە شۇ ئاساستىكى «نەۋايى» كىنو سېنارىيەسى، L. باتىنىڭ «ھايات بوستانى» پوۋېستى، مىركەرەم ئاسىمنىڭ «زۇلمەت ئىچىدە نۇر» پوۋېستى، «شائىرنىڭ ياشلىقى»، «سۈرگۈن»، «دەرۋىش ئەلنىڭ پىتنىسى»ھېكايىلىرى؛ غاپۇر غۇلام، خەمىت ئالىمجان، مەقسۇت شەيخزادە، مىرتۆمۈر ۋە باشقىلارنىڭ داستان ۋە شېئىرلىرىدىن ئىبارەت. ئومۇمەن ئۆزبېك زىيالىيلىرى ئىچىدە نەۋايى ھەققىدە يازمىغانلىرى ئاز. ئۇلار نەۋايى ئوبرازىنى ئىجادىي ئېستېتىك ئىدىئالىغا، ھاياتىنىكى«ياخشىلىق»، «ئەزگۈلۈك» لەرنى كۆرۈش پرىنسىپىغا، «گۈزەللىك»تۇيغۇسىغا ئۇيغۇن رەۋىشتە بەدىئىي پىروزىدا، پوئېزىيەدە، سەھنىدە ۋە ئېكراندا ياراتتى. رەسسام چىڭغىز ئەھمەر ۋە قەيەلوفلار نەۋايىنىڭ ھەممە ياخشى كۆرىدىغان ئۆلچەملىك گويا ھاياتتەك ئويچان رەسىمنى سىزىپ، شائىرنى جەمئىيەتتە ھەممە ئادەمگە تونۇش سىماغا ئايلاندۇردى. ئومۇمەن سەنئەتكارلار نەۋايى خاراكتېرىدىكى پەزىلەت ۋە بەلگىلەرنى بەدىئىي غايىسىگە ئاساسەن تاللىغان. ئۇلار شائىرنىڭ گۇمانىزمى، خەلقچىللىقى ياكى ئىجادىي ئىلھامىنىڭ ئۆز دەۋرىگە خاس تەرەپلىرىنى، دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆپتۈرۈپ تەسۋىرلىگەن. مەسىلەن، ئايبېك«نەۋايى» رومانىدا شائىر ئوبرازىنى ياراتقاندا نەۋايىنىڭ خەلق تەقدىرى يولىدىكى تەپەككۇر دۇردانىلىرىنى زامانىۋىلىك پرىنسىپىدا تۇرۇپ راۋاجلاندۇرغان. شۇڭا ئەسەردە بىر تەرەپتىن، شائىرنىڭ ئۇلۇغ ئىدىيەلەر ساھىبى ئىكەنلىكى، ئىككىنچى ياقتىن خەلق تەقدىرى يولىدا بۇ غايىلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئىنتىلىش خاھىشىنى گەۋدىلەندۈرگەن. نەۋايى دۇنياقارىشىدىكى كونا زامانغا خاس ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە ئەخلاقىي پرىنسىپلىرىنى چوڭقۇرلاشتۇرغان. ئۇيغۇن ۋە ئىززەت سۇلتانلارنىڭ «نەۋايى» دىرامىسى شائىرغا بېغىشلانغان ئىجادىي تېمىلارنىڭ گۈلتاجىسى بولۇپ، مەزكۇر سەھنە ئەسىرىگە ئاپتورلار گۈلنىڭ بىۋاقىت ئۆلۈمى مۇناسىۋىتى بىلەن نەۋايىنىڭ ئېغىزىدىن بېرىلگەن مونۇ مەرسىيەنى ئېپىگراپ قىلىپ تاللىغان:

ساڭا بەش بىباھا ھەيكەل قويارمەن،
ياشارسەن دائىما داستانلىرىمدا.
گاھى لەيلى، گاھى مەجنۇن بولۇپ سەن،
ئېچىلغان گۈل بولۇپ بوستانلىرىمدا.

ئۈچىنچى، ئۆزبېك ئەدەبىياتىدا نەۋايى ئەنئەنىلىرىنى داۋاملاشتۇرۇشنىڭ بۇ يولىدا ئەدىبلەر شائىر داستانلىرىنىڭ ۋەقەلىكلىرىدىن بىۋاسىتە پايدىلانمىغان، شائىرنىڭ ياكى زاماندashلىرىنىڭ ئوبرازىنى تەسۋىرلىمىگەن. بىراق نەۋايى گۇمانىزمى ۋە ماھارىتىنىڭ جەۋھىرىنى، مىللىي خەلقچىل ساداسىنى يېڭى رېئالىستىك مېتودنىڭ ئەنئەنىۋىلىك پرىنسىپى گەۋدىلەندۈرۈلگەن ئىجادىيەتلەردە جاراڭلاتقان. بۇ نوقتىدا ئابدۇللا قادىرىنىڭ«ئۆتكەن كۈنلەر»رومانى ۋە خەمىت ئالىمجاننىڭ«زەينەپ ۋە ئامان»داستانى ھەققىدە گەپ قىستۇرۇش ئارتۇق ئەمەس!

مىسال ئۈچۈن«ئۆتكەن كۈنلەر» نىڭ «يازغۇچىدىن»دەپ بېرىلگەن كىرىش سۆزىدە مۇنداق كۆرسىتىلگەن: «ئېنىقكى، بىز يېڭى دەۋرگە قەدەم قويدۇق. بەس، بىز ھەر بىر يوسۇندا ھەم شۇ يېڭى دەۋرنىڭ يېڭىلىقلىرى ئارقىسىدىن ئەگىشىشىمىز ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش داستانچىلىق، رومانچىلىق ۋە ھېكايىچىلىقلاردىمۇ يېڭى ئەسەرلەر يارىتىشقا، خەلقىمىزنى

شۇ زاماننىڭ ‹تاھىر ۋە زوھرا›لىرى، ‹چاھار دەرۋىشلىرى›، ‹پەرھات ۋە شىرىن›لىرى، شۇنداقلا ‹بەھرام گور›لىرى بىلەن تونۇشتۇرۇشقا ئۆزىمىزدە مەجبۇرىيەت ھېس قىلىمىز.›› ئا. قادىرى مەزكۇر بايانلىرى ئارقىلىق روماننىڭ تامامەن يېڭى تىپتىكى ئەسەر ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيلىقىنى تەكىتلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن روماندا خەلق كىتابلىرى، چۆچەكلەر ۋە نەۋايى داستانلىرىنىڭ ئەنئەنىسىنى ئىجادىي ئۆزلەشتۈرگەنلىكىدىنمۇ بېشارەت بەرگەن. ئالىدىغان بولساق، ‹‹ئۆتكەن كۈنلەر››دىكى ۋەقەلەرنى مەلۇم ۋاقىتقىچە كىتابخاندىن سىر تۇتۇش، سۇژىت ئارىسىغا باش قەھرىماننىڭ روھىي ھالىتىگە ماس قىسسەلەرنى قوشۇش، سۆيۈشكەنلەرنىڭ تىراگېدىيەلىك تەقدىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى نەۋايى ئەنئەنىسىنىڭ زامانىۋى ئېستېتىك پرىنسىپىنىڭ بالىياتقۇسىدىن شەكىللەنگەن تۇغۇندىدۇر. گەرچە خەمەت ئالىمجان‹‹زەينەپ ۋە ئامان››دا ئاشىق ـ مەشۇقلار تەقدىرىنى زامانغا لايىق ۋىسال تېپىشقان قىلىپ، نەۋايىدىكى پاجىئەنىڭ ئەكسىچە يول تۇتقان بولسىمۇ، لېكىن شائىرنىڭ بەدىئىي ماھارىتىگە يەنى ئەسەرنىڭ مەسنەۋى فورمىسى، جاراڭدار قاپىيەسى ۋە سۆزلەرنىڭ ئىچكى مەنىدارلىقىدا نەۋايى ماھارىتىنىڭ بەدىئىي ساداسى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

ئۆزبېكىستاندا مىللىي ئىستىقلال شاماللىرى سوقۇۋاتقان ئاشۇ يىللاردا نەۋايىنىڭ ئىلمىي ۋە بەدىئىي بىساتى ئۇنىڭ يادرولۇق مەزمۇنلىرى بولغان قۇرئان كەرىم، ھەدىس شەرىف ۋە تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى بىلەن باغلاپ تەتقىق قىلىنىشقا باشلىغان. بۇ نۆۋەتتە شائىرنىڭ 20 توملۇق مۇكەممەل ئەسەرلەر توپلىمى (بۇنىڭغا تۆت جىلدلىق‹‹ئەلىشىر نەۋايى ئەسەرلىرى تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى››نى قوشقاندا جەمئىي 24 توم) نىڭ ئىشلىنىشىگە سەۋەب بولغان ۋە بۇ غايەت خاسىيەتلىك ئىش ئاخىرقى قېتىم 1987 ـ 2004 ـ يىلىغىچە دۇنيا يۈزى كۆرگەن. ئەدەبىياتشۇناس ئىبراھىم ھەققۇلوف‹‹زەنجىرلەنگەن شىر قېشىدا››، ‹‹شېئرىيەت روھىي مۇناسىۋەت›› ( 1989 ـ يىلى)، ‹‹ئەدەبىيات پەرزەنتلىرى›› (1990 ـ يىلى)، ‹‹تەسەۋۋۇپ ۋە شېئرىيەت›› (1991 ـ يىلى)؛سەئىدبېك ھەسەنوف ‹‹نەۋايىنىڭ 17تۆھپىسى››(1991 ـ يىلى) قاتارلىق ئەسەرلەرنى ئېلان قىلىپ، بىر تەرەپتىن، نەۋايىشۇناسلىقتىكى كۆپ يىللىق قامال ۋە تەپەككۇردىن ئازاد بولغانلىقنى نامايان قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن

شائىرنى ئۆز تارىخىي مۇھىتىغا قويۇپ، ئىجادىنى ئۆز ئەينى بويىچە تەتقىق قىلىدىغان ۋە سۆز ئىشلىتىشتىكى سەنئەتكارلىق تالانتىنى بەدىئىيلىك يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ باھالايدىغان بىر قەدەر ساپ ئەدەبىياتشۇناسلىق ئېستېتىكىسى شەكىللەندى. 1991 ـ يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ مائارىپ، پەن ۋە مەدەنىيەت تەشكىلاتى ئەلىشىر نەۋايى تۇغۇلغانلىقىغا 550 يىل توشقان ئاشۇ كۈننى پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ خاتىرە كۈنى قىلىپ بېكىتتى. بۇنداق قوش تەنتەنىلىك تارىخىي شارائىتتا نەشر قىلىنغان‹‹ئەلىشىر نەۋايى. غەزەللەر، شەرھلەر››ناملىق توپلامدىكى ئەركىن ۋاھىدوف، نەجمىدىن كامىلوف، مۇھەممەت ئەلى، جامال كامال كەبى ئىجادكارلار قەلىمىگە مەنسۇپ ماقالىلەر ئەنە شۇنداق خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكى بىلەن دىققەتكە سازاۋەردۇر. كېيىنكى يىللاردا مەھكەم مەھمۇدوف قاتارلىق ئالىملار ياراتقان‹‹مەنىۋىيەت ـ كامىللىق سائادىتى››، ‹‹ئىمان ـ قەلب گۆھىرى›› ‹‹ئىشق، ئاشىق ۋە مەشۇق››، ‹‹ئەلىشىر ناۋايى ۋە نەقشبەند››ھەم‹‹نەۋايى ۋە ئىلاھىيەت››ماۋزۇلۇق كىتابلار نەۋايىخانلىقتىكى‹‹كۈن چۈشمىگەن تەرەپلەر››نى‹‹يورۇق نۇقتا››غا ئايلاندۇرغانلىقى بىلەن قىممەتلىك.

1957 ـ يىلىدىن باشلاپ ھەر يىلى 9 ـ فېۋرالدا نەۋايىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى نىشانلاش مەقسىتىدە جايلاردائىلمىي، ئەنئەنىۋى يىغىلىشلار ئۆتكۈزۈلۈپ، شائىر مىراسىنى ئۆگىنىش بويىچە قىلىنغان ئىشلار يەكۈنلەنمەكتە، يېڭى پىلانلار تۈزۈلمەكتە. بۇلاردىن باشقا نەۋايىغا بولغان تۈگىمەس ھۆرمەت ـ مۇھەببەتنى ئىپادىلەش، شائىرنىڭ نامىنى ئەبەدىيلەشتۈرۈش ۋە ئاممىۋىلاشتۇرۇش مەقسىتىدە سەمەرقەند بىلەن بۇخارا ئوتتۇرىسىدىكى بىپايان ۋە قەدىمىي زەرەپشان ۋادىسى ‹‹نەۋايى ۋىلايىتى››گە ئۆزگەرتىلگەن. گۈزەل تاشكەنت شەھرىنى شەرقتىن غەربكە كېسىپ ئۆتىدىغان ئاۋات كوچىغا‹‹نەۋايى كوچىسى››دەپ نام بېرىلگەن. كوچا مەركىزى ۋە يول بويىغا‹‹ ئەلىشىر نەۋايى نامىدىكى ئەدەبىيات مۇزېيى››قۇرۇلغان، شائىرنىڭ ھەيكىلى قاتۇرۇلغان. سەمەرقەند دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتى، ياۋروپاچە گويا سۈرەتتەك گۈزەل ئۆزبېك دۆلەت ئوپېرا ۋە بالېت تىياترى، ئۆزبېكىستان دۆلەت كۇتۇپخانىسى، ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ تىل ۋە ئەدەبىيات ئىنستىتۇتى ۋە يېڭىدىكى كۇتۇپخانا، زور مۇكاپاتلار، يەنە نەچچە ئون مەدەنىي مۇئەسسەسەلەر، يۈزلىگەن مەكتەپلەر،

يېزا ـ كەنتلەرنى ئەلىشىر نەۋايىنىڭ نامى بىلەن ئاتاش قارارلاشتۇرۇلغان. ئۆزبېكىستاننىڭ ياپونىيە ۋە فىرانسىيەدىكى ئەلچىخانىلىرىغا نەۋايىنىڭ ئۇلۇغۋار ھەيكىلى ئورنىتىلغان.

قىسقىسى، 2007 ـ يىلى ئامېرىكا پارلامېنت كۇتۇپخانىسىدا ئېچىلغان «ئەلىشىر نەۋايى ۋە ئۇنىڭ مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ مەدەنىي تەرەققىياتىغا تەسىرى» ناملىق دۇنياۋى مەجلىستە ۋاشىنگتون ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تۈركولوگى E، سىرتەدئۇتەس خانىم ئېيتقاندەك، نەۋايى مۇستەقىل ئۆزبېكىستاننىڭ سىمۋولى بولۇپ قالغان، ھەتتا بۈيۈك بىرىتانىيەدە ئۇلۇغ شېكىسپېرمۇ ئۆزبېكىستاندا ئەلىشىر نەۋايى شۆھرەت قازانغاندەك ئالقىشلانمىغان! غەربنىڭ تونۇلغان نەۋايىشۇناسى A .بادراگىلىگىتىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، «يەر شارىدىكى تاغلار ئارىسىدا ئەڭ ئېگىزى ھىمالايا چوققىسى بولسا شائىرلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ يۇكسەكى ھەزرەت نەۋايىدۇر.» [5] بىراق نەۋايى15 ـ ئەسىردىكى تەكشى تۈزلەڭلىكتىن تاسادىپىي ئۆسۈپ چىققان تاغ ئەمەس، بەلكى نۇرغۇن ئەسىرلەردىن بېرى شەكىللەنگەن ئۇزاق قەدىمكى تاغ تىزمىلىرىدىن ھاسىل بولغان يۇكسەك چوققا! دېمەك تاغ بار يەردە چوققا بار، تاغ يوق يەردە چوققىمۇ يوق!

ئەلىشىر نەۋايىنىڭ تەسىرى ئوتتۇرا دېڭىزدىن ياپون دېڭىزىغىچە؛ھىنگان، ئالتاي تاغلىرىدىن ھىمالايا چوققىسىغىچە بولغان بىپايان مەركىزىي ئاسىيا زېمىنىدا ياشىغۇچى خەلقلەر ئارىسىغا يېيىلغان. نەۋايى ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى شائىر ۋاپات بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي ياۋروپادا تەتقىق قىلىنىشقا باشلىغان. دۇنيادىكى ئۇلۇغ ھېكمەتخانا(كۇتۇپخانا)لار شائىر ئەسەرلىرى بىلەن بېزەلگەن. ئىجادىيىتى ئىنگلىز مۇتەپەككۇرلىرىدىن شائىر ئېللوتقا ۋە ئوكيان ئاتلاپ ئامېرىكىلىق يازغۇچى مارك. تۋېنغىچە تەسىر كۆرسەتكەن. يەنە بىر تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، نەۋايى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىنسانىيەتكە يەنە بىر سوۋغىسىدۇر! لېكىن ئەقلىمىزنى ئىنسابقا چىللاپ شۇنىمۇ ھەققانىي ئېيتىشىمىز كېرەككى، ئېرتىش دەرياسى بىزدىن باشلانغان بىلەن مەنزىلدىكى ئەللەرنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن ئۇ«ئانا دەريا» ۋە ئۇنىڭ سۈيى«ئابى ھاياتتۇر». بىر مېۋىلىك دەرەختكە نىسبەتەن كۆچەت تىككۈچىنىڭمۇ، ئۇنى ئاسراپ ـ پەرۋىشلەپ مېۋىگە كىرگۈزگۈچىنىڭمۇ ھەققى ـ ھوقۇقى بار. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ پەن، مائارىپ ۋە مەدەنىيەت تەشكىلاتى تەرىپىدىن «دۇنيادىكى ئەڭ باي قول يازمىلار فوندى» رويخېتىگە ئېلىنغان شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدىن ئىبارەت يۇقىرى ئەۋزەللىكى بىلەن ھازىر ئۆزبېكىستان دۇنيا نەۋايىشۇناسلىقىنىڭ مەركىزى سۈپىتىدە تەن ئېلىنىپ، شائىر ھەققىدىكى تەتقىقات ئالتىنچى يۈز يىللىققا قەدەم قويماقتا، نەۋايى ئەسەرلىرى تاشكەنت قاتارلىق مەدەنىيەت ئوچاقلىرىدا دۇنياۋى كىلاسسىك ئەسەرلەر قاتارى ھەر يىلى يېڭى سەۋىيە، يۇقىرى سۈپەت ۋە كۆپلىگەن نۇسخىدا نەشر قىلىنماقتا، چەت ئەل تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنماقتا. زىكرى قىلىنغاندىكىدەك، بۈگۈنكى ئۆزبېكىستاندا «نىزامى مىللەت ۋە دىن»(دىن ۋە مىللەتنىڭ نىزامى) بولغان مىر ئەلىشىر نەۋايىنى ئىدىئاللاشتۇرۇپ چۈشەنمەسلىكنىڭ ھېچبىر ئامالى يوق. كۆنىمىزدە بۇ دۆلەتتە نەۋايى بېغى دۇنيانىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرگۈدەك دەرىجىدە ئۆزىنىڭ مول ھوسۇللۇق پەسلىگە كىرگەن بولۇپ، نۆۋەتتە ئۆزبېك خەلقى شائىرغا سىڭگەن ئەسىرلىك مېھنەت تەرىنىڭ ئالتۇن سۈيىدە«نەۋايى ئېنسىكلوپېدىيەسى»نىڭ سەلتەنەتلىك قەسرىنى بېزىمەكتە. ھالبۇكى بۇ قەسرنىڭ بوسۇغىسى بىزلەر ئۈچۈن گويا ئەپسانە تەرىزدە دۇنيايىمىزنىڭ تېشىدىكى مۆئەمما بولۇپ تۇرماقتا!

بىلىق سۇغا تويمايدۇ! قۇش تىلىنى قۇش بىلىدۇ!

## ئىزاھلار:

[1][2] مەمۇر ئۇمەروف:«مانىنان ئۇيغۇر ۋە مىللىي تىياتىر ئېستېتىكىسى»، تاشكەنت، 2006 ـ يىلى نەشرى، 4 ـ، 14 ـ بەت.

[3] مەھمۇدخوجا بەھبۇدى (1875 ـ 1919) 20 ـ ئەسىر بوسۇغىسىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئىجتىمائىي ـ سىياسىي ھەرىكەتچىلىكىنىڭ ئەڭ يىرىك نامايەندىسى، يېڭى دەۋر ئۆزبېك مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسچىسى.

[4] ئىززەت سۇلتان: «نەۋايىنىڭ قەلب دەپتىرى»، تاشكەنت، 1973 ـ يىلى نەشرى، 1 ـ بەت.

[5] «ئۆزبېكىستان ئەدەبىياتى ۋە سەنئىتى»، 2007 ـ يىلى 6 ـ ئاپرېل سانى.

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنىستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى، فىلولوگىيە پەنلىرى دوكتورى.



# ئەسلىمىدىن مۇھاكىمىگە: ئۈچ ئىلىمنىڭ سېھرىي كۈچى ۋە چەكلىمىلىكى

**زۇلپىقار بارات ئۆزباش**

ئايالىم بىلەن بالام ئامېرىكىغا كەلگەندىن كېيىن مەكتەپ سىرتىدىن ئۆي ئىجارىگە ئالدىم. شۇنىڭ بىلەن ھاۋاي ئۇنىۋېرسىتېتى ئىچىدىكى تەنھالىق ھاياتىمغا خاتىمە بېرىلدى. ئىجارىگە ئالغان ئۆيۈمگە 2010 - يىللىق قۇربان ھېيتنىڭ ئىككىنچى كۈنى ئىككى دوستۇمنى مېھماندارچىلىققا چاقىردىم. ئۇلارنىڭ بىرى بېنگاللىق جاھانگىر، يەنە بىرى ئامېرىكىلىق جوناتان بولۇپ، مەن ئۇلار بىلەن ھاۋاي ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى شەرق - غەرب مەركىزىنىڭ 12 قەۋەتلىك ياتاق بىناسىدا ئىككى يىلغا يېقىن قوشنا ئولتۇرغانىدىم. بۇ جەرياندا ئارىمىزدا تەبىئىي ھالدا يېقىنچىلىق ۋە دوستلۇق ھېسسىياتى پەيدا بولغانىدى. ئىجارە ئالغان ئۆيۈمگە ئازغىنە روزغارلىرىمنى جوناتاننىڭ ماشىنىسىدا نەچچە قېتىم بېرىپ - كېلىپ كۆچتۇق، جاھانگىرمۇ باشتىن - ئاخىر ياردەملەشتى. جوناتان ھاۋاي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مېخانىكا ئىنژېنېرلىق كەسپىدە، جاھانگىر بولسا شەھەر پىلانلاش كەسپىدە دوكتورلۇقتا ئوقۇيتتى.

تاماق تارتىلىپ بولغاندىن كېيىن ئىختىيارىي پاراڭ باشلاندى، ئارىلىقتا بېنگاللىق جاھانگىر ئەينەك ئىشكىلىك كىتاب ئىشكاپىمغا تىزىپ قويۇلغان كىتابلارغا كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى ۋە ئىسلام پەلسەپىسى بويىچە نوپۇزلۇق ئالىم، ئامېرىكا جورج تاۋىن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پەلسەپە پروفېسسورى مەجىد فاخرۇنىڭ «ئىسلام پەلسەپە تارىخى» ناملىق كىتابىنىڭ ئىنگلىزچىسى (بۇ كىتاب ئۇيغۇر تىلىغا بۇۋى مەريەم ئابدۇكېرىم تەرىپىدىن خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلىنغان) نى قولىغا ئېلىپ سوراپ قالدى:

— كەسپىڭىز جەمئىيەتشۇناسلىق تۇرسا، ئىسلام پەلسەپىسىنىمۇ ئوقۇيدىكەنسىزغۇ؟

جاھانگىر مۇسۇلمان بولغاچقا تەبىئىي ھالدا كىتاب ئىشكاپىمدىكى پەلسەپىگە ئائىت كىتابلارنىڭ ئىچىدىن مۇسۇلمان ئالىمنىڭ كىتابىغا بەكرەك قىزىققانىدى.

جوناتانمۇ يېقىن كېلىپ، گېرمانىيە پەيلاسوپى كانتنىڭ «نوقۇل ئەقىلگە تەنقىد» ناملىق كىلاسسىك كىتابىنى ئىشكاپتىن سۇغۇرۇپ ئالدى

— كانتنىڭ كىتابىنىمۇ ئوقۇيدىكەنسىز - دە!— دېدى جوناتان، — ياش ۋاقتىمدا كانتنىڭ كىتابلىرىنى دادامنىڭ قولىدا كۆرەتتىم. سىزنىڭ جەمئىيەتشۇناسلىق كەسپىدە ئوقۇپ تۇرۇپ بۇ كىتابلارغا قىزىققىنىڭىزغا ھەيران بولۇۋاتىمەن. قانداقمۇ چۈشىنىپ بولالىغانسىز بۇ كىتابلارنى؟

كەسپىمىز ئوخشاش بولمىغاچقا، ئۇلارنىڭ بۇنداق سوئاللارنى سورىشى تەبىئىي ئىدى. بىز بۇرۇنمۇ ئۇچراشقان چاغلاردا مانا مۇشۇ تەرزدە ئىلمىي تېمىلاردا پىكىر ئالماشتۇراتتۇق.

— بۇ كىتابلارنى ئوقۇماي بولمايدۇ. جەمئىيەتشۇناسلىق پەلسەپىدىن شاخ ئايرىپ چىققان پەن،— دېدىم مەن ھەر ئىككى مېھمانغا جاۋابەن— جەمئىيەتشۇناسلىقتا چوڭقۇر پىكىر قىلىشنى ئۆگىنىش ئۈچۈن پەلسەپە ئۆگىنىش زۆرۈر. بۇ مېنىڭ كانتنى چوڭقۇرلاپ ئۆگىنىشىمدىكى بىر سەۋەب. يەنە ئۆز نۆۋىتىدە مېتافىزىكىلىق پىكىرنىڭ قۇربانىغا ئايلانماسلىق، ئېرىشكەن

## ئۆگىنىش دەۋرىگە كىرىش

تونۇشنى سىناقتىن ئۆتكۈزۈش ۋە ئىسپاتلاش ئۈچۈن جەمئىيەتشۇناسلىققا مۇراجىئەت قىلماي بولمايدۇ. بۇ نۇقتىنى دوكتورلۇق ئوقۇشۇمنى باشلىغاندىن كېيىن كېچىكىپرەك ھېس قىلدىم. يەنە كېلىپ، جەمئىيەتشۇناسلىققا ئىچكىرىلەپ كىرگەنسېرى پەلسەپىنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يېتىپ، بۇ خىلدىكى كىتابلارنى ئوقۇۋاتىمەن.

— مۇنداق دەڭ، مەن بۇ ئىككى پەن ئوتتۇرىسىدا بۇنداق باغلىنىشنىڭ بارلىقىنى بىلمەيدىكەنمەن،— دېدى جاھانگىر مەجىد فاخرۇنىڭ كىتابىنى قويۇپ ۋە يەنە ئەدەبىي ئەسەرلەر قاتارىغا تىزىلغان دوستويېۋسكىنىڭ «جىنايەت ۋە جازا»، «ئاكا- ئۇكا كارامازوفلار» دېگەن رومانىنى كۆرستىپ قويدى،— دوستويېۋسكىنىڭ بۇ ئىككى رومانى بېنگال تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. مەن داككادا ئالىي مەكتەپنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا ئوقۇۋاتقان چېغىمدا مىللىي قەھرىمانىمىز تاگورنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە كلاسسىك رومانلارنىمۇ خېلى جىق ئوقۇغاندىم. كېيىنكى يىللاردا ئەدەبىي ئەسەر ئوقۇشقا تۈزۈك ۋاقىت چىقىرالمىدىم. سىزنىڭ قىزىقىشىڭىز كەڭ دائىرىلىككەن. مەن تېخى جەمئىيەتشۇناسلار ئەدەبىي ئەسەر ئوقۇمىسا كېرەك دەپ ئويلايتتىم.

— مەن جەمئىيەتشۇناسلىققا قىزىقىپ قېلىشتىن بۇرۇن ئەدەبىياتقا ئىشتىياق باغلىغان،— دېدىم جاھانگىرغا جاۋابەن،— تاگورنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان «ھالاكەت» قاتارلىق ئەسەرلىرىنى ئوقۇغاندىم. كېيىن تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن جەمئىيەتشۇناسلىقتا ئوقۇشقا توغرا كەلدى. ھېلىھەم جەمئىيەتشۇناسلىق، پەلسەپە ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ تۇرۇپمۇ ئەدەبىي ئەسەر ئوقۇغۇم كېلىدۇ. بۇ ئۈچ ساھە بىر- بىرىنى تولۇقلايدىكەن، بىر- بىرىنىڭ كەمچىلىكىنى ياپىدىكەن، ئارىسىدا باغلىنىش بار ئىكەن. مىسال ئالسام، دوستويېۋسكىنىڭ يۇقىرىقى ئىككى رومانىدا ئىلگىرى سۈرۈلگەن ئىدىيە مەۋجۇدىيەتچىلىك پەلسەپىسىنىڭ پېشۋالىرىدىن بىرى دەپ سانىلىدىغان دانىيە پەيلاسوپى كېككاردنىڭ «ئىنسان پاراكەندە بىر دۇنياغا قانداق يۈزلىنىشى كېرەك؟» دېگەن سوئالنى مەركەز قىلغان قاراشلىرىغا ياندىشىپ كېتىدۇ[1]. گېرمانىيە پەيلاسوپى نىچشې ئۆزىنىڭ ئارقىلىق ھەققىدىكى قاراشلىرىدا مەلۇم مەنىدىن دوستويېۋسكىنىڭ يۇقىرىقى رومانىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپتۇ. ئاندىن نىچشې ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ھايدېگىر قاتارلىق مەۋجۇدىيەتچى پەيلاسوپلارغا تەسىر كۆرسىتىپتۇ. ھازىر شۇنى تونۇپ يەتتىمكى، بۇ ئۈچ ئىلىم ئوتتۇرىسىدا زىچ باغلىنىش بار بولىدىكەن. مەلۇم ساھەگە خاس ئەسەرلەرنى ئوقۇپ گاڭگىرىغىنىمىزدا، سوئاللىرىمىزغا جاۋاب تاپالمىغان چېغىمىزدا يەنە بىر ساھەدىكى ئەسەرلەر بىزنى ساقلاپ تۇرغان بولىدىكەن. بۇ ئىلىمنىڭ ئىچىدە پەلسەپە ئانا ئىلىم ھېسابلىنىدۇ. بەزىدە «كېيىنكى ئەسىرلەردە ئىلىملەر نېمىشقا بۇنداق جىق تۈرگە ئايرىلىپ كەتكەن بولغىيتتى؟» دېگەن سوئالمۇ مېنى ئويلاندۇرىدۇ.

ئۇلار تەبىئىي يەنىدە ئوقۇغاچقىمۇ، پاراڭىمىغا گەپ قاتماي جىممىدە قۇلاق سالدى. بىر ئازدىن كېيىن جوناتان كىتاب ئىشكاپىمىزدىكى كىتابلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ سېتىۋېلىنغان كىتابلار ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلىپ سوراپ قالدى:

— بۇ كىتابلارنى كۇتۇپخانىدىن ئارىيەت ئالالايدىغان بولغىيدىڭىز؟

— ئوغۇ شۇ. لېكىن زۆرۈر دەپ قارىغان بەزى كىتابلارنى يەنىلا ئۆزۈم سېتىۋالمىغۇچە ئارام تاپمايمەن. كۇتۇپخانىنىڭ كىتابلىرىنى ئاياپ، يا بەتلىرىگە سىزالماي، يا خەت يازالماي ئىچىم پۇشۇپ كېتىدىكەن. سېتىۋالغانلىرىمنىڭ كۆپىنچىسى ئامازون توربېتىدىن ياكى ئىمكەش كىتابخانىلاردىن سېتىۋېلىنغان. شۇڭا بەكمۇ قىممەت ئەمەس.

— لېكىن، كېيىن بۇنچە جىق ئېغىر كىتابلارنى يۆتكەش بىر گەپ. ئۇنىڭ ئورنىغا ئايفون ياكى ئېلېكترونلۇق كىتاب ئوقۇغۇلارنى سېتىۋالسىڭىز بولمامدۇ؟ تور دۇنياسىدا ھەممە ئۇچۇر، ھەممە بىلىم بارغۇ،— دەپ سوراپ قالدى جوناتان.

— ئۇنىمۇ ئويلاشقان،— دېدىم مەن،— ئەمما ئىجتىمائىي پەندە چوڭقۇرلۇقتا يۈزلىنىمىز دېسەك، تورغا مۇراجىئەت قىلىشلا كۇپايە قىلمايدۇ. يەنە كېلىپ، مەن زىيادە جىق ئۇچۇردىن نېرى تۇرۇش ۋە روھىمنى چارچاتماسلىق ئۈچۈن تورغا، ئاممىۋى تارقىتىش ۋاستىلىرىگە سەرپ قىلىدىغان ۋاقتىمنى چەكلەپ تۇرىمەن. چۈنكى ئۇ نەرسىلەر زىيادە جىق ۋاقىت سەرپ قىلغاندا پىكرىنىڭ ۋە تەنقىدىي تەپەككۇرنىڭ دۈشمىنىگە ئايلىنىدۇ. شۇڭىمۇ، مۇھىملىقىنى ۋە رولىنى بىلسەممۇ، ئۆيدە كومپيۇتېر ۋە تېلېفون بار ئەھۋالدا سىز دېگەن نەرسىلەرگە بەك قىزىقىپ كەتمىدىم. ھازىر مەن روھىمغا سىڭىشىش ئېلىپ كېلەلەيدىغان كلاسسىك كىتابلارغا موھتاج. يەنە كېلىپ، «ھەممە ئۇچۇر ۋە بىلىم توردا بار» دېگەن گەپكىمۇ تازا قوشۇلمايمەن. توردا ئىجتىمائىيەت، ئادىمىيەت پەنلىرىگە ئائىت تېپىلىدىغانلىرى كۆپىنچە ئىشەنچلىك ئۇچۇر ئەمەس. توردىن ئېلىنغان ئۇچۇرلاردىن ئىلمىي ئەسەرلەردە پايدىلىنىشقا بولمايدۇ.

بىز شۇ تەرزدە خېلى ئۇزۇن پاراڭلاشقاندىن كېيىن ئۇلار

قايتىشتى. ئۇلار كەتكەندىن كېيىنمۇ مەن جوناتاننىڭ «هازىر هەممە بىلىم، هەممە ئۇچۇر توردا بار» دېگەن گېپىنى ۋە جاهانگىر بىلەن بولغان پاراڭلارنى ئەسلىدىم. ئەمەلىيەتتە بۈگۈنكى پاراڭ مەن يېقىندىن بېرى جاۋابىنى ئىزدەش ئۈچۈن ئويلىنىۋاتقان «بىسەرەمجان بىر دۇنيادا، ئۇچۇر پارتلاش دەۋرىدە دىققەت چېچىلغاندىن كېيىن چارچىغان روھىيىتىمىزگە كىلاسسىك كىتابلارغا يۈرۈش قىلىش ئارقىلىقمۇ مەلھەم تاپقىلى بولامدۇ؟» دېگەن سوئالغا ياندىشاتتى. بۇ قېتىملىق پاراڭ پەلسەپە، ئەدەبىيات، جەمئىيەتشۇناسلىق ئىلىملىرىنىڭ زامانىۋىلىق، يەر شارىلىشىش مۇساپىسى داۋامىدىكى سېھرىي كۈچى ۋە چەكلىمىلىكى هەققىدە چوڭقۇرراق ئويلىنىش كېرەكلىكىنى يەنە بىر قېتىم ئېسىمگە سالدى.

بۇ هەقتە قەلەم تەۋرىتىشنى ئويلاپ يۈرگەن كۈنلىرىمنىڭ بىرى ئىدى. بىر چۈشتىن كېيىنلىكى «مەن كۆرگەن پىروفېسسورلار» ناملىق يازمامدا ۋە «ئۆزلۈك گىرۋەكلىرىدە» ناملىق كىتابىمدا ئىسمى تىلغا ئېلىنغان پىروفېسسورۇم پېتېر مانىكاس بىلەن ئىشخانىسىدا ئاڭلىشىپ قالدىم. ئۇ هاۋاي ئىشتاتىدىكى ئەڭ داڭلىق پەيلاسوپ بولۇپ، پۈتۈن ئامېرىكا تەۋەسىدىمۇ ئۆز ساھەسىدە تەسىرى بار ئىدى؛ هازىرغىچە «ئۈرۈش ۋە دېموكراتىيە»، «ئىجتىمائىي پەن پەلسەپىسى» قاتارلىق ئون نەچچە پارچە كىتاب يېزىپ نەشر قىلدۇرۇش پۇرسىتىگە ئېرىشكەنىدى؛ هاۋاي ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىزگە «كىلاسسىك جەمئىيەتشۇناسلىق نەزەرىيەسى»، «بۈگۈنكى زامان جەمئىيەتشۇناسلىق نەزەرىيەسى» قاتارلىق دەرسلەرنى بەرگەنىدى. ئۇ ئالدىنقى قېتىملىق دەرسىدە ئوقۇرمەن كىرىزىسىنىڭ دۇنياۋى خاراكتېرلىك مەسىلە ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالغانىدى. بۈگۈنمۇ شۇنىڭغا ياندىشقان بىر نۇقتىنى تىلغا ئالدى:

ــ هازىرقى زامان ئادەملىرى هاكاۋۇر، هەممە نەرسىنى بىلىدىغاندەك قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ. ئەمەلىيەتتە نۇرغۇن نەرسىنى يىلتىزىدىن چۈشەنمەيدۇ. نۇرغۇن ئادەم كۆپۈك بىلىملەرگە، پاخپاق كىتابلارغا ئالدىنىپ، چوڭقۇر كىتابلارنى ئوقۇمايدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە بىلىم كىرىزىسىنىڭ ئىپادىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇچۇر ۋە بىلىمنىڭ پارتلىشى، تور دەۋرى ۋە كېيىنكى مودېرنىزملىق ئالاھىدىلىككە ئىگە تۈرمۈش شەكلى پۈتكۈل دۇنيادا دېگۈدەك بىلىم كىرىزىسى پەيدا قىلدى. بۇ كىرىزىسنىڭ مۇھىم بىر ئىپادىسى ئامېرىكىدىمۇ چوڭقۇر كىتابلارنى ئوقۇماسلىق شەكلىدە ئىپادىلەندى. توغرىراقى، هازىر پەلسەپە، جەمئىيەتشۇناسلىق قاتارلىق ئادەمنى چوڭقۇر پىكىرگە ۋە

ئۆزى ياشاۋاتقان ئىجتىمائىي دۇنيانى چۈشىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشتۈرىدىغان ئىلىملەر هەققىدىكى كىتابلار جىق ئوقۇلمايۋاتىدۇ. بۇ ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن بىر خەتەرلىك سىگنال.

مەن پىروفېسسورغا ئۆزۈمنىڭ يېقىندىن بېرى پەلسەپە، ئەدەبىيات ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق هەققىدىكى كىتابلارنى چېتىپ ئوقۇۋاتقانلىقىمنى، بىر ساھەدە چەكلىنىپ قېلىپ تاشقىرىغا نەزەر سالماسلىقنىڭ ئادەمنى پىكىر دوگمىلىقىغا ۋە ئىدىيە تەسلىمچىلىكىگە باشلايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەنلىكىمنى ئېيتتىم.

ــ توغرا ئويلاپسىز، ــ دېدى پىروفېسسور پېتېر مانىكاس پىكرىمنى قۇۋۋەتلەپ، ــ بۇ ساھەلەر بىر ـ بىرىنى تولۇقلايدۇ. مەنمۇ ئەسلىدە پەلسەپىدە ئوقۇغان، جەمئىيەتشۇناسلىققا كېيىن قەدەم باستىم. ئەدەبىي ئەسەرلەرنى جىق ئوقۇيالمىغان بولسامۇ، تولستوي، فولكنېر قاتارلىق يازغۇچىلارغا ھۆرمىتىم چوڭقۇر. سىز دەۋاتقان ساھەلەردە كەڭ دائىرىلىك كىتاب ئوقۇغانغا يەتمەيدۇ. هازىرقى بىر ناچار يۈزلىنىش شۇكى، ئاكادېمىيەلەردىمۇ نۇرغۇن ئادەم ئۆز ساھەسىدىكىدىن باشقا كىتابنى ئوقۇمايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئىجتىمائىيەت، ئادىمىيەت پەنلىرى ساھەسىدىكى تارماق پەنلەر بىر ئوكيانغا تارقاق جايلاشقان تاقىم ئاراللارغا ئوخشايدۇ. ئوخشىمىغان ساھەلەردە ئىزدىنىۋاتقان بىز بولساق ئاشۇ تارقاق جايلاشقان تاقىم ئاراللاردىكى سەيياھلارغا ئوخشايمىز. ئەمما، بىز يەنە بىر ئارالدىمۇ ئادەم بارلىقىنى بىلمەيمىز ياكى ئۇنى ئېسىمىزگە كەلتۈرمەيمىز. ئەمەلىيەتتە بىز بىر بىلىم ئوكيانىدىكى پەرقلىق ئاراللاردا بىر ـ بىرىمىزنى بىلمەي، چۈشەنمەي يۈرگەن سەيياھلارمىز. يەنىلا كېسىشمە پەنلەر ساھەسىدە جىقراق كىتاب كۆرگەنگە يەتمەيدۇ. سىز تىلغا ئالغان پەلسەپە، جەمئىيەتشۇناسلىق، ئەدەبىيات پەنلىرىنىڭ قىممىتىنى هەقىقىي چۈشەنگىنىمىزدە هاياتىمىزغا نەچچە ئۆلۈش مەنە، ئەقلىمىزگە نەچچە قاتلام پىكىر قېتىلىدۇ، مەنىۋى دۇنيايىمىز تاۋلىنىدۇ.

هايات چارچاتقانسېرى، تېپىشماقلىق سوئاللىرىمغا جاۋاب تاپالمىغانسېرى پىروفېسسورۇمنىڭ كۆرسەتمىسىنى ئەسلەيدىغان بولۇپ قالدىم. «... دۇنيادا پەلسەپە، ئەدەبىيات ۋە جەمئىيەتشۇناسلىقنى بىرلىپ ئۆگىنىش هاياتىمىزغا زادى قانداق ياردەم بېرىدۇ؟» دېگەن سوئال خېلى ئۆزۈندىن بېرى كاللامدىن نېرى بولمىدى. ئەمەلىيەتتە مېنىڭ كاللامنى قوچۇۋاتقىنى پەلسەپىدە نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان تەتقىق قىلىنىۋاتقان، پىكىرگە ئوت يېقىپ كېلىۋاتقان «قانداق ياشاش كېرەك؟» دېگەن

يادرولۇق سوئالنىڭ ۋارىيانتى ئىدى. بۇ سوئالغا ئۆزىمىزگە خاس ئىسلام ئىدېئولوگىيەسى ئەلۋەتتە جاۋاب بېرەلەيتتى. ئەمما، ھايات تالىق بولماسلىقتا تېگىشلىك ئازابلىرى بىلەن مېنى قىينىغاندا، مېنىڭ ئۇ يادرولۇق سوئالنى ئۆزۈم چوڭقۇر ئىشتىياق باغلىغان ۋە بىر قەدەر چۈشىنىدىغان بۇ ئۈچ ساھەگە باغلاپ ئويلىنىشىم ئىزدىنىش ئۇسۇلۇم نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا تەبىئىي ۋە ساقلانغىلى بولمايدىغان يۈزلىنىش ئىدى.

بارغانچە ئازابپەرەس بولۇپ قالدىم. ئۇشۇقچە راھەتنى ئانچە خالاپ كەتمەيمەن. بىر نۇقتىدا تەسىراتىم چوڭقۇر، دەۋرنىڭ ۋاقىتلىق نېمەتلىرىدىن كۆرەڭلەپ ئۆتۈۋاتقان كىشىلەرگە ۋە يەنە ئۆزىنىڭ نەدىن كېلىپ نەگە كېتىۋاتقانلىقى ۋە كەم ئىكەنلىكىنى ماھىيەتتىن بىلىشكە ئۆلگۈرەلمىگەنلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا «قانداق ياشاش كېرەك؟» دېگەن سوئالنىڭ جاۋابى پۇل، ھوقۇق ۋە دۇنيا مەئىشىتىنى مەركەز قىلىدۇ؛ بۇنداق ئادەملەر پەلسەپە، جەمئىيەتشۇناسلىق ۋە ئەدەبىيات پەنلىرىنىڭ ئەھمىيىتى توغرۇلۇق ئويلىنىش توگۇل ئۇنىڭ ئەھمىيىتىدىنمۇ گۇمانلىنىدۇ. ئادەم مانا مۇشۇنداق كىشىلەر قورشاۋىدا قالغاندا، پەلسەپىدىكى مەڭگۈلۈك سوئالنى كىشىلەرنىڭ سەمگە سېلىشتىنمۇ ئېھتىيات قىلىدىغان بولۇپ قالىدىكەن. ئەمەلىيەتتە، روھ چارچىغان، ھاياتتا مەنىلەر ئاز قېلىۋاتقان كۆڭۈللەردە يادرولۇق ئەقىدىمىزدە چىڭ تۇرۇش شەرتى ئاستىدا ئەستايىدىل ئوقۇرمەنلەر بىلەن، روھنى پەرۋىش قىلىشنى توختاتمىغان كىشىلەر بىلەن بىرلىكتە ئەھمىيەتلىكرەك ياشاشنىڭ يوللىرى ئۈستىدە پىكىرلىشىش ئەھمىيەتسىز ئىش ئەمەس ئىدى. ئۆز نۆۋىتىدە بۇ يەنە پەلسەپە، ئەدەبىيات ۋە جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ تۇرمۇشتىكى رولى ھەققىدە جاۋاب ئىزدەشنى كۈتىدىغان، ۋەزنى ئېغىر ۋە سالماقلىق تەلەپ قىلىدىغان سوئال ئىدى.

مۇھاكىمىگە كىرىشتىن بۇرۇن ئىزدىنىش تەجرىبەمدىن كەلگەن بىر تەسىراتنى ئېنىق ئېيتىش كېرەككى، زامان ئالدىدىكى بىقۇۋۇللۇق، يالتىراق زامانىۋىلىق ۋە زىيادە ئۇچۇر چارچاتقان روھنىڭ، زەخىملەنگەن تەپەككۇرنىڭ داۋاسىنى ئىزدەشمۇ مەيلىگە قويۇۋەتسەك بولمايدۇ. چارچىغان روھىمىز ۋە خاتا تەپەككۇرىمىزنىڭ يېتەكلىشىدە ئۆمرىمىزنىڭ ئاخىرىغىچە ئاددىي بىر ھەقىقەتلەرنى تونۇپ يېتەلمەي، ئېسەنگىرەپ ياشىغۇچىلارنىڭ سېپىدىن چىقالماي، ھاياتىمىزنى ئۇھسىنىش ۋە ئۆكۈنۈش ئىچىدە ئاخىرلاشتۇرۇشىمىز تەبىئىي. ۋاھالەنكى، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدىكى بۇنداق ئۇھسىنىش ۋە كېچىككەن پۇشايمان، كېچىككەن تونۇش شۇ قەدەر ئازابلىق بولىدۇ. شۇڭا، ئىزدىنىشچان ئادەملەر ئۈچۈن دۇنيادا مەنىلىك ياشاشقا ياردەم بېرىدىغانلىكى بىلىملەرگە مۇراجىئەت قىلىش بىھۇدە ئىش ئەمەس.

ئەنە شۇنداق ئويلىنىشنىڭ تۈرتكىسىدە روياپقا چىققان بۇ ماقالىدە ئاساسلىقى «پەلسەپە، ئەدەبىيات ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق بەختلىك ياشىشىمىزغا قانداق ياردەم بېرىدۇ؟ قانداق شەرت ئاستىدا ياردەم بېرىدۇ؟ بىز تېپىشماقلارغا جاۋاب تېپىش ۋە ھاياتىمىزغا مەنە ئاتا قىلىش ئۈچۈن بۇ ئىلىملەردىن نېمىلەرنى ھېس قىلالىشىمىز مۇمكىن؟» دېگەن ئۈچ سوئالغا جاۋاب تېپىشقا تىرىشىمىز ۋە نۇقتىئىنەزەرلەرنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ھايات كەچمىشى، تارىخىي پاكىتلارنى تەھلىل قىلىش قاتارلىق تەتقىقات مېتودلىرىدىن پايدىلىنىمىز. ماقالىدە بۇ ئىلىملەرنىڭ ماھىيىتى ۋە كەسپىي ئالاھىدىلىكىدىن كۆرە، نۆۋەتتىكى رېئاللىقتا ئوينايدىغان رولىنى تۇتقا قىلىش؛ بۇ ئىلىملەرنىڭ قوللىنىشچانلىقىنى ئاشۇرۇش ۋە ئۆزىمىز بايقىمىغان كىتاب ۋە ساھەلەرگە قايتا يۈرۈش قىلىش؛ تور، سۈرەت، زىيادە ئۇچۇر، ئارتۇقچە ئىماگ ۋە ئىچكى- تاشقى ئەندىشە ئالاقزادىلىككە سالغان روھىي دۇنيايىمىزغا پىكىر ئارقىلىق جاسارەت ئاتا قىلىش قاتارلىق مەسىلىلەر ئاساسلىق مۇھاكىمە ئوبيېكتىمىز بولىدۇ. ماقالە پەلسەپە، ئەدەبىيات ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق قاتارلىق ئۈچ ئىلىمنىڭ ماھىيىتى، پىكىر ئېقىملىرى ۋە تارىخىي تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلمەيدۇ، ئەكسىچە سېھرىي كۈچى ۋە قۇدرىتىگە ھەم چەكلىملىكىگە بەكرەك دىققەت قىلىدۇ. يەنە يىغىپ كەلسەك، بۇ نۇقتا «بەختلىك ياشاش ئۈچۈن يەنە نېمە قىلالىشىمىز مۇمكىن؟ تېپىشماقلىرىمىزغا جاۋاب تېپىش ئۈچۈن يەنە نېمە قىلالىشىمىز مۇمكىن؟» دېگەن سوئالغا بېرىپ تاقىلىدۇ.

ئەلۋەتتە، بەختلىك ياشاش ۋە ئادەمدەك ياشاشنىڭ غول پرىنسىپى ھاياتتا ھىدايەت يولى ۋە يادرولۇق ئەقىدىدىن چەتنىمەي تۇرۇپ باتۇرلارچە ياشاشتۇر. لېكىن، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، ئەقىل بۇلىقىنى ئاچماي تۇرۇپ، پىكىر قىلماي تۇرۇپ ماڭغان ھىدايەت يولى ئوخشاشلا بىزنى گاڭگىراشقا ۋە ئازابقا ئېلىپ بارىدۇ. چۈنكى بىز پىكىر قىلماي تۇرۇپ، ئىزدەنمەي نوقۇل ھالدىكى قارىغۇلارچە ئىستىقامەت بىلەن ئولتۇرۇۋەرسەك، ھاياتنىڭ تېپىشماقلىق سوئاللىرىغا ئوخشاشلا جاۋاب تاپالمايمىز؛ ئاددىي ئەقىل بىزنى ئالدايدۇ.

پەلسەپە، ئەدەبىيات، جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ بىزگە قانداق ياردەم بېرەلەيدىغانلىقى ۋە ئەقلى ئويغاق، ئەستايىدىل ئوقۇرمەنلەرگە نېمە ئۈچۈن كىلاسسىك

پەلسەپۋى، ئەدەبىي كىتابلارنى ۋە نادىر جەمئىيەتشۇناسلىق ئەسەرلىرىنى ئوقۇشنى مۇراجىئەت قىلىشىمىزدىكى سەۋەبلەرنى ھېلى تەھلىل قىلىمەن. ئۇنىڭدىن بۇرۇن «بۇ ئۇچ ئىلىم بىزنىڭ دۇنيادا بەختلىك ياشىشىمىزغا ياردەم بېرەلەمدۇ؟» دېگەن سوئالغا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن ئۆزۈمنىڭ ئىزدىنىش يولىدىكى چوڭقۇر تەسىراتلىرىمدىن ۋە ھايات كەچمىشىمدىن ئۇچۇر بېرىش ئارقىلىق ئوقۇرمەنلەرنى رەسمىي مۇھاكىمىگە كىرىشتىن بۇرۇن پىكىرگە ئۈندەيمەن. چۈنكى، تۇيغۇداش قەلبلەر ھايات كەچمىشلىرىدىن ئورتاق ھېسسىياتنى تېپىۋالىدۇ ۋە ئۈنسىز دىيالوگ ئىچىدە بىر ـ بىرىنى باغاشلاپ پىكىر ئىچىدە تاۋلىنىدۇ. مەن ئۆزۈمنىڭ ھايات كەچمىشلىرىدىن قۇرلارنى تىزىۋاتقان مۇشۇ دەقىقىلەردە، قەلبداش ئوقۇرمەنلىرىم ئۆزىگە خاس كەچمىشلىرىنى ئەسكە ئالىدۇ ۋە ئالدىراش تۇرمۇش رىتىمىدا نېمە ئۈچۈن كىلاسسىك ئەسەرلەرنى ئوقۇشنى توختىتىپ قويغانلىقىنىڭ ۋە ئۇنىڭغا دېگەندەك ۋاقىت چىقىرالمايۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبى ئۇستىدە ئويلىنىدۇ. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئارامىغا كەتكەن نېرۋىلارنى ئىدىتقلايدىغان ئەھمىيەتلىك بىر ئىشتۇر.

1986 ـ يىلى 11 يېشىمدا دادام داۋاملىق مۇشتەرى بولىدىغان «دۇنيا ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «قۇرئاندىكى قىسسەلەر» ۋە گوگولنىڭ «تاراس بولبا» قاتارلىق كىلاسسىك ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشقىنىمدىن تارتىپ، 1996 ـ يىلى دوستويېۋسكىنىڭ «جىنايەت ۋە جازا» ناملىق رومانىنى بېرىلىپ ئوقۇشقىچە، ئەڭ ئاخىرىدا ئوقۇش پۈتكۈزۈش ماقالەم ئۈچۈن مۇشۇ رومانىنىڭ تەرجىمىسىگە ئوبزور يېزىشقىچە بولغان 10 يىل ئىچىدە 50 كە يېقىن كىلاسسىك ئەدەبىي ئەسەرنى ئوقۇپتىمەن. بۇنىڭ ئىچىدە ماڭا ياشار كامالنىڭ «مەممەت ئاۋاق» ناملىق رومانىنىڭ بەرگەن تەسىراتىمۇ چوڭقۇر بولدى. «مەممەت ئاۋاق» رومانىنى 1990 ـ يىلى دادام ئۆيگە ئېلىپ چىققاندا ئاكىلىرىم بىلەن تالىشىپ تۇرۇپ ئوقۇغانىدۇق. مەن ئولتۇرغان ـ قوپقان يېرىمدە، ئەدەبىيات كەسپىدە ئوقۇغان ئاكام بىلەن بولغان پاراڭ ئارىلىقىدا رىۋايەتكە، قەلبىمىزدىكى قەھرىمانغا ئايلانغان مەممەت ئاۋاق توغرۇلۇق سۆزلەيتتىم. ئىچىمدە باتۇر مەممەت ئاۋاقنىڭ خەدىچە بىلەن تېزراق ۋەسلىگە يېتىشىنى، ئابدى ئاغىنىڭ رەزىل مەقستىگە يېتەلمەسلىكىنى تىلەيتتىم. ئويلاپ باقسام، شۇ چاغلاردا ياشار كامالنىڭ بۇ بۈيۈك ئەسىرى بالىلىق چېغىمدا روھىمنى زىلزىلىگە سېلىپ، «ئىز»، «ئويغانغان زېمىن»، «ئەسىردىن ھالقىغان بىر كۈن»، «قىيامەت» قاتارلىق كىلاسسىك ئەسەرلەر بىلەن قايناق تۇيغۇ ـ ئىلھام، ئېستېتىك زوق يېتىلدۈرۈشكە ۋە بالىلىقىمنى تەلپۈنۈش، ئىلھام ئىچىدە ئۆتكۈزۈشۈمگە ئاساس سالغانىكەن. كېيىن تولستوينىڭ «تىرىلىش»، گارسىيە ماركوزنىڭ «يۈز يىل غېرىبلىق»، شولوخوفنىڭ «تىنىچ دون»، ھيۇگونىڭ «خارلانغانلار»، تۇرگېنيېفنىڭ «ئاتىلار ۋە بالىلار» قاتارلىق ئەسەرلىرىنىڭ روھىي دۇنيايىمغا بەرگەن ئىلھامى تولىمۇ چوڭقۇر بولدى. ئەنە شۇ قايناق ئىلھاملارنىڭ ياردىمىدە خەنزۇ تىلىنى بىزگە دەرسلىك قىلىپ ئۆتۈلۈۋاتقان دەرسلىك كىتابلاردىن ئەمەس، داڭلىق ئەسەرلەرنىڭ خەنزۇچىسىنى ھەجىلەپ يۈرۈپ، ئۇيغۇرچىسى بىلەن سېلىشتۇرۇپ يۈرۈپ ئۆگەندىم. بۇ جەرياندا ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچىسىنى سېلىشتۇرۇپ ئوقۇغان ئەسەرلەردىن تاگورنىڭ ئەخمەت ئىمىن تەرجىمە قىلغان «ھالاكەت» ناملىق رومانى ۋە رۇس يازغۇچىسى ئاناتولى ئىۋانوفنىڭ مۇساجان ئەزىزى تەرجىمە قىلغان «ئاداۋەت» ناملىق رومانىنىڭ ماڭا بەرگەن چەكسىز لەززىتىنى ۋە خەنزۇچە سەۋىيەمنىڭ تېز ئۆسۈپ، ئەدەبىي تەرجىمىگە كىرىشىشىمدە ئوينىغان رولىنى ھازىرغىچە سېغىنىش ئىچىدە ئەسلەيمەن. ئەنە شۇنداق كىلاسسىك كىتابلارنى چۆكۈپ ئوقۇش، سېلىشتۇرۇپ ئۆگىنىش نەتىجىسىدە ئۇزاق ئۆتمەيلا شۇ چاغدىكى نوپۇزلۇق ژۇرناللارنىڭ بىرى بولغان «دۇنيا ئەدەبىياتى» دا ئارقا ـ ئارقىدىن تەرجىمىلىرىم ئېلان قىلىندى. مەن تەرجىمە قىلغان چېخوف ھېكايىلىرى، جىبران نەسرلىرى ۋە ستفان زىۋگنىڭ «ئاجايىب مەخپىيەت»، گارسىيا ماركوزنىڭ «پولكوۋنىكقا ھېچكىم خەت يازمايدۇ»، «ئالدىنئالا پۈر كەتكەن قاتىللىق ۋەقەسى» قاتارلىق ئەسەرلەر «دۇنيا ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدا ۋە «دۇنياۋى مەشھۇر پوۋېستلار مەجمۇئەسى» دە ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلان قىلىندى. يەنە ئامېرىكا يازغۇچىسى مىچېل زۇھانىڭ «ئۆلۈم كۆلەڭگىسى» ناملىق رومانىنى ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن يىلى، يەنى 1996 ـ يىلى «دۇنيا ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىشقا مۇۋەپپەق بولدۇم. 1998 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئىنگلىز تىلىنى رەسمىي ئۆگىنىشكە كىرىشكەندىمۇ خەنزۇچە ئۆگەنگەن چاغدىكى ئادىتىم بويىچە جېن ئوستېننىڭ «ھاكاۋۇرلۇق ۋە ئاداۋەت» ناملىق رومانىنىڭ خەنزۇچە ـ ئىنگلىزچىسىنى سېلىشتۇرۇپ كۆردۈم، ئىنگلىز تىلىدا ئىلگىرىلىشىممۇ تېز بولدى. 2001 ـ يىلىدىن كېيىن ھېمىڭۋاينىڭ «مۇشتۇمزور» ناملىق ھېكايىسىنى، جامېس جويسنىڭ «ئەرەب بازىرى» قاتارلىق ئەسەرلىرىنى ئىنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلدىم. ئاشۇ ئەسەرلەردىن بىر قىسمىلىرىنى چۆكۈپ ئوقۇش، بىر قىسمىلىرىنى سېلىشتۇرۇپ ئوقۇش، يەنە بىر قىسمىلىرىنى تەرجىمە قىلىش جەريانىدا روھىمنى تاۋلاش، جاپالارغا

چىداش، ئازابلارغا تاقابىل تۇرۇش، ئۈمىدۋار بولۇشنىڭ يوللىرىنى ئۆگەندىم، تەسەۋۋۇرۇم جانلاندى. شۇڭا مەن ئىشەنچ بىلەن «كىلاسسىك ئەدەبىي ئەسەر بىزنى ئۈمىدكە يېتەكلەيدۇ، ھاياتنىڭ تارتىشىدىغان يەرلىرىنى ھېس قىلدۇرىدۇ، روھىمىزنى تاۋلايدۇ، نادىر ئەسەرلەرنى قايتا قولىمىزغا ئالايلى» دەپ خىتاب قىلىمەن.

ئۇنىڭغا باققاندا، مېنىڭ پەلسەپىنىڭ سېھرىي كۈچى ۋە قۇدرىتىنى ھېس قىلىش جەريانىم ئۇنچە ئوڭۇشلۇق ۋە ھۇزۇرلۇق بولمىدى، جىق ئەگرى يوللارنى باستىم. يېتەكلەيدىغان ئۇستاز بولمىغانلىقى، بىزدە يۈسۈف خاس ھاجىپتىن تارتىپ تاكى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىنگىچە بولغان 9 ئەسىر ئىچىدە پەلسەپە ئىزچىللىقى ئۈزۈلۈپ قالغانلىقى، ئۇيغۇرچە ئوقۇي دېسەم تاكى 1990- يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە تۈزۈك پەلسەپە كىتابلىرىنىڭ بولماسلىقى قاتارلىق بىر مۇنچە سەۋەبلەر تۈپەيلى پەلسەپە ئۆگىنەي دېسەممۇ ئارمانغا تۇشلۇق دەرمان بولماي ۋاتاتتى. پەلسەپە ئۆگىنىش ھەققىدىكى تۇنجى تەسىراتىم 1995- يىلى روزى ھېيتتا قومۇلغا بارغاندا داۋۇتجان ئوبۇلقاسىم بىلەن كۆرۈشۈش ۋە شۇ يىلى كۈزدە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو تىللىرى فاكۇلتېتىغا ۋاكالىتەن باش مۇنازىرىچى بولۇپ چۈشكەن مۇنازىرىلەرگە تەييارلىق قىلىش جەريانىدىكى كەچۈرمىشلىرىمگە چېتىلىدۇ. 1995- يىلى قومۇلغا بارغىنىمدا ئۇيغۇرلارغا يېقىنقى ئون يىل ئىچىدە «سوفىيەنىڭ دۇنياسى»، «ئەرەب تىلىدا يېزىلغان پەلسەپە» قاتارلىق پەلسەپە كىتابلىرىنى تونۇشتۇرغان ئۆتكۈر زىيالىي داۋۇتجان ئوبۇلقاسىم بىلەن كۆرۈشتۈم. ئۇ سۆھبەت ئارىلىقىدا ئۆزىنىڭ ئىنگلىز، گېرمان پەلسەپىسىنى ئەسلىي تىلىدا ئوقۇش ئۈچۈن ئىنگلىزچە، گېرمانچە ئۆگەنگەنلىكىنى تىلغا ئالدى. ئۇنىڭ شۇ قېتىمقى پاراڭدا دېگەن گەپلىرى ماڭا قاتتىق تەسىر قىلدى.

كېيىن مەكتەپلەردە بولغان مۇنازىرىلەر پەلسەپىگە بولغان قىزىقىشىمغا ئائىت ئەسلىمەمنىڭ بىر پارچىسى سۈپىتىدە خاتىرەمدە ساقلاقلىق. شۇ چاغلاردا مەكتەپتە «ئاڭ ماددىنى بەلگىلەمدۇ ياكى ماددا ئاڭنى بەلگىلەمدۇ؟» دېگەن پەلسەپە ئۈچۈن مەڭگۈلۈك تالاش- تارتىشنىڭ پىلتىسى بولغان تېمىدا مۇنازىرە بولدى. ئۇ چاغلاردا ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا پەلسەپە ئۆگىنىپ جىمغۇر بالىدىن بىراقلا داڭلىق مۇنازىرىچىگە ئايلانغان ئاتۇشلۇق نۇرمۇھەممەت دېگەن بالىنىڭ بىر تۈركۈم ياشلارغا كۆرسەتكەن تەسىرى ناھايىتى چوڭقۇر بولغانىدى. كېيىن بىيولوگىيە فاكۇلتېتىنىڭ بىر چوڭ سىنىپىدا ئۆتكۈزۈلگەن «قىيىنچىلىقتىن ئەگىپ ئۆتۈش كېرەكمۇ ياكى بۆسۈپ ئۆتۈش كېرەكمۇ؟» دېگەن مۇنازىرىدە قانۇن فاكۇلتېتىدىكى داڭلىق مۇنازىرىچى بورتاالالىق ئادىلجان دېگەن بالىمۇ مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. ئۇ گېرمانىيە پەيلاسوپى شوپېنخاۋېرنىڭ ئىرادىچىلىك پەلسەپىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانىكەن. مۇنازىرىدە دۇنيانىڭ ئىرادىنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكى، شۇڭا قىيىنچىلىقتىن بۆسۈپ ئۆتۈش كېرەكلىكى ھەققىدىكى قاراشلىرىنى پەلسەپىۋى نۇقتىدىن شەرھلەپ قارشى تەرەپنى ئوبدانلا تەمتىرەتتى. مەن ئۇ چاغلاردا تۆۋەن يىللىقتا بولغاچقا مۇنازىرىلەرگە رەسمىي قاتناشمىغانىدىم. كېيىن مەكتەپتە بولۇپ تۇرىدىغان قايناق مۇنازىرىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن پەلسەپە كىتابى ئىزدىدىم، كۇتۇپخانىدىن رۇس ئاپتورلاردىن م. روزېنتال ۋە پ. يۇدېنلار يازغان «قىسقىچە پەلسەپە لۇغىتى» نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى تاپتىم. ئۇ كىتابتا پەلسەپە ئاتالغۇلىرىغا ۋە پەيلاسوپلارغا خېلى تەپسىلىي شەرھ بېرىلگەنىدى. لېكىن، كانت، شوپېنخاۋېر، سپىنوزا قاتارلىق ئىدېئالىزمچى پەيلاسوپلارغا شۇ چاغدىكى سوۋېت ئىدېئولوگىيەسىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىنمۇ ئەيتاۋۇر ھەر خىل قالپاقلار كەيدۈرۈلگەن ۋە ئۇلار خۇنۇكلەشتۈرۈلگەنىدى. فېيېرباخ قاتارلىق «دىن ئەپيۇن» دەپ قارايدىغان ماتېرىيالىزمچى پەيلاسوپلار بولسا كۆككە كۆتۈرۈلگەنىدى. ئاشۇ كىتابنى خېلى ئۇزۇن ئوقۇدۇم، پايدىسىنى كۆرۈپ خېلى گەپدانمۇ بولۇپ قالدىم. 1995- يىلى فاكۇلتېتقا ۋاكالىتەن باش مۇنازىرىچى بولۇپمۇ چۈشتۈم. ھازىر ئويلاپ باقسام، كېيىنكى يىللاردا نۇتۇق ئىلمىگە ئىشتىياق باغلىشىمدا، «سەرخۇش ئىنگلىز تىلى تەربىيەلەش مەكتىپى» دە ۋە ھەر قايسى ئۇنىۋېرسىتېتلاردا سۆزلىگەن نۇتۇقلىرىمدا شۇ چاغدا مۇنازىرىگە قاتنىشىش داۋامىدا ئېرىشكەن تەجرىبىلىرىم ئوبدانلا ئەسقاتقانىكەن. ئوقۇغان كىتابلىرىمدا قايسى نۇقتىدىن يېتەكلەنگەن بولۇشۇمدىن قەتئىينەزەر، پەلسەپىگە بولغان بالىلارچە ئىشتىياق تەپەككۇر ئىقتىدارىمنىڭ يېتىلىشىدە ئوبدانلا رول ئوينىغانىكەن.

1996- يىلى ئاپتونوم رايونلۇق دۆلەت باج ئىدارىسىگە تەرجىمان بولۇپ ئورۇنلاشقاندىن كېيىن «مۇسۇلمانلارنىڭ ئاخىرەتلىكى» دېگەن رومانىنى تەرجىمە قىلىش (مەن ئىككىنچى قىسمىنى تەرجىمە قىلغان)، ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىش، كۇرس ئېچىش، «سەرخۇش ئىنگلىز تىلى» ۋە «جانغا ئەسقاتىدىغان سەرخۇش ئىنگلىز تىلى گىراماتىكىسى» نى تۈزۈش جەريانىدا پەلسەپە ئۆگىنىشكە جىق ۋاقىت ئاجرىتالمىغان بولساممۇ، ئەمما ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنغان پەلسەپىگە ئائىت كىتابلاردىن «ئەپلاتون پاراڭلىرى»، «زورو ئاستېر شۇنداق

دەيدۇ»، «ئەرەب تىلىدا يېزىلغان پەلسەپە»، «سوفىيەنىڭ دۇنياسى» قاتارلىق كىتابلارنى ئېلىپ ئوقۇپ تۇردۇم. يەنە ئەخمەت ئىمىنىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن «نىچشې»، «سارترې» قاتارلىق پەلسەپىگە ئائىت ئىككى پارچە ئىنگلىزچە ـ خەنزۇچە سېلىشتۇرما كىتابنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلدىم. 2004 ـ يىلىدىن كېيىن ئالدىراشلىق ئىچىدە پەلسەپە ئۆگىنىشىم توختاپ قالدى.

پەلسەپىگە قايتىدىن قىزىقىشىمغا ئىككى ئىش سەۋەب بولدى. بىرى، جەمئىيەتشۇناسلىق نەزەرىيەسى ئۆگىنىۋېتىپ، چوڭقۇرراق پىكىر قىلىش ئۈچۈن پەلسەپە ئۆگىنىش زۆرۈرىيىتى ھېس قىلدىم؛ يەنە بىرى، 2009 ـ يىلى دېكابىر ئېيىنىڭ ئاخىرىدا تېپىشماق سوئاللارغا جاۋاب ئىزدەش ئۈچۈن بۇ نۇقتىنى روشەن ھېس قىلدىم. جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ پەلسەپىدىن شاخ ئايرىپ چىققان پەن ئىكەنلىكىنى بىلسەممۇ، پەلسەپە ھازىرقى زامان مەسىلىلىرىگە جاۋاب بېرىشتە جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ، دەپ ئويلايتتىم. كېيىن جەمئىيەتشۇناسلىقتىكى نۇرغۇن نەزەرىيەلەرنىڭ يىلتىزىنىڭ پەلسەپىگە تۇتىشىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتىم. 2009 ـ يىلى ئاخىرىدا قولۇم ئىشقا بارمىدى، ھاياتىمدا مەنە قالمىغاندەك بىر مەزگىل تېڭىرقاپ يۈردۈم. ئەنە شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئامېرىكىدىكى داڭلىق ئالىي مەكتەپ پىرىنستون ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مەشھۇر پروفېسسورى، گېرمان پەيلاسوپى فرىدېرىخ نىچشېنى ئىنگلىز تىللىق پەيلاسوپلارغا تونۇشتۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىغان ۋالتېر كافماننىڭ «مەۋجۇدىيەتچىلىك پەلسەپىسى: دوستويېۋسكىدىن سارترېغىچە» دېگەن كىتابى قولۇمغا چۈشۈپ قالدى. ئاپتور كىرىش سۆزىدە «مەۋجۇدىيەتچىلىك پەلسەپىسىنىڭ يادرولۇق سوئالى ـ تىراگېدىيەلىك بىر دۇنيادا ئازابلارغا قانداق يۈزلىنىش كېرەك؟» دەپ يېزىپتۇ ۋە ئۇنى ناھايىتى ئاممىباب تىلدا چۈشەندۈرۈپتۇ. كۆز ئالدىم تۇرۇپلا يورۇپ كەتكەندەك بولدى. ئۇ كىتابنى سېتىۋېلىپ بېرىلىپ ئوقۇدۇم. ئەسلى مەۋجۇدىيەتچى پەيلاسوپ ۋە مۇتەپەككۇرلاردىن دوستويېۋسكى، كېركېگارد، نىچشې، هايدېگېر، ئۇبامانو، سارترې قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى چەكسىز ئازاب ـ ئوقۇبەت ۋە تىراگېدىيەگە يۈزلەنگەنىكەن، ياكى ۋەتىنى ئېغىر تالالاش ئىچىدە قالغاندا ياشىغانىكەن، «نېمە قىلىش كېرەك؟» دېگەن مەڭگۈلۈك سوئال ئۈستىدە ئويلانغانىكەن. ئۇلار ياراتقان مەۋجۇدىيەتچىلىك پەلسەپىسى ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ئۆزى ياشىغان ئىجتىمائىي مۇھىت بىلەن قىلغان دىيالوگىنىڭ نەتىجىسى ئىكەن، يازغانلىرى قۇرۇق گەپ ئەمەسكەن.

جەمئىيەت نەزەرىيەسىدىن ئۆتۈپ غەربنىڭ پەيلاسوپلىرىدىن ئەپلاتون، ئارستوتېل، دېكارت، كانت قاتارلىق گىگانتلارنى بايقاش جەريانىم، ئاندىن شۇ جەرياندا غەربتە ھېلىھەم تەسىرى بار فارابى، ئىبن سىنا، ئەل غەززالى، ئىبن رۇشد، ئىبن خالدۇن قاتارلىق مۇتەپەككۇر ـ پەيلاسوپلارنى بايقاش جەريانىم بىر ـ بىرىنى تەقەززا قىلىپ گىرەلىشىپ كەتتى. ئىزدىنىشلىرىم بىكار كەتمىدى. ھەيرانلىق ئىچىدە شۇنداق بايقاشلارغا ئېرىشتىمكى، 20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتىدا دەرس ئۆتكەن مەشھۇر لوگىكچى پەيلاسوپ ئالبېرت ۋايتخېدنىڭ دېگىنىدەكلا « غەرب پەلسەپىسىدە ھېلىھەم قىلىنىۋاتقىنى ئەپلاتون ۋە ئارستوتېل ئوربىتىسىدا چۆرگىلەش ۋە ئۇ ئىككىسىنىڭ ئەسەرلىرىنى قايتا شەرھلەش» ئىكەن. بىز ھازىر كۆتۈل بولۇۋاتقان نۇرغۇن نەرسىلەرنى 2700 يىل بۇرۇن، يەنى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 4 ـ ، 5 ـ ئەسىرلەردە ئەپلاتۇن ۋە ئارستوتېل دەپ بولغانىكەن. ئەمەلىيەتتە دۇنيانىڭ ماھىيىتىنى ئاڭغا، غايىگە باغلايدىغان بارلىق ئىدېئالىزمچىلار، مېتافىزىكىلىق پىكىرنى تەكىتلەيدىغان ئەقلىيەتچى پەيلاسوپلار ئەپلاتۇننىڭ شاگىرتى ئىكەن. «ئىسپاتلاشتىن، تەجرىبىدىن ئۆتمىگەن بارلىق بىلىم ئىشەنچسىزدۇر» دېگەن قاراشنى ياقلايدىغان لوك، يۇم قاتارلىق ھازىرقى، يېقىنقى زاماندا ئۆتكەن تەجرىبىچى پەيلاسوپلار ۋە ھازىر ئەنگلىيە، ئامېرىكىدا غوللۇق پەلسەپە ئېقىمىغا ئايلانغان لوگىكا پەلسەپىسى ـ ئەسلىدە ئارستوتېل باشلاپ بەرگەن «ئېرىشىلگەن تونۇشنى تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈش كېرەك» دېگەن قاراشنى ياقلايدىغان پەيلاسوپلارنىڭ شاگىرتلىرى ئىكەن. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، نۇقتىئىنەزەرنى پاكىت ـ دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلاش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان جەمئىيەتشۇناسلىق ئاساسچىسى ئاۋگۇست كومت ۋە ھازىرقى جەمئىيەتشۇناسلار ئەپلاتۇننىڭ ئەمەس، ئارستوتېلنىڭ شاگىرتلىرى بولۇپ چىقىدىكەن. يەنە شۇنىڭدەك، ئەپلاتۇن، ئارستوتېل قاتارلىق گىرېك پەيلاسوپلارنىڭ شەرھىنى مۇسۇلمان پەيلاسوپلاردىن فارابى، ئىبن سىنا ۋە ئىبن رۇشد قاتارلىقلار يېشىپ بەرگەنىكەن. غەربلىكلەر ئاشۇ كىلاسسىكلىرىنى چۈشىنىشتە مۇسۇلمان پەيلاسوپلارنىڭ شەرھىسىنى ئاساس قىلغانىكەن. مۇشۇ باغلىنىشنى جەمئىيەتشۇناسلىقنى ئۆگەنگىنىمدىن كېيىن، يەنى 35 يېشىمدا بايقىغىنىم ئۆزۈمگە بەكمۇ قىزىقارلىق بولدى. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ۋەتەنىدە ئانچە مەنىستىمىگەن ياكى قىزىقىپ كەتمىگەن مۇسۇلمان پەيلاسوپلارنىڭ قىممىتىنى ئامېرىكىغا كېلىپ قايتىدىن

بايقىدىم دېسەممۇ بولىدۇ.

جەمئىيەتشۇناسلىق نەزەرىيەسىنى ئۆگىنىۋېتىپ جەمئىيەتشۇناس پېئېر بوردىئو ئارقىلىق گېرمان پەيلاسوپى كانتنى، جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ ئاساسچىسى ئاۋگۇست كومتنى ئۆگىنىۋېتىپ بۇ پەنگە غەربلىكلەردىن تۆت-بەش ئەسىر بۇرۇن ئاساس سالغان مۇتەپەككۇر ئىبن خالدۇن ۋە ئۇنىڭ كىلاسسىك ئەسىرى «مۇقەددىمە» نى بايقىدىم. يەنى پېئېر بوردىئونىڭ «ئېستېتىك زوق» ھەققىدىكى دۇنياغا داڭلىق مەشھۇر ئەسىرىنى ئوقۇۋېتىپ ئۇنىڭ بىر ئىلھام مەنبەسى كانتنىڭ ئېستېتىكا ھەققىدىكى قاراشلىرى ئىكەنلىكىنى بايقىدىم.

ماڭا ئۇنىڭ «بىلىم ۋە ئەقىل ھەممە مەسىلىنى ھەل قىلالمايدۇ. بىلىمنى ئازراق چەكلەپ ئەقىدە ئۈچۈن ئورۇن بېرىڭلار!» دېگەن قارىشى بەك تەسىر قىلدى ۋە دىققىتىمنى مۇسۇلمان پەيلاسوپلارنىڭ ئاشۇ ئىدىيە ئىلگىرى سۈرۈلگەن ئەسەرلىرىگە مۇراجىئەت قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ ئاساسچىسى، فىرانسىيەلىك ئاۋگۇست كومت ئىبن خالدۇننى بايقىشىمغا سەۋەب بولدى. سەۋەبى، «جەمئىيەتنى تەبىئىي پەندە ماددىنى تەتقىق قىلغاندەك ئىلمىي، تەجرىبىچە يوسۇندا تەتقىق قىلغىلى بولىدۇ» دېگەن قاراشنى غەربتە تۇنجى بولۇپ ئاۋگۇست كومت ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، ئۇ قاراشنى مۇسۇلمان ئالىمى ئىبن خالدۇن 15- ئەسىردە ئوتتۇرىغا قويۇپ بولغانىكەن. بۇ كېچىكىپ بايقاشتىن قاتتىق ھەيران قالدىم ۋە ئىسپاتلاشتىن ئۆتكۈزمەي قۇرۇق پىكىر ھالىتىدە قېپقالغان بىلىمنىڭ ئىشەنچسىز بولىدىغانلىقىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتىم. ئاشۇ ئويلارنىڭ تۈرتكىسىدە مەجىد فاخرۇنىڭ «ئىسلام پەلسەپە تارىخى» ناملىق كىتابىنىڭ ئىنگلىزچە ئەسلىي نۇسخىسىنى تېپىپ ئوقۇدۇم ۋە نۇرغۇن تېپىشماقلىق سوئاللىرىمغا جاۋاب تاپتىم.

جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ سېھرىي كۈچىنى ھېس قىلىش جەريانىم ئەمەلىيەتتە پەلسەپىنىڭ ۋە ئەدەبىي ئەسەرنىڭ چەكلىملىكىنى ھېس قىلىش جەريانىم بولدى. سەۋەبى، فىرانسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابىدىن كېيىنكى ھازىرقى زامان جەمئىيەتشۇناسلىرى پەيدا قىلغان زامانىۋىلىق، يەر شارىلىشىش، ئەقلىي ھەرىكەت، كاپىتالىزم ئۇقۇملىرىغا ۋە بۇ ھەقتىكى تېپىشماقلارغا جاۋاب بېرىشتە پەلسەپە ئاجىز كېلىدىكەن. كىلاسسىك رومانلار شۇ دەۋرنى چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بەرسىمۇ، ئەمما جەمئىيەتشۇناسلىق پەيدا قىلغان سوئاللارغا جاۋاب بېرەلمەيدىكەن. جەمئىيەتشۇناسلىقتىن ئىبارەت بۇ ياش پەننىڭ پەيدا بولۇشىدا 19- ئەسىردە رەسمىي يوسۇندا بارلىققا كېلىپ راۋاجلانغان سانائەتلىشىش، ئىنقىلاب، كاپىتالىزم، مىللەتپەرۋەرلىك، شەھەرلىشىش، زامانىۋىلىشىش ھادىسىلىرى پەيدا قىلغان مەسىلىلەرگە جاۋاب تېپىش ئۇرۇنۇشى مۇھىم رول ئوينىغانىكەن.

تارىخنىڭ يۈرۈشۈش قانۇنىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك بىر تېپىشمىقىمغا ھازىرقى دۇنيا ئىجتىمائىيەت، ئادىمىيەت پەنلىرى ساھەسىدە قىزىق نۇقتا بولۇۋاتقان فىرانسىيەلىك جەمئىيەتشۇناس مىچېل فۇكاۋنىڭ «تۈزۈم ۋە جازا»، «ساراڭلىشىش تارىخى» قاتارلىق ئەسەرلىرى جاۋاب بەردى. بۇ ۋاقىتتىكى ئويلىنىشىمغا 2010- يىلى ئاپرېلدا قىرغىزىستاندا يۈز بەرگەن قانلىق ۋەقەلەر ۋە ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر، پاكىستاندىكى ئايىغى ئۈزۈلمەيۋاتقان توقۇنۇشلار سەۋەب بولدى. «نېمىشقا ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ دۆلىتىدىمۇ يەنە ئارام تاپمايدۇ؟ نېمىشقا خەلق ئۇ دۆلەتلەردە سىياسىي ئالدامچىلارنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ؟» دېگەن سوئاللار ئادەمنى چارچىتىدىغان، ئەمما ئويلىنىشقا تېگىشلىك سوئاللار ئىدى.

ھالبۇكى، جەمئىيەتشۇناسلىق مېنىڭ رېئاللىق ھەققىدىكى تېپىشماقلىرىمغا جاۋاب بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە كەيپىياتىمنى تۆۋەنلىتىپ مېنى ئازابلارغا مۇپتىلا قىلاتتى. بۇنداق چاغلاردا مەن «بۇ ئازابلارغا قانداق تاقابىل تۇرۇشۇم كېرەك؟» دەپ ئۆزۈمدىن سورايتتىم. يەنە بەزى چاغلاردا كېگارد ئاساسىنى سالغان مەۋجۇدىيەتچىلىك پەلسەپىسى ۋە ياخشى يېزىلغان شېئىرلار ماڭا ئۈمىد بېغىشلاپ، ھاياتتا تارتىشىدىغان نەرسىلەرنىڭ جىقلىقىنى ھېس قىلدۇراتتى. ئەمما بىر نەچچە كۈن مەخسۇس ئەدەبىي ئەسەر ياكى پەلسەپىۋى ئەسەرلەرنى ئوقۇغىنىمدىن كېيىن ھاياجانغا بېرىلىپ ئۆزۈمنىڭ رېئاللىقتىن ئايرىلىپ قېلىۋاتقانلىقىمنى بايقايتتىم- دە، يەنە جەمئىيەتشۇناسلىققا مۇراجىئەت قىلاتتىم. ئەدەبىيات ماڭا ئېستېتىك زوق ئاتا قىلىپ ئازابلىرىمنى يەڭگىللەتسە، پەلسەپە ماڭا چوڭقۇر ئويلىنىش ۋە پىكىر ئىچىدە ياشاشنىڭ ھوزۇرىنى ھېس قىلدۇراتتى. دېمەك، ئىزدىنىش سەپىرىمدىن شۇنداق بىر نۇقتا مەلۇملۇق ئىدىكى، ئەدەبىيات، پەلسەپە ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق بىر- بىرىنى تولۇقلايتتى ھەم ھەربىر ئىلىمنىڭ ئۆز ئالدىغا ئايرىم سېھرىي كۈچى ۋە چەكلىملىكى بار ئىدى. ئەمدى بۇ خۇسۇستا تېخىمۇ چوڭقۇرراق مۇھاكىمىگە ئۆتۈش ئۈچۈن ھايات كەچمىشىمدىن تەسىرات تونۇشتۇرۇش باسقۇچىدىن ھالقىپ، «پەلسەپە، ئەدەبىيات ۋە جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ سېھرىي كۈچى ۋە قۇدرىتى قانچىلىك؟ چەكلىملىكچۇ؟» دېگەن سوئال ئۈستىدە ئازراق توختىلىمەن.

## پەلسەپە، ئەدەبىيات ۋە جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ سېھرىي كۈچى ۋە چەكلىمىلىكى

پەلسەپەنىڭ سېھرىي كۈچى ۋە چەكلىمىلىكى. پەلسەپىنىڭ ماھىيىتى ۋە رولى ھەققىدە ھازىرغىچە ھەر خىل تەبىرلەر ۋە چۈشەنچىلەر بېرىلىپ كەلدى. ئاشۇ تەبىرلەرنى يىغىپ تەھلىل قىلىشنىڭ ئۆزىلا بىر پارچە ئىلمىي ماقالىنىڭ يېزىلىشىنى تەقەززا قىلىدۇ. شۇڭا بۇ يەردە پەلسەپە ھەققىدە ئۆزىمىز مۇھىم دەپ قارىغان بىر قانچە تەبىرنى بېرىش بىلەنلا چەكلىنىمىز. گېگىلنىڭ قارىشىچە، پەلسەپە ئىنسانلارنىڭ ياتلىشىش ۋە ئۆز- ئۆزىدىن يىراقلىشىش ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلۇش يولىدىكى تىرىشچانلىقىنىڭ مەھسۇلىدۇر[2]. دۇرھام ئۇنىۋېرسىتېتى پەلسەپە فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى داۋىد كۇپېر پەلسەپىگە: «ئىنسانغا ماددىي دۇنيادىكى ئورنىنى ۋە بۇ ئورنىنىڭ ئۇنىڭ شۇ ماددىي دۇنياغا يۈزلىنىشىدە نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى تونۇتىدىغان ئىلىم» دەپ تەبىر بېرىدۇ[3]. كىشىلەر بىر نەرسىلەرنى پىكىرنىڭ ياردىمىدە ھەقىقىي چۈشەنگىنىدە، ئىلگىرى ھېس قىلغان بىر مۇنچە تونۇشلىرىدىن گۇمانلىنىدىغان بولىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە ئىنساننىڭ ئۆز- ئۆزىنى تونۇۋاتقانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر. ئادەم ئۆزىنى تونۇغاندىلا ئاقىلانە قارار چىقىرالايدىغان بولىدۇ؛ خام خىياللارغا ۋە دوگما تونۇشقا ئالدانمايدىغان بولىدۇ؛ پەرقلىق نەرسىلەردىن باغلىنىشنى ۋە قانۇنىيەتنى تېپىشقا تىرىشىدۇ، ئۆتمۈشتىكى پاكىتلاردىن كەلگۈسىگە قاراشنى ئۆگىنىدۇ. 19- ئەسىردە ئۆتكەن رومانتىك شائىر ۋوردسۋورس پەلسەپە ھەققىدە مۇنداق يازىدۇ: «ھەقىقىي پەلسەپىنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى ئومۇم قويىنىغا ئېلىپ تۇرغان ئۆزىمىزنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى خاس تۇيغۇلارنى قىدىرىش، ئۆزىمىزنىڭ ياتلاشقان ئادەملەر ئىكەنلىكىمىزنى ئېسىمىزگە سېلىش.»[4] فرانسىيە پەيلاسوپى ھېنرى بېرگسون بولسا «‹نەدىن كەلدۇق؟ بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىۋاتىمىز؟ نەگە بارىمىز؟› دېگەن سوئالغا جاۋاب بېرەلمىسە پەلسەپە بولماي قالىدۇ» دەپ يازىدۇ[5].

ئۇنداقتا، پەلسەپە ئىنسانلارنىڭ بەختلىك ياشىشىغا، ئاقىللارچە ياشىشىغا قانداق ياردەم بېرەلەيدۇ؟ قانداق شەرت ئاستىدا ياردەم بېرەلەيدۇ؟ ئىزدىنىش سەپىرىمىدىن بۇ سوئال ھەققىدە ئىزدىنىپ ئېرىشكەن خۇلاسەم تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى، بىز ياراتقان بۇ رېئاللىق بىزنىڭ تونۇشىمىز ياراتقان رېئاللىقتۇر. بىز «ئۆزگەرمەيدۇ» دەپ قارىغان بۇ رېئاللىق ئەمەلىيەتتە ئاۋۋال تونۇشىمىزدا، ئاندىن پوزىتسىيەمىزدە مۇقىملىشىۋالغان رېئاللىقتۇر. شۇڭا، جايىدا تەتبىقلانسا ۋە چۈشىنىپ ئوقۇلسا، پەلسەپە ئادەمنى چوڭقۇر پىكىرگە، دوگما قاراشلاردىن گۇمانلىنىشقا، مەۋجۇدىيەت ھەم يولۇققان مەسىلىلەرنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە ئويلىنىشقا يېتەكلەيدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئانالىز قىلىش ئىقتىدارىمىز ۋە لوگىكىلىق تەپەككۇر ئىقتىدارىمىز كۈچىيىدۇ. تەپەككۇر ئىقتىدارىمىز، ئانالىز قىلىش ئىقتىدارىمىز كۈچەيگەندە بولسا ئىدراكنىڭ ياردىمىدە ئەقلىي ھەرىكەتتە ئۆتمىز- دە، تەپەككۇرىمىز ھەرىكەتكە ئايلىنىپ، ئەتراپىمىزدىكى دۇنيانى ئۇچۇشلۇق ئۆزگەرتىشتە مۇۋەپپەقىيەتلىك بىر قەدەم باسقان بولىمىز.

ئىككىنچى، ھازىرغىچە ئۆزىمىز گۇمانلانماي كەلگەن بىلىملىرىمىز ھەقدادىغا يەتمىگەن، چوڭقۇر ئۆگىنىلمىگەن بىلىمدۇر. پەلسەپىنى چۈشىنىپ ئوقۇساق ۋە تۇرمۇشقا تەتبىقلىساق، رېئاللىقنىڭ يەنە بىر يېپىق قاتلىمى بولىدىغانلىقىنى ۋە ھازىرغىچە ھادىسىنى ۋە زاھىرەن رېئاللىقنى چۈشىنىش باسقۇچىدا تۇرۇپ قالغانلىقىمىزنى تونۇپ يېتىمىز.

ئۈچىنچى، پەلسەپە ئۆگىنىش بىزگە ئۆزىمىزنىڭ نادان ئىكەنلىكىمىزنى، نۇرغۇن نەرسىنى بىلمەيدىغانلىقىمىزنى ھېس قىلدۇرىدۇ. ئۆزىمىزنىڭ نۇرغۇن نەرسىنى بىلمەيدىغانلىقىمىزنى تەن ئالغان ۋاقتىمىز بولسا بىلىشكە قاراپ بىر قەدەم تاشلىغان ۋاقتىمىزدۇر.

تۆتىنچى، پەلسەپە ئۆزىمىز ھەققىدىكى قانائەتنى ۋە مەستخۇشلۇقنى كىچىكلىتىدۇ، ئادەتلىرىمىزگە جەڭ ئېلان قىلىدۇ ۋە بىزنى ياشاشنىڭ باشقىچە شەكىللىرى ھەققىدە ئويلىنىشقا يېتەكلەيدۇ.

بىر مىللەت ياكى بىر جەمئىيەتنىڭ ئالغا تەرەققىياتى مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، شۇ مىللەتتە ياكى شۇ جەمئىيەتتە پەلسەپە ئەنئەنىسى ۋە پىكىر ئىزچىللىقىنىڭ بار- يوقلۇقى بىلەن ئۇيغۇن تاناسىپ بولىدۇ. بۇ ھەقتە تارىختىن مىساللارنى كەلتۈرۈش مۇمكىن. مەسىلەن، ئىسكەندەر ئىمپېراتورلۇقىدىكى قەدىمكى ماكېدونىيە ئىمپېرىيەسى نېمىشقا شۇنچە كۈچەيگەن ۋە زېمىن كېڭەيمىچىلىكى قىلالىغان؟ جاۋاب شۇكى، ئىسكەندەرنىڭ ئۇستازى ئارستوتېل بولغانلىقى، شۇنىڭدەك ئەينى ۋاقىتتىكى گرېتسىيەدە تالېس، دېموكرىتلاردىن تارتىپ سوقرات، ئەپلاتون، ئارستوتېلغىچە پەلسەپە ئىزچىللىقى بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق قىلالىغان. قەدىمكى گرېتسىيەدە ئەپلاتۇننىڭ يېتەكلىشىدە پەلسەپە ئاكادېمىيەسى قۇرۇلغان. ئەپلاتۇننىڭ شاگىرتى، ئىمپېراتور ئىسكەندەرنىڭ ئۇستازى ئارستوتېل پەلسەپىدىن باشقا، بۈگۈن ئاكادېمىيەلەردە

مۇزاكىرە قىلىنىۋاتقان لوگىكا، شېئىرىيەت، ئاسترونومىيە، سىياسىي، ئېستېتىكا قاتارلىق ئون نەچچە پەننىڭ ئۇلىنى سالغان. 8- ئەسىردىن 13- ئەسىرگىچە بولغان بەش ئەسىر پەلسەپە ۋە پىكىر ئەنئەنىسى ئەڭ كۈچەيگەن دەۋر ئىدى. ئاشۇ دەۋرلەردە ئەپلاتون، ئارستوتېل قاتارلىق بۈيۈك گرېك پەيلاسوپلارنىڭ ئەسەرلىرى ئەرەبلەرنىڭ قولى ئارقىلىق غەربلىكلەرنىڭ قولىغا يەتكەنىدى. ھازىرمۇ غەرب پەيلاسوپلىرى شۇنداق بىر تارىخىي پاكىتقا كۆز يۇمالمايدۇ: ئوتتۇرا ئەسىردە غەربلىكلەر ئەپلاتون، ئارستوتېل ئەسەرلىرىنى فارابى، ئىبن سىنا، ئىبن رۇشد قاتارلىق پەيلاسوپلارنىڭ شەرھىسى ئارقىلىق چۈشىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن. ئەپسۇسكى، ئەل غەززالىنىڭ پەلسەپىگە قىلغان ھۇجۇمى ئەرەب دۇنياسىنى گۈللەندۈرۈشكە تۆھپە قوشقان پەلسەپە ئەنئەنىسىنى تۇنجۇقتۇرۇپ تاشلىدى [6].

18- ئەسىرلەرگىچە ياۋروپادا ياۋايىلار دەپ ئاتالغان گېرمانلارنىڭ بىسمارك دەۋرىدە ۋە 20- ئەسىرنىڭ ئالدى-كەينىدە كۈچىيىپ كېتىشى، ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشىدىكى مەغلۇبىيىتىدىن تېز سۈرئەتتە ئەسلىگە كېلىپ، 20- ئەسىردە ياۋروپانىڭ ئىقتىسادىي موتورىغا ئايلىنالىشىنى كانتنىڭ ئۇستازى لېيبنىزدىن باشلاپ يۇقىرى پەللىگە يەتكەن گېرمان كلاسسىك پەلسەپىسىنىڭ ئالتۇن دەۋرىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايتتى. بىز ياپونىيە يېقىنقى زامان تارىخىغا قارايدىغان بولساقمۇ ئۇلارنىڭ 20- ئەسىرنىڭ بېشىدا تۇيۇقسىز كۈچىيىپ كېتىشىدە ئوخشاشلا نىشىدا كىتارو (1870-1945) قاتارلىق ياپون پەيلاسوپلار باشلاپ بەرگەن پەلسەپە ۋە پىكىر قىلىش ئەنئەنىسىنىڭ مۇھىم رول ئوينىغانلىقىنى ھېس قىلالايمىز [7]. ئۆزىمىز ياشاۋاتقان ئوتتۇرا ئاسىيا زېمىنىنىڭ تارىخىغا قارايدىغان بولساق، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەڭ گۈللەنگەن ۋاقىتلىرى خارەزمى، فارابى، ئىبن سىنا، بىرۇنى، يۈسۈف خاس ھاجىپ قاتارلىق مۇتەپەككۇرلار قاتتىق پىكىر قىلغان، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ پەلسەپىسىدە ئالتۇن دەۋر يارىتىلغان چاغلار ئىدى [8]. يۈسۈف خاس ھاجىپتىن كېيىنكى بىر نەچچە دەۋردە ئۇلۇغبەگ قاتارلىق يېتۈك ئالىملار، نەۋايى قاتارلىق مەشھۇر شائىرلار چىققان بولسىمۇ، ئوتتۇرا ئاسىيادا يېقىنقى توققۇز ئەسىر ئىچىدە ئىسمى- جىسمىغا لايىق بىرەرمۇ پەيلاسوپ چىقمىدى. چىقتى دېيىلسە، پەلسەپە ئۆلچىمىگە توشمايدىغان دېداكتىك نەسىھەتلەر، ئۆگۈتلەر، رىۋايەت-داستانلار، نەزم- قوشاقلار بولدى. ھالبۇكى، بۇ ژانىرلاردىكى ئەسەرلەر كىشىلەرنى تەربىيەگە ئىگە قىلسىمۇ، ئۇلاردا ئوقۇرمەنلەرنى ئۆز مۇھىتى بىلەن چوڭقۇر دىيالوگ قىلىشقا ۋە رېئاللىقنى ئۆزگەرتىشكە كېتىدىغان پىكرىي خۇرۇچلار كەم ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى نەچچە ئەسىردىن بۇيان پىكىر قىلىش ئەنئەنىسى ئۈزۈلۈپ قالغان ئوتتۇرا ئاسىيادا كېلىشمەسلىكلەر، پاراكەندىچىلىكلەر ۋە تارىخىي تىراگېدىيەلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيۋاتىدۇ. بۇ پاكىتلاردىن شۇنداق بىر نۇقتا ئايان بولۇپ تۇرۇپتىكى، پەلسەپە دەۋرىمىزدە خاتا چۈشىنىلگەندىكىدەك، سۈيئىستېمال قىلىنغاندەك ياكى سېسىتىلغاندەك قۇرۇق نەرسە ئەمەس، بەلكى ئۇ بىر مىللەتنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدا ئىزچىللىق تەلەپ قىلىدىغان ۋە بىر مىللەتنىڭ ھايات- ماماتىغا بىۋاستە تاقىشىدىغان روھ قۇرۇلۇشى.

كۆرەش سەھنىلىرىدە ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىۋاتقىنى قورال ئەمەس ئىدىيەدۇر؛ جەڭگاھلاردا مىدىرلاۋاتقان قوراللارغا قوماندانلىق قىلىۋاتقىنى ئەمەلىيەتتە ئىدىيەدۇر. ھالبۇكى، بىزگە لازىم بولغان ئىدىيەلەر ئاسماندىن چۈشۈپ قالمايدۇ، بەلكى توختاۋسىز پىكىر قىلىش ئارقىلىق كېلىدۇ. مەسىلەن، بىز تارىخىي پاكىتلارنى قىدىرساق، دۇنيا تارىخىدىكى بىر بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولغان فىرانسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابىنىڭ كەينىدە ۋولتېر، دېدرو، روسسو قاتارلىق مۇتەپەككۇرلارنىڭ سايىسىنى كۆرىمىز. 19- ئەسىردىن بۇيان پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلغان كوممۇنىزم ئىدىيەسىنىڭ كەينىدە ماركس باشلاپ بەرگەن پىكىر يولىنىڭ ئىزنالىرىنى كۆرەلەيمىز. جۇڭگونىڭ ھازىرقى، بۈگۈنكى زامان ئىدىيە تارىخىدا بولسا يەن فۇ، كاڭ يۇۋېي، تەن سىتوڭ، لى داجاۋ، سەي يۈەنپېي قاتارلىق مۇتەپەككۇرلارنىڭ مۇھىم رول ئوينىغانلىقىنى ھېس قىلالايمىز.

ئەمما، گەپ بۇنداق ئېيتىلغاندا، تەبىئىي ھالدا «ھازىرقى زاماندا، توغرىراقى دەۋرىمىزدە نۇرغۇن ئادەملەر نېمە ئۈچۈن پەلسەپىنىڭ قۇدرىتىنى ھېس قىلالمايدۇ؟ پەلسەپە ئەنئەنىسى نېمىشقا ئۈزۈلۈپ قالىدۇ؟» دېگەن سوئال تۇغۇلۇشى ئېھتىمال. بۇنىڭ تۈرلۈك سەۋەبلىرى بار. ئىدىيە تارىخى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، بىر مىللەتتە تارىخىي ئەسىرلەردىن بېرى شەكىللەنگەن پەلسەپە ئىزچىللىقى بولمىسا ياكى بولسىمۇ ئۈزۈلۈپ قالغان بولسا، ئەۋلاد سۈپىتىدە شەكىللەنگەن بىر جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ پەلسەپىنىڭ قۇدرىتىنى ھېس قىلالىشى تەس. بۇنداق مىللەت بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرۈپ، كۆز ئالدىدىكى نەرسىلەرگە، ئۆتكۈنچى نەرسىلەرگە ئالدىنىدىغان بولۇپ قالىدۇ، ئەجدادلىرىنىڭ ھاياتىدىنمۇ پەلسەپىنىڭ قۇدرىتىگە

ئائىت پاكىتلارنى تاپالمايدۇ. دېمەك، پەلسەپە ئىزچىللىقى، ئەنئەنىسى بولمىغاندىكىن، نۇرغۇن ئىشلاردا ئاساسلىنىدىغان پىكرىي رامكىسى ۋە ئەندىزىسى بولمايدۇ. شۇنىڭدەك، ئالىي مەكتەپلەردە پەلسەپە دەرسى ئېچىلسىمۇ، ئۆتۈلگەن دەرسلەر تۇرمۇشتىن ئايرىلىپ قالسا، ئۇنى ئاممىباب، چۈشىنىشلىك ئۆتۈپ بېرىدىغان، پەلسەپىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ھېس قىلدۇرالايدىغان ئۇستازلار بولمىسا، ياش- ئۆسمۈرلەر سالاھىيىتى، لاياقىتى توشمايدىغان «پەلسەپە مۇئەللىملىرى» نىڭ قولىدا تەپەككۇرىنى زەخملەندۈرۈۋالغان بولسا، پەلسەپىنى تۇرمۇشقا تەتبىقلىمىسا، خىيالدىن چىقىپ ھەرىكەتكە ئۆتمىسە، پەلسەپە مەقسەتلىك ۋە مەقسەتسىز ھالدا سىرلىقلاشتۇرۇلسا ياكى ئابستراكتلاشتۇرۇلسا، بىر مىللەتتە پەلسەپە ئىزچىللىقىنىڭ شەكىللىنىشى تەسكە توختايدۇ ياكى پەلسەپىنىڭ قۇدرىتىنى ياكى سېھرىي كۈچىنى ھېس قىلماق ئاسانغا چۈشمەيدۇ.

گېزى كەلگەندە شۇنىمۇ قىستۇرۇپ ئۆتۈش لازىمكى، پەلسەپىگە بولغان قىزغىنلىق خىيال ۋە قىزىقىش ھالىتىدە توختاپ قالسا ۋە نوقۇل ھالدا پەلسەپە ئۈچۈن پەلسەپە ئۆگىنىلسە، بۇنداق مايىللىق بىزنى زاھىتلىققا ئېلىپ بارىدۇ ۋە رېئاللىقتىن يىراقلاشتۇرىدۇ. نەتىجىدە ئۆزىمىز قىلىۋاتقان پىكىرنىڭ، مايىل بولغان تونۇشنىڭ تەسىرىدە دوگمىلىققا يول قويىمىز. پەلسەپىنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلىماسلىق، مېتافىزىكىلىق پىكىر بىزنى ھەرىكەتتىن، ئەمەلىي تىرىشچانلىقتىن چەكلەپ تۇرىدۇ. شۇڭىمۇ گيوتى: «مېنى ھەرىكەتتىن توسۇپ تۇرىدىغان بىلىمدىن نەپرەتلىنىمەن» دەپ يازغانىدى.

## ئەدەبىياتنىڭ قۇدرىتى ۋە چەكلىمىلىكى

ماقالىنىڭ بۇ بۆلۈكىدە ئەدەبىياتنىڭ ماھىيىتى ۋە ئالاھىدىلىكى ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش ئاساسلىق مەقسەت ئەمەس. بىز بۇ بۆلەكتە ئۈچۈر، ئىماگلار پارتلاش، كېلىشمەسلىكلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەسلىك، ئەندىشە ۋە ۋەسۋەسە كۈچىيىش، ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدا مېھىر- مۇھەببەت سۇسلاش قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەر بىلەن خاراكتېرلەنگەن ھازىرقى زامان جەمئىيىتىنىڭ بىسەرەمجان رېئاللىقىدا ئەدەبىياتنىڭ، جۈملىدىن جەۋھەر ئەدەبىياتنىڭ بەختلىك ياشىشىمىزغا قانداق ياردەم بېرىدىغانلىقى ھەققىدە ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئورتاقلاشماقچى. ئەمما، ئەدەبىياتنىڭ بۈگۈنكى جەمئىيەتتىكى رولى ھەققىدە توختالغىنىمىزدا، تەبىئىي يوسۇندا «ئەدەبىيات دېگەن نېمە؟ سىز قانداق ئەدەبىياتنى كۆزدە تۇتۇۋاتىسىز؟» دېگەن سوئالغا دۇچ كېلىمىز. ئادەتتىكى ئوقۇرمەنلەرنىڭلا ئەمەس، ئەدەبىياتشۇناسلارنىڭمۇ ئەدەبىياتقا بەرگەن تەبىرى ئوخشىمايدۇ. شۇنىڭدەك، ئەدەبىياتشۇناسلىقتا شەكىللوگىيە، ماركسىزم، شەرھلوگىيە، يېڭى تەنقىدچىلىك، ئوقۇرمەن مەركەزچىلىكى، قۇرۇلمىچىلىق، كېيىنكى قۇرۇلمىچىلىق قاتارلىق ئون نەچچە پىكرىي رامكىنىڭ ئەدەبىياتنىڭ ماھىيىتى، رولىغا بەرگەن تەبىرى بىر-بىرىنىڭكىدىن كەسكىن پەرقلىنىدۇ. شۇڭا ئەدەبىيات ھەققىدە بۇ يەردە ھەممە ئادەمنى قانائەتلەندۈرگۈدەك تەبىر بېرەمەك تەس. ئەمما، ئەدەبىياتنىڭ جەۋھەر سەنئەتنىڭ بىر تۈرى ئىكەنلىكى بۇ ئىلىمنىڭ رولىنى چوڭقۇر چۈشىنىدىغانلىكى ئادەم ئورتاق قوبۇل قىلىدىغان تونۇشتۇر. ئەدەبىياتنىڭ رولىنى ھەقىقىي چۈشەنگىنىمىزدە، بىزگە رېئاللىقتا ياردەم بېرىدىغىنى ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ سەنئەتلىك، جۈملىدىن جەۋھەر سەنئەتلىك خۇسۇسىيىتى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىمىز. بۇ يەردە جەۋھەر سەنئەت دېگەن ئىبارىنى تەكىتلەش شۇنىڭ ئۈچۈن زۆرۈركى، ئەدەبىيات ساھەسىدە ئېستېتىك زوق سەۋىيەسى تۆۋەن كىشىلەر توپىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرىدىغان، ئىچ پۇشۇقى ئەدەبىياتى ياكى شەھۋەت ئەدەبىياتى شەكلىدە ئەكس ئېتىدىغان، جەۋھەر سەنئەت ئالاھىدىلىكىگە چۈشمەيدىغان ئەسەرلەرمۇ بولىدۇ. ھازىر تورلاردا ۋە پىشمىغان ئاپتورلارنىڭ قولى ئارقىلىق رومان، پوۋېست، ھېكايە دېگەن ناملار بىلەن ئېلان قىلىنىۋاتقان بىر قىسىم ئەدەبىي ئەسەرلەر بىزگە ھەقىقىي ئېستېتىك زوق ئاتا قىلالمايدۇ. كىلاسسىك ئەدەبىي ئەسەرلەر ھېس قىلدۇرغان سېھرىي كۈچنى بۇنداق ئەسەرلەردىن كۆرگىلى بولمايدۇ. پۇل تېپىش، شۆھرەت قوغلىشىش، چاكىنا ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئارزۇ- ھەۋىسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن يېزىلىۋاتقان ئەسەرلەر ئەمەلىيەتتە ئەدەبىياتنى پاخاللاشتۇرۇش رولىنىلا ئوينايدۇ. مەن بۇنىڭ ھەر قانداق بىر جەمئىيەتتە ساقلانغىلى بولمايدىغان بىر ئەدەبىيات ھادىسىسى ئىكەنلىكىنى تەن ئالىمەن، شۇنداقلا ئاۋامىي مەدەنىيەتنىڭ بىر تۈرى ئىكەنلىكىنىمۇ بىلىمەن. ئەمما، ئىنسانىيەتكە ئورتاق مەڭگۈلۈك غايىلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە ئاجىز كەلگەنلىكى، دەۋرنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقى ۋە روھىي دۇنيايىمىزنى زىلزىلىگە سالالمايدىغانلىقى ئۈچۈن بۇنداق ئەسەرلەرنى ئوقۇپمۇ، مۇھاكىمە قىلىپمۇ يۈرمەيمەن.

مەن بۇ يەردە جەۋھەر ئەدەبىيات دېگەندە نەۋايى شېئىرلىرىدەك، مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «قۇم باسقان

شەھەر»، زوردۇن سابىرنىڭ «ئانا يۇرت»... قاتارلىق رومانلىرىدەك ئەسەرلەرنى كۆزدە تۇتۇۋاتىمەن. يەنە ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان «تىرىلىش»، «ئاننا كارېنىنا» (تولستوي)، «ئاتىلار ۋە بالىلار»، «ئوۋچى خاتىرىلىرى» (تۇرگىنېف)، «جىنايەت ۋە جازا» (دوستويېۋسكى)، «قەلئە»، «شەكىل ئۆزگەرتىش خاتىرىسى» (كافكا)، «مەممەت ئاۋاق» (ياشار كامال)، «قىيامەت»، «ئەسىردىن ھالقىغان بىر كۈن» (چىڭگىز ئايتماتوف)، «يۈز يىل غېرىبلىق»، «ئالدىنئالا پۇر كەتكەن قاتىللىق ۋەقەسى» (گارسىيا ماركوز)، «مېنىڭ ئېتىم قىزىل» (ئورخان پاموك) قاتارلىق ئەسەرلەرمۇ مېنىڭ نەزىرىمدە جەۋھەر ئەسەرلەر تىپىغا كىرىدۇ. تۆۋەندە نېمىشقا بۇنداق ئەسەرلەرنى جەۋھەر سەنئەت دەيدىغانلىقىمنى ۋە جەۋھەر سەنئەتنىڭ ماھىيىتىنى مۇھاكىمە قىلغاچ ئەدەبىياتنىڭ دەۋرىمىزدە بەختلىك، مەنىلىك ياشىشىمىزدا ئوينايدىغان رولى ھەققىدە مۇھاكىمىگە ئۆتىمەن.

جەۋھەر سەنئەتنىڭ قۇدرىتى ھەققىدە بۈيۈك مۇتەپەككۇرلاردىن شوپېنخاۋېر، كېركېگارد، نىچشې، تولستوي قاتارلىقلار توم- توم ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرۇپ كەتكەن. بىز بۇ يەردە ئاساسلىقى تولستوينىڭ جەۋھەر سەنئەتنىڭ رولى ھەققىدىكى قاراشلىرى بىلەن تونۇشۇپ ئۆتىمىز. دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى بۈيۈك نامايەندە، رۇس يازغۇچىسى تولستوي ئۆزىنىڭ «سەنئەت دېگەن نېمە؟» ناملىق ئېستېتىكا تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان داڭلىق ئەسرىدە پەقەتلا ئىنساننىڭ ئەخلاقىي ئېڭىنى ۋە ئادىمىيلىكنى كۈچەيتىشكە ياردەم بېرىدىغان سەنئەتنىڭلا ھەقىقىي سەنئەت بولالايدىغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئىنسانلارنى ئۇخلىتىشقا، ئەللەيلەشكە يېتەكلەپ، تەپەككۇرىنى داتلاشتۇرىدىغان ئىچ پۇشۇقى شەكلىدىكى سەنئەت ھەقىقىي سەنئەت ئەمەس. بۇنداق پاخال سەنئەت ئاۋامنىڭ ئېڭىنى قاشاڭلاشتۇرۇش رولىنىلا ئوينايدۇ. تولستوينىڭ قارىشىچە، سەنئەتنىڭ ھەقىقىي مەقسىتى ئادەملەر ئارا چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش. تولستوي مۇنداق يازىدۇ: «مۇنداق بىر مىسال ئالايلى، بىر ئەسەرنى ئوقۇۋېتىپ، پېرسوناژ كۈلگەندە ياكى خۇش بولغاندا بىزمۇ ئۇنىڭ بىلەن تەڭ خۇش بولىمىز. يىغلىغاندا، بىئارام بولغاندا بىزمۇ ئۇنىڭ بىلەن تەڭ ئازابلىنىمىز. پېرسوناژ مەلۇم ئوبيېكتقا، مەلۇم ئادەمگە زوقمەنلىك، نەپرەت، مۇھەببەت، قورقۇنچ، پىداكارلىق ھېسسىياتلىرىنى ئىپادىلىگەندە، ئوقۇرمەنمۇ بۇ جەرياننىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ.» تولستوي داۋاملىق يۇسۇندا مۇنداق يازىدۇ: «كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، جەۋھەر سەنئەت ھاياتىمىزغا ئۈنسىز سىڭىپ كەتكەن بولىدۇ. ئۇ ئىنسانغا ياخشى تۇيغۇلارنى ئاتا قىلالىغىنى بىلەن جەۋھەردۇر؛ ئادەمنىڭ ئەقىدىسىنى، بىر توپ ئىچىدىكى قېرىنداشلىق مېھرىنى كۈچەيتەلىگىنى بىلەن جەۋھەردۇر.» [9]

تولستوينىڭ قاراشلىرىلا ئەمەس، ھاياتى ۋە ئادىمىيلىكمۇ ئوخشاشلا بىزگە ئەدەبىي ئەسەرنىڭ قۇدرىتى ھەققىدە بىر نەرسىلەرنى ھېس قىلدۇرالايدۇ. يەنى غەربتىكى مەشھۇر ئىدىيە تارىخچىسى پائول جونسوننىڭ «زىيالىيلار» ناملىق كىلاسسىك كىتابىدىن مەلۇم بولۇشىچە، تولستوي ئاقسۆڭەكنىڭ بالىسى بولۇپ، ياشلىقىنى ئەيش- ئىشرەت، كەيپ- ساپا ئىچىدە ئۆتكۈزىدۇ؛ ئۆزى ئانىي تاپقان قىزلار، قورۇسىدا، ئېكىنزارلىقدا يانچىلىققا سېلىنغان بىچارىلەرنىڭ دەرد- ھەسرىتى بىلەن ھېسابلاشمايدۇ، ئەمما ھاياتىنىڭ كېيىنكى يىللىرىدا بۇرۇن قىلغان- ئەتكەنلىرىگە پۇشايمان قىلىپ، ئادىمىيلىكى ياخشى تەقۋادار بىر يازغۇچىغا ئايلىنىدۇ؛ ھەتتا مال- دۇنيانىڭ ئادەمگە ھەقىقىي بەخت ئاتا قىلالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۇنى يانچىلىرىغا تەقسىم قىلىپ بېرىۋېتىدۇ ياكى خەيرخاھلىق ئىشلىرىغا ئىشلىتىدۇ. بۇ، يازغۇچىنىڭ «تىرىلىش»، «ئاننا كارېنىنا»، «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق» قاتارلىق كىلاسسىك ئەسەرلەرنى يېزىپ ئېلان قىلغان ۋە دۇنياۋى يازغۇچىغا ئايلانغان ۋاقتى ئىدى [10]. دېمەك، ئۇ ھاياتىدا نادىر ئەسەرلەرنى يېزىپ ئوقۇرمەنلەرگە ھەقىقىي سەنئەتنىڭ قۇدرىتىنى ھېس قىلدۇرۇپلا قالماستىن، ئۆزىنىڭ ئادىمىيلىكى ھەققىدىمۇ ئويلانغان ۋە ئىسمى- جىسمىغا لايىق يازغۇچىغا ئايلانغان. بۇ پاكىتمۇ نادىر ئەسەرنىڭ سەنئەتلىك رولى ھەققىدە بىزنى ئويلاندۇرىدۇ.

مەشھۇر پەيلاسوپ، ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ 20- ئەسىر بېشىدىكى مەشھۇر پروفېسسورى كوللىڭۋۇد (1889-1943) ئۆزىنىڭ «سەنئەت پرىنسىپىرى» ناملىق كىلاسسىك ئەسەرلىرىدە جەۋھەر سەنئەتنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە مۇنداق يازىدۇ: «سەنئەت ئادەمنىڭ ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەندە، سەنئەتكار بىلەن تاماشىبىن ياكى ئوقۇرمەن ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ۋە ئايرىلىق يوقايدۇ. مەسىلەن، بىر شائىر بىر خىل قورقۇنچ تۇيغۇسىنى شېئىرلىرىدا ئەكس ئەتتۈرگەن بولسا، ئاشۇ خىل قورقۇنچ ھېسسىياتىنى باشتىن كەچۈرۈپ باققان ئوقۇرمەن شائىرنى ئۆزىنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئەكس ئەتتۈرگەندەك ھېس قىلىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، بىر

ئادەم بىر شېئىرنى ئوقۇغاندا، شائىرنىڭ ھېسسىياتىنى چۈشىنىپلا قالماستىن، ئۆز ھېسسىياتىنى شائىر ئىشلەتكەن تىلنىڭ ياردىمىدە چۈشىنىدۇ، شېئىرنىڭ مىسرالىرى ئوقۇرمەننىڭ ئۆزىگە تونۇش گەپلەرگە ئايلىنىدۇ. بۇ دېگەنلىك ــ شائىر ئوقۇرمەننى شۇ دەقىقىلەردە شائىرغا ئايلاندۇرىدۇ دېگەنلىكتۇر.»[11] ئومۇمەن، بىز ئەستايىدىل ئوقۇرمەنلىك سالاھىيىتىنى ھازىرلىغان بولساق، جەۋھەر سەنئەت ئۈلگىسىگە چۈشىدىغان شېئىرلاردىن ئۆزىمىزنىڭ يوشۇرۇنۇپ ياتقان ھېسسىياتلىرىمىزنى تېپىۋالىمىز. مانا بۇ ئەدەبىي ئەسەرنىڭ كۈچىدۇر.

ئەدەبىي ئەسەرنىڭ سېھرىي كۈچىنىڭ چەكسىزلىكىدە شەك يوق. ئەمما، ھازىرقى جەمئىيەتتە نادىر ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ قۇدرىتىنى ھەقىقىي ھېس قىلالايدىغانلار نېمىشقا ئاز قالدى؟ نېمىشقا نۇرغۇن ئادەم ياخشى ئەسەردىن ھۇزۇر ئالالمايدۇ؟ بۇنىڭ بىر قانچە سەۋەبى بار. زامانىۋىلىق مۇساپىسىدە نۇرغۇن نەرسىنىڭ قىممىتى پۇل بىلەن ئۆلچىنىدىغىنى ئۈچۈن كىشىلەر موھتاجلىق دەستىدە قىينالغاندا دەمال ئىقتىسادىي ئونۇم ياراتمايدىغان ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇشقا رايى بارمايدىغان بولۇپ قالدى؛ ماددىي مەنپەئەت ۋەسۋەسىسىدىن قۇتۇلمىغان ئادەمنىڭ كۆزىنى پۇل، مال ـ دۇنيا توسىۋالدى. شەھەرلىشىش ۋە زامانىۋىلىشىش مۇساپىسى بۇ جەرياننى تېزلەتتى. شۇنىڭدەك، ئاممىۋى مېدىيالارنىڭ ياردىمىدە تەرەپ ـ تەرەپتىن دەۋرەپ كىلىۋاتقان زىيادە كۆپ ئۇچۇرلار ۋە قەلبىمىزنى ئوۋ نىشانى قىلغان ئىماگلار تەپەككۇر ئىقتىدارىمىزنى بوغۇپ، ئۆزىمىزگە تەۋە ۋاقتىمىزنى ئاز قويىدۇ. نەتىجىدە ئاشۇ جەريانلاردا روھىي دۇنيايىمىز ئەرزىمەس نەرسىلەرگە يەم بولۇپ، خاراكتېرىمىزدىكى خاسلىق يوقايدۇ، كاللىمىز تاشقى تەسىرلەرنىڭ تەجرىبىخانىسىغا ئايلىنىپ قالدى.

ئەدەبىياتنىڭ سېھرىي كۈچىنى ھېس قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇنىڭ چەكلىملىكىنى نەزەرگە ئالمايمۇ بولمايدۇ. ئەدەبىيات ئۈچۈن ئەدەبىيات، شېئىر ئۈچۈن شېئىر دەپ ياشاش كۆرەش قىلىش ئىقتىدارىمىزنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ؛ بىزنى ئىجتىمائىي بۇرچىنى ئۇنتۇغان، ھېسسىياتنىڭ دېڭىزىغا ئۇسسۇل ئوينايدىغان، رېئاللىقتىن ئايرىلغان يەككىل مىجەز ياكى زاھىتسىمان ئادەملەرگە ئايلاندۇرىدۇ. بىز بىرەر مىسرا ياكى بىرەر قالتىس تەسۋىرگە مەست بولۇپ كېتىۋاتقان ئاشۇ دەقىقىلەردە نىسبۇتىمىز كۆز ئالدىمىزدا پەيخان بولۇۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا ئېيتىمىزكى، نادىر ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇپ روھىمىزنى تەربىيەلىشىمىز تامامەن زۆرۈر. ئەمما، بۇ ئىجتىمائىي بۇرچىمىزنى ئۇنتۇپ بەخۇدۇك ياشاش، جاھاننىڭ رەپتارىغا كىرىشۋېلىش دېگەنلىك ئەمەس. ئەدەبىي ئەسەر يەنە ئوبرازلىق تەپەككۇرىمىزنى كۈچەيتىسىمۇ، نەزەرىيەۋى تەپەككۇر ئىقتىدارىمىزنى تۆۋەنلىتىدۇ؛ تەسەۋۋۇرىمىزنى جانلاندۇرىدۇ، ئەمما لوگىكىلىق ئانالىز ئىقتىدارىمىزنى كۈچەيتىشكە جىق ياردەم بېرەلمەيدۇ. ئەدەبىي ئەسەرنىڭ بۇ كەمچىلىكىنى جەمئىيەتشۇناسلىق تولۇقلايدۇ. ئەمدى بىز جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ ھاياتىمىزغا قانداق ياردەم بېرەلەيدىغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى.

## جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ سېھرىي كۈچى ۋە چەكلىملىكى

2003 ـ يىلىدىن بېرى ھەر يىلى يېڭى يىل باشلىنىشتىن بۇرۇن دۇنيانىڭ يۈزلىنىشى، تەرەققىيات ئەھۋالى ھەققىدە قىياسلارنى ئوتتۇرىغا قويىدىغان، ئاممىۋى تارقىتىش ۋاستىلىرىدا ئېيتقان ھەر بىر ئېغىز سۆزى تەرەققىي تاپقان ئەللەردىكى سىياسەت بەلگىلىگۈچىلەرنىڭ، دىپلوماتلارنىڭ، سىياسىيونلارنىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغان ئامېرىكىلىق بىر مۇتەپەككۇر بار. ئۇ مۇتەپەككۇر دۇنيانىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغان ئاشۇ پەرەزلىرىنى، نوپۇزلۇق پىكىرلىرىنى ھەرگىزمۇ سۇبيېكتىپ ھېسسىياتىغا تايىنىپ دەپ قويمايدۇ، بەلكى ئۇزۇن مۇددەتلىك تەتقىقاتى ۋە ئىزدىنىشىنىڭ مەھسۇلى بولغان بىر خىل نوپۇزلۇق نەزەرىيەۋى سىستېمىسى ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇ بۇ نەزەرىيەۋى سىستېمىسىنى تۇرغۇزۇش ئۈچۈن ناھايىتى ئۇزۇن ئىزدەنگەن. كەلگۈسى ھەققىدىكى ئىلمىي قىياسلىرى سەگەك سىياسىيونلارنىڭ دىققىتىنى قوزغاۋاتقان بۇ مۇتەپەككۇر ــ ئامېرىكىلىق جەمئىيەتشۇناس ۋاللېر ستەين. ئۇنىڭ قىياسلىرىغا ئاساس بولۇۋاتقان، دۇنيا ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدە يۈكسەك نوپۇزغا ئىگە نەزەرىيە سىستېمىسى بولسا «دۇنيا سىستېمىسى نەزەرىيەسى» دۇر[12].

1989 ـ يىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلاندى. شۇ چاغدىكى بۇ دەرىجىدىن تاشقىرى دۆلەتنىڭ تۇيۇقسىز غۇلىشى نۇرغۇن ئادەمنى ھەيران قالدۇردى. ئەمما بۇ خىل نەتىجىنى ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى بىر تۈركۈم نوپۇزلۇق ئالىملار نەچچە يىل بۇرۇنلا قىياس قىلىپ بولغانىدى. ئاشۇ ئالىملارنىڭ ئىچىدە سوۋېت ئىتتىپاقى ھەققىدىكى قىياسى ئەڭ توغرا چىققىنى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى بىلەن ئۆزىنىڭ نەزەرىيەۋى سىستېمىسىنىڭ قۇرۇق نەرسە ئەمەس ئىكەنلىكىنى

ئىسپاتلىغان ئامېرىكىلىق مۇتەپەككۇر راندال كوللىنس (Randal Collins) بولدى. ئۇنىڭ ئاساسلىنىۋاتقان نەزەرىيە سىستېمىسى بولسا جەمئىيەشۇناسلىقتىكى «توقۇنۇش نەزەرىيەسى» (Conflict theory) ئىدى [13].

يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «قىرلىق ئىستاكان» ناملىق ھېكايىسى كىنو قىلىپ ئىشلەنگەندىن كېيىن، جەنۇبىي ـ شىمالىي شىنجاڭدىكى ئاز بىر قىسىم سادda كىشىلىرىمىز ئاشۇ فىلىمدىكى پېرسوناژلارنىڭ ھاراق ئىچىش ئۇسۇلىنى دوراپ، ئىستاكانلاردا، ھەتتا چىنىلەردە ھاراق ئىچىپ بىر مۇنچە ھەرەج تارتتى. بۇنداق بولۇشنى ھېكايە ئاپتورىمۇ، ھېكايىنى فىلىم قىلىپ ئىشلىگۈچىلەرمۇ كۈتمىگەنىدى. ئادىل يىلدىرىم يازغان «ياپياڭ چىنە» ناملىق ھېكايە مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ كىنايىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ مەنىدە چۈشىنىۋالغان ئاشۇ ساددا كىشىلەرنىڭ بىمەنە رېئاللىقنىڭ ئىنچام كۆرۈنۈشى ئىدى. بىر سەگەك پىكىر ئىگىسى بۇ ھەقتە ئويلانغىنىدا تەبىئىي ھالدا: «مەمتىمىن ھوشۇر ‹قىرلىق ئىستاكان› ھېكايىسىدە كىشىلەرگە ھەرگىزمۇ ھاراقنى قىرلىق ئىستاكاندا ئىچىڭلار دەپ ئىشارە قىلمىغان. بەزى كىشىلەرگە نېمىشقا ئاپتورنىڭ كىنايىسى ئەكس ئۇنۇم بېرىدۇ؟» دەپ سوئال قويىدۇ. بۇ خىل ھادىسىنىڭ كۈتمىگەن ئاقىۋىتىنىڭ ئىجتىمائىي يىلتىزى، پەيدا بولۇش شەكلى ھەققىدە يېرىم ئەسىر بۇرۇنلا بىر ئامېرىكىلىق جەمئىيەتشۇناس چوڭقۇر ئويلانغان ۋە «كۈتمىگەن ئاقىۋەت نەزەرىيەسى»(Unaticipated consequences)نى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. ئۇ جەمئىيەتشۇناسنىڭ ئىسمى روبېرت مېرتون ـ Robert K - Merton,1910 (2003) ئىدى[14].

مەرھۇم ئالىمىمىز ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن «بىزنىڭ بارلىق پەزىلەتلىرىمىز ياكى ئىللەتلىرىمىز، قۇدرەت تېپىشىمىز ياكى زەئىپلىشىشىمىز نەزەرىيەۋى دەرىجىمىز بىلەن تۇتاشقان» دەپ يازغانىدى[15]. جەمئىيەتشۇناسلىق دەل بىزنىڭ نەزەرىيەۋى تەپەككۇرىمىزنى ئۆستۈرۈشىمىزگە ۋە بىزنىڭ نېمىشقا مۇشۇنداق بىر خىل بىر رېئاللىقتا ياشاۋاتقانلىقىمىزنى چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ. شۇنداق بىر ئىشتا تەسىراتىم چوڭقۇر: پەلسەپە ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ، زامانىۋىلىق، يەر شارىلىشىش، بىلىم ئىگىلىكى، كاپىتالىزم قاتارلىق يېقىنقى ئىككى ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىياتلار داۋامىدا بارلىققا كەلگەن تېپىشماقلار ئالدىدا ئاجىز كەلگىنىمىزدە، شېئىر، رومان، پوۋېست، نەسر ئوقۇپ جاھاننىڭ تېپىشماقلىرىغا جاۋاب تاپالماي گاڭگىراپ قالغان ۋاقتىمىزدا، جەمئىيەتشۇناسلىق بىزنى ساقلاپ تۇرغان بولىدۇ.

نېمىشقا بۇنداق دەيمىز؟ بۇنىڭ سەۋەبى جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ ئادەتتىكى تونۇش ۋە پەلسەپىدىكى مېتافىزىكىلىق تونۇش باسقۇچىدىن ھالقىپ، مەسىلىنىڭ ماھىيىتىگە ئىلمىي مېتودلارنىڭ ياردىمىدە قاراش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغانلىقىدا. جەمئىيەتشۇناسلىق پىنىنىڭ پېشۋاسى، فىرانسىيەلىك مۇتەپەككۇر ئاۋگۇست كومت (August Comte , 1798 ـ 1857) نىڭ قارىشىچە، «ھەر قانداق بىر تونۇش جەريانى ئۈچ باسقۇچنى باشتىن كەچۈرىدۇ. ئۇلار دىنىي تونۇش باسقۇچى، مېتافىزىكىلىق (ئابستراكت پىكىر قىلىش) تونۇش باسقۇچى ۋە ئىلمىي تونۇش باسقۇچى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. دىنىي تونۇش باسقۇچىدا ھادىسىلەر ئىلاھ قاتارلىق غايىۋى ئوبرازلارغا باغلاپ تۇرۇپ چۈشىنىلىدۇ. مېتافىزىكىلىق تونۇش باسقۇچىدا ھادىسىلەر سەۋەب ـ نەتىجىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئابستراكت، ھېسسىي پىكىرلەرنىڭ ياردىمىدە چۈشىنىلىدۇ. ئۈچىنچى باسقۇچ ئىلمىي بىلىش باسقۇچى بولۇپ، بۇ باسقۇچتا ئېرىشىلگەن تونۇش تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈلىدۇ؛ دەلىللەش، پاكىت كۆرسىتىش ئارقىلىق مۇمكىنچىلىكلەر، ئېھتىماللىقلار ۋە ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنىڭ قانۇنىيىتى ھەققىدە ئىلمىي پەرەزلەر ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ... ئىلمىي مېتودلار بىلەن كۆزىتىش ۋە تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزۈش بۇ ئۈچىنچى باسقۇچتىكى مۇھىم ئامىللاردۇر.»[16] جەمئىيەتشۇناسلىق بىزنى پەلسەپە ۋە ئەدەبىيات ئورۇنلىيالمايدىغان ئىلمىي بىلىش نىشانىغا يەتكۈزىدۇ.

ئاددىي بىر ئېغىز گەپ بىلەن ئېيتقاندا، جەمئىيەتشۇناسلىق ئۆز رېئاللىقىنى خاتا تونۇۋالغانلارنىڭ ئۆزىنى ۋە جەمئىيەتنى توغرا تونۇشىغا ياردەم بېرىدىغان پەن. جەمئىيەتشۇناسلىق ئۇيغۇرلار ئۈچۈنمۇ ئوخشاشلا مۇھىم بىر پەن بولۇپ، ئۇنىڭدا بىز ئۆگىنىدىغان نۇرغۇن بىلىم بار. پەلسەپە ئۆزىمىز ياشاۋاتقان دۇنيانىڭ ماھىيىتى ۋە مەۋجۇتلۇقىمىز ھەققىدە بىزنى پىكىرگە ئۈندىسە، جەمئىيەتشۇناسلار ئىجتىمائىي سىستېمىلار بىلەن ئىنسان ھەرىكىتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ. ئەمما، جەمئىيەتشۇناسلىق ئەسەرلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ھەققىدىكى مۇھىم بىر پاكىت شۇكى، جەمئىيەتشۇناسلىق ئەسەرلىرىدە ئۇدۇللا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھېسسىي ھۆكۈملەر ھېچنېمىگە ھېساب ئەمەس؛ ھەربىر نۇقتىئىنەزەرگە دەلىل ۋە نەزەرىيەۋى ئاساس

كۆرستىش ئاساسدا ئۆزىمىزنىڭ قاراشلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا تاشلىشىمىز زۆرۈر. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ ئادەتلەنگەن تونۇش ئاساسدا ئېرىشكەن تەسراتىمىز كۆپىنچە خاتا بولۇپ چىقىدۇ؛ بىز يازمىلىرىمىزدا ئۆزىمىز بايقىغاندەك ھېس قىلغان نۇرغۇن نۇقتىئىنەزەرلەرنى باشقىلار ئاللىبۇرۇن مۇھاكىمە قىلىپ سىستېمىلاشتۇرۇپ بولغان بولىدۇ.

دۇنيا مىقياسىدىن ئالغاندىمۇ، جەمئىيەتشۇناسلىق ياش بىر پەن. جەمئىيەتشۇناسلىق ئاتالغۇسى تۇنجى بولۇپ 19 - ئەسىردە فىرانسىيە جەمئىيەتشۇناسى ئاۋگۇست كومت تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ پەنمۇ شۇ چاغدىن باشلاپ پەلسەپىدىن شاخ ئايرىپ چىققان. ئۇنىڭ ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدە بىر ياش پەن بولۇشى جۇڭگوغا كېچىكىپ كىرىشىگە سەۋەب بولغان. جۇڭگودا يەن فۇ، گې شۆبۇ قاتارلىق مۇتەپەككۇرلارنىڭ تەسىرىدە 1914 - يىلى شاڭخەيدىكى لۇجياڭ ئونىۋېرسىتېتىدا جەمئىيەتشۇناسلىق فاكۇلتېتى تەسىس قىلىنغان. ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە مەشھۇر جەمئىيەتشۇناس فەن گۇاڭدەننىڭ يېتەكلىشىدە فېي شياۋتۇڭ قاتارلىق ھازىرقى ۋە بۇگۈنكى زامان جۇڭگو جەمئىيىتىگە، توغرىراقى «پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى» قاتارلىق ئىجتىمائىي تۈزۈملەرنىڭ بارلىققا كېلىشىگە تەسىر كۆرسەتكەن جەمئىيەتشۇناسلار يېتىشىپ چىققان. جەمئىيەتشۇناسلىق خەنزۇلار ئارىسىدىمۇ شەكىللىنىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان پەن. ئۇيغۇرلار ئۈچۈن جەمئىيەتشۇناسلىق ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدە پەلسەپە، پسىخولوگىيە، ئىقتىسادشۇناسلىق، ئىنسانشۇناسلىق، سىياسىيشۇناسلىق، ئېستېتىكا قاتارلىق ساھەلەرگە ئوخشاشلا ئېچىلمىغان بوز بۆلۈك.

بۇ يەردە جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ ئەھمىيىتى ۋە قۇدرىتى ھەققىدىكى شۇنداق بىر گەپنى دەپ ئۆتۈش كېرەككى، ئىجتىمائىي پەنلەر 19 - ، 20 - ئەسىرلەردە ئاساسلىقى فىرانسىيە، ئەنگلىيە، گېرمانىيە، ئىتالىيە قاتارلىق ياۋروپا ئەللىرىدە ۋە ئامېرىكىدا راۋاجلاندى. ھەتتا بۈگۈنمۇ بىز ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسىدە باش كۆتۈرگەن دۇنياۋى ئالىملارنىڭ ياۋروپالىق، ئامېرىكىلىق ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بىر رېئاللىقنى كۆرمەكتىمىز. بۇ ھال پىكىر قىلىش قابىلىيىتىمىزنى ئۈستۈرۈش، ئالدىمىزدا بىزنى كۈتۈپ تۇرغان مەسىلىلەرنى نەزەرىيەۋى يۈكسەكلىك نۇقتىسىدىن تۇرۇپ ئالدىن ھېس قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن ياۋروپانىڭ ۋە ئامېرىكىنىڭ ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدە بارلىققا كەلگەن ئىككى ئەسىرلىك ئىلمىي بىلىش تارىخىنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ غەربكە چوقۇنغانلىق ياكى غەربنىڭ زەھەرلىك نەرسىسىنى ئۆگەنگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئۆزىمىزنىڭ ئەقلىي، پىكرىي قۇۋۋىتىنى ئۈستۈرۈش، بۇ ساھەدىكى ئەقلىي مىراسلارنى ئەۋلادلارغا ئۇلاش يولىدا ئالغا كەتكەنلەرنىڭ تەجرىبىلىرىدىن ئۆرنەك ئېلىش مەقسىتىدە ھامان بېسىپ ئۆتىدىغان بىر جەريان. بىز غەربنىڭ ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى ئىلمىي بايقاشلىرىنى ئاۋۋال ئۆگىنىشىمىز، ئاندىن ئۆزىمىزگە خاس ئەقىل سەمەرىسىنى تاۋلاپ چىقىش ئۈچۈن ئۇنى ئۇنتۇپ، ئۆزىمىزگە خاس بىر يولدا ئىزدىنىشىمىز شەرت.

مەسىلىلەر ھەققىدە چوڭقۇر ئويلىنىشقا ئادەتلەنمىگەن، قۇربىتى يەتمەيدىغان كىشىلەر ۋە ئاددىي تەپەككۇر شەكلىگە كۆنگەن ئادەتتىكى ئادەملەر جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ، جۈملىدىن جەمئىيەتشۇناسلىق پېنىدە بارلىققا كەلگەن نەزەرىيەۋى سىستېمىلارنىڭ قىممىتىنى چۈشەنمەيدۇ ھەم چۈشىنىشنىمۇ خالىمايدۇ؛ ھەتتا مەنسىتمەسلىك، پەرۋاسىز قاراش ياكى تىللاش يولى بىلەن ئۆزىنىڭ بىلىش، تونۇش جەھەتتىكى ئاجىزلىقىنى يېپىشقا تىرىشىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوقۇتۇش ئەندىزىسىدىكى دوگمىلىق، دەرس ئۆتكەن بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلاردىكى چالا بىلىم نۇرغۇن كىشىلەرنى بالىلىق، ياشلىق، ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدىلا نەزەرىيە دېگەنگە ئۆچ قىلىۋەتكەن ۋە باشقا بەزى ئىجتىمائىي سەۋەبلەر بىلەن قېتىلىپ نۇرغۇن ئادەمنىڭ نەزەرىيە ھەققىدىكى خاتا چۈشەنچىسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇ ھال ئۇيغۇر تىلىدا نەزەرىيە ئۇقۇمى مېغىزىنىڭ كېمىيىشىگە سەۋەبچى بولدى، «نەزەرىيە ساتمىغىنا»، «نەزەرىيەچى» دېگەندەك ئاتالغۇلار تىل ئىستېمالىدا ئومۇملاشتى. بىر تۈركۈم نەزەرىيەلەرنىڭ خاتا ھەزىم قىلىنىشى، خاتا چۈشىنىلىشى نۇرغۇن كىشى ئارىسىدا نەزەرىيەۋى گەپكە سوغۇق قارايدىغان بىر خىل پوزىتسىيەنى يېتىلدۈردى. بىزدە نەزەرىيە ھەققىدە مانا مۇشۇنداق چۈشەنمەسلىك، چۆكۈرۈش خاھىشى بازار تاپقاندا، تەرەققىي تاپقان ئەللەردە ئىجتىمائىي پەن ئالىملىرى زامانىۋىلىق، تەرەققىيات، يەر شارىلىشىش مۇساپىسىدىكى ھەر خىل زىددىيەتلەر تەسىرىدە روياپقا چىققان مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىش ئۈچۈن نەزەرىيە سىستېمىسىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش، ئىلگىرىكى مۇناسىۋەتلىك ئىدىيە سىستېمىلىرىدىن يوچۇق تېپىش يولىدا پايپېتەك بولۇۋاتاتتى.

جەمئىيەتشۇناسلىق نەزەرىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، جەمئىيەتشۇناسلىق ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ ھەزىم قىلىش ئېسىل ئەدەبىي ئەسەر ئوقۇغاندەك راھەتبەخش، ھوزۇرلۇق ئىش ئەمەس. نەزەرىيەۋى كىتابنى ئوقۇش

بىزدە بىر قەدەر يۇقىرى بولغان پىكىر قىلىش، تەنقىدىي تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارى بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. نەزەرىيەۋى ئەمگەكنىڭ ئابستراكتلىق ئالاھىدىلىكىمۇ ئۇنىڭ سىرلىقلىق، قىيىنلىق دەرىجىسىنى ئاشۇرىۋەتكەن. نەزەرىيە ۋە نەزەرىيەۋى ئەمگەك بىزگە ئېسىل ئەدەبىي ئەسەر، چىرايلىق ھۆسنخەت، يۇقىرى ماھارەت بىلەن سىزىلغان رەسىملەردەك شۇ پەيتنىڭ ئۆزىدە ئېستېتىك زوق بېرەلمىگىنى بىلەن، بىز ياشاۋاتقان دۇنيا ۋە يولۇقۇۋاتقان مەسىلىلەر ھەققىدىكى تونۇشىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ، تەپەككۇرىمىزنى ئاچىدۇ، زېھنىمىزنى ئۆتكۈرلەشتۈرىدۇ.

جەمئىيەتشۇناسلىق نەزەرىيەسىنى رېئال تۇرمۇشتىن ئايرىپ تەسەۋۋۇر قىلىش، ئۆزىمىز «ھۆ بولۇپ كەتكەن» ئاتالمىش «نەزەرىيەلەر» ھەققىدىكى قاتمال تەسراتىمىزغا تايىنىپلا جىمى نەزەرىيەنى قۇرۇق نەرسىگە چىقىرىۋېتىش بىر خىل خاتالىق، بىر تەرەپلىمىلىك. يىغىپ ئېيتقاندا، بۇ خىل پوزىتسىيە نەزەرىيەۋى تەپەككۇرغا ئادەتلەنمىگەنلىكىنىڭ، پىكىر قىلىشتا ھۇرۇنلۇق قىلىدىغانلىقىمىزنىڭ نەتىجىسى. نەزەرىيەۋى تەربىيەلىنىشىمىزنىڭ قانچىلىكلىكى دۇنياغا قانچىلىك دەرىجىدە ئوبيېكتىپ باھا بېرىشىمىزنى بەلگىلەيدۇ. جەمئىيەتشۇناسلىقنى ئۆگىنىش ئۆزىمىزنىڭ كىملىكى ھەققىدىكى تونۇشىمىزنى ئاشۇرىدۇ؛ كۈندىلىك ھاياتنىڭ قارىماققا ئادەتتىكىچە، ئەمما ئەمەلىيەتتە چوڭقۇرلاپ چۈشىنىشىمىزنى تەلەپ قىلىدىغان يېپىق ۋە سىرلىق قاتلاملىرىنى كۆزىتەلەيدىغان ئۆتكۈر كۆز ئاتا قىلالايدۇ. بۇ ئاخىرىدا بېرىپ بىزدە نەزەرىيەۋى تەپەككۇر ئادىتىنى يېتىلدۈرىدۇ. نەزەرىيەۋى تەپەككۇر قىلىشقا كۆنگەن، ئۆگەنگەن نەزەرىيەلىرىنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلىغان ئادەم دۇنيادا ئەركىن، بەختلىك ياشاش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالالايدۇ ھەم ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەتنىڭ تېپىشماقلىرىنى يىلتىزىدىن چۈشىنەلەيدۇ.

پەلسەپە ۋە ئەدەبىياتنىڭ قۇدرىتى، سېھرىي كۈچى ۋە چەكلىمىلىكىمۇ بولغىنىدەك، جەمئىيەتشۇناسلىق ئىلمىنىمۇ جايىدا ئىشلەتمىسەك، ئۆزىنىڭ چەكلىمىلىكىنى ئاشكارىلايدۇ. ئەمەلىيەتتە، تەنقىدىي يوسۇندا پايدىلانمىسا ياكى ئۆزى ئۆگەنگەن بىلىملەرنى تەتبىقلىمىسا، ھەر قانداق ئىلىم ئادەمگە زىيان قىلىدۇ ياكى قىممىتى بولمايدۇ. جەمئىيەتشۇناسلىقمۇ ئوخشاشلا بۇ چەكلىمىلىكتىن خالىي ئەمەس. مەسىلەن، جەمئىيەتشۇناسلىق ئەسەرلىرى بىزگە سوغۇققانلىقنى ئاتا قىلىپ نەزەرىيەۋى تەپەككۇرىمىزنى كۈچەيتىسىمۇ، ئەمما جەمئىيەتنىڭ ھەممە يېرىنى كېسەل قاپلاپ كەتكەندەك ھېس قىلدۇرۇپ، بىزنى جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىدىن ئۈمىدسىزلىنىشكە ئېلىپ بارىدۇ. جەمئىيەتشۇناسلىق سوغۇققانلىقنى تەلەپ قىلغاچقا، ئادەم ھامان ئۆزىنىڭ ھاياجىنىنى ۋە تەسەۋۋۇرىنى بېسىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئىنساندىكى قىزغىنلىق تۆۋەنلەيدۇ. ئەمما، ئامېرىكا پەيلاسوپى ۋىلىيام جامېسنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا، ئادەم— «ھېسسىيات دېڭىزىدىكى بىر تامچە ئەقىلدۇر.» ئەمما—ئادەمدە ئازابلاردىن تاۋلىنىپ چىققان يۈرەك، ئۈمىدسىزلىككە قارىتا باتۇرلارچە كۆكرەك كېرىپ چىقىشقا ئۈندەيدىغان روھ بولمىسا بولمايدۇ. بۇ خىل زۆرۈرىيەت نۇقتىسىدىن ئالغاندا، جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ چەكلىمىلىكىنى ئېسىل ئەدەبىي ئەسەرلەر ۋە پەلسەپە ئەسەرلىرى تولۇقلايدۇ.

## خۇلاسە

20- ئەسىر دۇنيانىڭ تېخنىكا تەرەققىياتى ئەڭ يۈكسەك پەللىگە يەتكەن بىر ئەسىر بولدى. ئىككى ئەسىر بۇرۇن كىشىلەرنىڭ چۈشىگىمۇ كىرمەيدىغان ئايروپىلان، تېلېفون، ئېلېكتىر دېگەندەك نەرسىلەر، تېخى 70 يىل بۇرۇن كىشىلەر ئويلاشقىمۇ ئۈلگۈرمىگەن ئىنتېرنېت، ئايفون قاتارلىق نەرسىلەر مانا ئەمدى ئادەتتىكى نەرسىلەرگە ئايلىنىپ قالدى. ئەمما، ئىنسانلار پەن- تېخنىكا تەرەققىياتىدا ئالەمشۇمۇل نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ مەنىۋى سۈپىتى ۋە خاتىرجەملىك تۇيغۇسى كېمەيسە كېمەيدىكى كۈچەيمىدى. تولستوي: «پەن- تېخنىكا ئىنسانلارنىڭ روھىي دۇنياسىغا مۇناسىۋەتلىك نەرسىلەرنى ھەل قىلالمايدۇ. بۇنىڭ ئامالىنى قىلىش ئۈچۈن ئىنسانلار مەدەنىيەت ۋە گۇمانتارلىق ئالاھىدىلىكىگە ئىگە نەرسىلەرگە يۈرۈش قىلىشى كېرەك» دەپ يازغانىدى. دەرۋەقە، پەن- تېخنىكا ئادەملەرنىڭ ماددىي ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ تۇرمۇشقا قولايلىق ياراتسىمۇ، مەنىۋىيىتىگە پاراكەندىچىلىك ئېلىپ كېلىشتىن خالىي بولالمىدى، كىشىلەر خۇشال بولالمىدى. مەنىۋىيەت ۋە ئىچكى خۇشاللىققا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر زامانىۋىلىق مۇساپىسىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۆزىنى ئاشكارىلىدى. زىيادە جىق ئۇچۇر، كۆزنى ئالاچەكمەن قىلىدىغان ئىماگلار، توقۇنۇشۇۋاتقان تۈرلۈك- تۈمەن ئىدېئولوگىيەلەر، پارتلاش ھالىتىدە تۇرغان بىلىم ۋە كۈندىن - كۈنگە ئېشىۋاتقان ھەر خىل بېسىملار ئادەملەرنىڭ نامەلۇم ئەندىشىسىنى، روھىي ھالىتىدىكى بىسەرەمجانلىقنى ۋە ئىزتىراپلىرىنى كۈچەيتىۋەتتى؛

ئەنئەنىۋى جەمئىيەتتىكى نىسبەتەن تۇرغۇنلۇق بىلەن خاراكتېرلەنگەن ئۆزلۈك يىمىرىلىپ، كىملىك زىددىيىتىگە دۇچ كەلدى. ھايات تۈرلۈك - تۈمەن تېپىشماقلارنى تاشلىدى.

مانا مۇشۇنداق بىر بىسەرەمجان رېئاللىقتا مەنئۇيىتىمىزنى كۈچەيتىپ، مەنىلىك، ئەھمىيەتلىك ياشىشىمىزغا ياردەم بېرەلەيدىغان تۈرتكە كۈچلەر ئاز ئەمەس. ئەستايىدىل ئوقۇرمەنلەردىن بولۇپ چۈشىنىپ ئوقۇساق، پەلسەپە، ئەدەبىي ئەسەر ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق ئەسەرلىرى مانا مۇشۇنداق قۇدرەتكە ئىگە. نادىر ئەدەبىي ئەسەر بىزنى مېھىرگە، ئىنسانىيلىققا باشلاپ روھىمىزنى تەربىيەلەيدۇ؛ پەلسەپە پىكىر قىلىش ئىقتىدارىمىزنى كۈچەيتىپ قەلبىمىزنى چوڭقۇر قىلىدۇ، رېئاللىقنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىنى ھېس قىلدۇرالايدۇ ۋە تەپەككۇرىمىزنى قاشاشلىقتىن ساقلايدۇ؛ جەمئىيەتشۇناسلىق بىزگە نەزەرىيەۋى تەپەككۇر ئاتا قىلىپ، زامانىۋىلىق دۇچار قىلغان تېپىشماقلارنى يېشىزدىن چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ. ئومۇمەن، مۇرەككەپ بىر دۇنيادا بىز يۇقىرىقى ئۈچ ئىلىمنىڭ ياردىمىدە بەختلىك، مەنىلىك ياشاش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالالايمىز. بۇ نىشانغا يېتىش ئۈچۈن ئوقۇرمەنلىك سۈپىتىمىزنى ئۆزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ تۇرۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

**نەقىل مەنبەلىرى:**

[1] رولەند سترومبېرگ، «1789 - يىلىدىن كېيىنكى ياۋروپا ئىدىيە تارىخى»(6 - نەشرى)، پىرىنتىس خال نەشرىياتى، ئىنگلىزچە، 1994 - يىلى نەشرى، 257 - بەت.
Roland N. Sromberg. 1994. European Intellectual History Since 1789.

[2][3][4] [5] داۋىد كوپېر، «دۇنيا پەلسەپىلىرى ھەققىدە تارىخىي بايان» (2 - نەشرى)، بىلەكۋېل نەشرىياتى، 2003 - يىلى، كىرىش سۆز قىسمى
David Cooper. 2003. World Philoso- phies: an Historical Introduction

[6] مەجىد فاخرۇ، «ئىسلام پەلسەپە تارىخى» (3 - نەشرى)، كولۇمبىيە ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2004 - يىلى، 2 - ، 3 - ، 4 - بابلار
Majid Fakhry. 2003. A History of Is- lamic Philosophy

[7] داۋىد كوپېر، «دۇنيا پەلسەپىلىرى ھەققىدە تارىخىي بايان» (2 - نەشرى)، بىلەكۋېل نەشرىياتى، 2003 - يىلى، 399 - بەت.
David Cooper. 2003. World Philoso- phies: an Historical Introduction

[8] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن، «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 - يىلى نەشرى، 6 - ، 7 - ، 8 - ، 9 - بابلار.

[9] لېۋ تولستوي، «سەنئەت دېگەن نېمە؟»، ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1966 - يىلى، ئىنگلىزچە نەشرى، 66 - بەت.
Tolstoy. 1966. What is Art? Oxford University Press

[10] پائۇل جونسون، «زىيالىيلار»، فونېكس نەشرىياتى، 2000 - يىلى ئىنگلىزچە نەشرى، 5 - باب.
Paul Johnson. 2000. Intellectuals. Phoenix Press.

[11] كوللىڭۋۇد، «سەنئەت پىرىنسىپلىرى»، ئوكسفورد، كلارېندون نەشرىياتى، 1938 - يىلى ئىنگلىزچە نەشرى، 118 - بەت.
Collinngwood. 1938. Principles of Art. Clarendon Press.

[12] لى جيېلى، «غەرب ئادىمىيەت، ئىجتىمائىيەت پەنلىرىدىكى يېڭى يۈزلىنىش: جەمئىيەتشۇناسلىق»
李捷理，社会学（西方人文社科前沿述评），中国人民大学出版社，2007

[13] كېننېس ئاللان، «جەمئىيەت ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق نەزەرىيەسى»
Kenneth Allan. 2010. The Social Lens: An Invitation to Social and Sociological Theory. Pine Forge Press.

[14] روبېرت مېرتون، 1957 - يىلى، «جەمئىيەت نەزەرىيەسى ۋە ئىجتىمائىي قۇرۇلما»
Robert Merton. 1957. Social Theory and Social structure. New York: Free Press.

[15] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن، « مىللىي مائارىپ ۋە نەزەرىيەۋى تەپەككۇر»، «شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى» نىڭ 1993 - يىللىق 29 - ئىيۇلدىكى سانى.

[16] ئاۋگۇست كومت، 1970 - يىل، «تەجرىبىچىلىك پەلسەپىسى ھەققىدە ئومۇمىي بايان» (2 - توم)
August comet , 1970. " Introduction to positive philosophy"

2011 - يىلى، ئىيۇن، ھونولۇلۇ

ئاپتور: ئامېرىكا ھاۋاي ئۇنىۋېرسىتېتى جەمئىيەتشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ دوكتور ئاسپىرانتى




## تەپەككۇر چېقىنلىرى

▲تويۇقدا كۆپەيگەن دوستۇڭنى، هازىدار كۇنۇڭدە ساناپ باق.

▲مۇشۇكنىڭ تىرنىقىنى چاشقان بەك بىلىدۇ.

▲مەقسەتنىڭ ناپاكلىقى ــ هەرىكەتنىڭ هالاكىتىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

▲هەممىنى پۇل بىلەن ئۆلچەيدىغان دوستتىن يىراق قاچ، هەممىنى بۇرچ بىلەن ئۆلچەيدىغان دوستقا قۇچاقىنى ئاچ.

▲تەھرىر ــ پىكىر تاسقايدىغان ئەلگەك.

▲ئىختىلاپ كۆپىنچە، «سەن، مەن»دىن چىقىدۇ، شۇڭا «بىز »دېگىن.

▲ئىرادە ئۇچىقىدا تاۋلىنىشتىن قورقساڭ، مۇشەققەت ئازگىلىدا ئىگراپ ياتقىنىڭ ياتقان.

▲«ئەمدى مەن زادى نېمە قىلىشىم كېرەك؟»دەپ ئىككىلەنگەن ۋاقتىڭىزدا «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىغا مۇراجىئەت قىلىڭ.

## تەپەككۇر كۆزى

▲هەقىقىي شائىرلارنىڭ قەلىمىدىكى سىياھ ئەمەس، بەلكى قاندۇر.

▲هاياتلىق ــ هادىسىلەر جەريانىدۇر.

▲مۇشەققەت ــ راھەتنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرىدۇ.

▲مال ـ دۇنيانى يوقاتساڭ يوقات، ئۆزۈڭنى يوقاتما.

▲هاياتلىق، تېپىشماققا ئوخشايدۇ، ئەپسۇسكى تاپاي ـ تاپاي دېگەندە، بۇ دۇنيادىن خوشلىشىسەن.

▲قەدىناسنىڭ قەدرى 40 يىلدا بىلىنەر.

▲ئىلان ــ ئىلمىي يالۋۇرۇش.

▲بىخۇدلۇق ــ «كىچىككىنە»دىن باشلىنىپ، «ئاپلا »دا ئاخىرلىشىدۇ.

▲بەخت بىلەن خۇشاللىقنى بىر تۇتام پۇل دەيدىغانلار، يۇرەكنىمۇ، چوقۇم بىرسىقىم گۆش دېيەلەيدۇ.

ــ ئابدۇراھمان ئابدۇلكەرىم

---

ئاپتور: ئادرېس يېزىلمىغان

## تۈن تۇيغۇلىرى

▲هۆرمەتتىن ئېگىلگەن باشقا ئالقىش ياغىدۇ،

خۇشامەتتىن ئېگىلگەن باشقا قارغىش.

▲ياخشىلىقنى بىلگەن مىڭ قېتىم، ياخشىلىقنى بىلمىگەن بىر قېتىم ياخشىلىققا ئېرىشىدۇ.

▲سەن ئىشەنگەن ئادەمدىن كۆرە، ساڭا ئىشەنگەن ئادەمدىن كۆپرەك ۋاپا كېلىدۇ.

▲يالغانچى ھەرگىزمۇ ئامالسىزلىقتىن يالغان سۆزلىمەيدۇ. بەلكى ۋىجدانىدا راست سۆزگە بولغان مەسئۇلىيەت ھەم ۋىجداننىڭ بولمىغانلىقىدىن راست سۆزگىمۇ يالغاننى قوشۇپ قويىدۇ.

▲ھەقىقىي مۇھەببەت ۋەدە ـ قەسەملەر بىلەن بارلىققا كەلمەيدۇ، ساختا مۇھەببەتنى ۋەدە ـ قەسەملەرمۇ تۇتۇپ تۇرالمايدۇ.

▲يولدىن چىققان قىزلار ئوغۇللارغا مەنپەئەت يۈزىسىدىن، يولدىن چىققان ئوغۇللار قىزلارغا شەھۋەت يۈزىسىدىن قارايدۇ.

▲بىلمىگەننى بىلدىم دېيىش ساختا بىلەرمەننىڭ، بىلگەننى بىلمىدىم دېيىش ـ ئىچى يامانىنىڭ ئىشى.

▲دوراش ـ باشقىلارنىڭ سايىسىگە ئايلىنىشتۇر.

▲سەممىيەت ـ باغچىدىكى گۈلگە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدىن ھەممە كىشى بەھرىمەن بولالايدۇ.

▲ئۆزىنى تونۇش ـ ئۈزلۈك، تونۇتۇش ـ كەملىك.

▲قىمارۋازنىڭ قولىدا پۇل توختىمايدۇ، زىناخورنىڭ قولىدا خوتۇن.

ـ تۇرسۇن قاسىم

---

ئاپتور: ئاقتۇ ناھىيە بارىن يېزا قىزىل ئۆستەڭ كەنتىنىڭ قارا ياغاچ مەھەللىسىدە، دېھقان.

▲ئۆزىنى ئويلىغان ئاچ بولىدۇ، كۆپنى ئويلىغان باش بولىدۇ.

ـ ئىلنۇر ئىليار

---

ئاپتور: غۇلجا شەھەرلىك 8 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق ئوتتۇرا 2 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر ئۈنچىلىرى

▲مەسئۇلىيەتسىز كىشىلەردىن مەسلىھەت سورىما.

ـ ئەزىمەت مەشرەپ (تاجىك)

---

ئاپتور: ئاقتۇ ناھىيە تاجىك مىللىي يېزىسىدا مۇئەللىم

▲ئاز ھەم ئورۇنلۇق سۆزلىگەن كىشىنىڭ سۆزىنىڭ قىممىتى، ئۆزىنىڭ ھۆرمىتى بولىدۇ.

▲ئادەم بىر ئۆمۈر ئەقىل بىلەن ھېسسىياتنىڭ، قەلبى بىلەن شەيتاننىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆرەش قىلغۇچىدۇر.

ـ مېھرىبان نىياز چۇغلۇق

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى فولكلور كەسپىنىڭ 2010 ـ يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتى

## تەپەككۇر تەرمىچىلىرى

▲زاۋاللىققا يۈز تۇتقان ئەلدە ھوقۇق بىلەن سودا ئارىلىشىپ كەتكەن بولىدۇ.

▲مەۋقەسىزلىك ـ پۇرسەتپەرەسلەرنىڭ، ياخشىچاقلىق ـ ئىككى يۈزلىمىلەرنىڭ، چېقىمچىلىق ـ مەلئۇنلارنىڭ، سۇخەنچىلىك ـ قارانىيەتلەرنىڭ ئاساسلىق قورالىدۇر.

▲دۇنيانى مەسىلە بايقىغۇچىلار ئەمەس، بەلكى، مەسىلىنى بايقىغان ھامان ھەل قىلىش يولى ئۈستىدە ئىزدەنگۈچىلەر ئۆزگەرتەلەيدۇ.

ـ دىلشات ھەبىبۇللا

---

ئاپتور: قاغىلىق ناھىيە كۆكيار ئوتتۇرا مەكتەپتىن

▲دېھقاننىڭ چىھرىگە قارىماي، مېھرىگە قارا.

▲ئىشەنچلىك دوستۇم يوق دەپ ئارتۇق غەم يېمە، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى سېنىڭ، مېنىڭ ھەقىقىي دوستىمىزدۇر.

ـ ئابدۇشۈكۈر قاسىم

---

ئاپتور: پەيزىۋات ناھىيە قىزىلسۇ يېزا ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى

## مەن چۈشىگەن يۇلغۇن چېچەكلىرى

▲«چاتاق يوق» دېگەن گەپ بىرى مەسئۇلىيەتسىز، يەنە بىرى پوچى كىشىنىڭ ئاغزىدىن ئەڭ ئىتتىك چىقىدۇ.

▲قولدىن ـ قولغا ئۆتكەن نەرسە ئىتتىك خاسلىقىنى يوقىتىدۇ.

ـ مۇھەممەتجان توختى

---

ئاپتور: شىنجاڭ ماشىنا ـ ئېلېكتىر كەسپىي تېخنىكا ئىنستىتۇتى 2010 ـ يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى.

## تەپەككۇر تىۋىشلىرى

▲مەسئۇلىيەت ــ ئىككى دوست ئارىلىقىدىكى مۇناسىۋەتنى چىڭىتىدىغان كەمەر.

▲ئاداۋەت ساقلىما، بىراق ئۆزۈڭنىڭ غەزەپ-نەپرىتىڭنىڭ ئېنىق ئىكەنلىكىنى تونۇتۇپ قوي.

▲ئۈگۈشسىزلىق-بىر قىسملىق يامغۇر. سەن يامغۇردىن كېيىن ھاۋانىڭ ئېچىلىپ، ئىلگىرىكىدىنمۇ ياخشى بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ قوي.

▲تېرىككەن كىشىدىن سوئال سورىما، تۇتۇرۇقسىز كىشىدىن مەسلىھەت.

ــ زۇلخۇمار تۇرسۇن

ئاپتور: قەشقەر يېڭىشەھەرناھىيە 1-ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3-يىللىق 17-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تۇرمۇش تەسراتلىرى

▲ناۋات ئۆزىنى ئېرىتىش بەدىلىگە ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان چايغا تەم قوشىدۇ.

▲ئىرادە-خەنجەر، شۇ خەنجەرنى مەغلۇبىيەتنىڭ يۈرىكىگە سانجىيالىساڭ ھەقىقىي مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلەيسەن.

▲دۇنيا ئادەملەرنىڭ مېھرىدىن بالقىپ چىققان ھارارەت بىلەن تېخىمۇ ئىللىق.

ــ ئابدۇغوپۇر ئابدۇراخمان

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى بايلىقلارنى چارلاپ تەكشۈرۈش ئىنستىتۇتى بايلىقلارنى قىدىرىپ تەكشۈرۈش كەسپىنىڭ 2010-يىللىق 3-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ئاشقلارغا تولستوينىڭ تۆۋەندىكى سۆزىنى ھەدىيە قىلاي، «ۋىجدانلىق ئادەم سارائكلارچە كۆيۈشى مۇمكىن، ئەمما ئەخمەقلەرچە كۆيمەيدۇ.»

▲بەخت ــ ياخشىلىقتا ئېرىشكەنلەرگىلا ئەمەس، ئېرىشتۈرگەنلەرگىمۇ مەنسۇپ بولۇشى كېرەك.

ــ نىجات ئەھمەت

ئاپتور: ئۈرۈمچى شەھىرى تيانشان رايونى ئۈمىد كوچىسى شىمالىي 2-كوچا 19-قورۇ 501-ئۆيدە ئولتۇرۇشلۇق

## تەپەككۇر ھاسلاتلىرى

▲ئىدىيە ئاقارتقۇچىلار-روھىيەت دوختۇرلىرى.

▲سىزنى تەرەققىيات پۇرسىتىگە ئىگە قىلالمىغان كەسپىنى ۋاقتىدا تاشلاڭ.

▲ماددىي ئوزۇقنىلا ئەمەس، مەنىۋى ئوزۇق تولۇقلاپ تۇرۇش ئۈچۈن «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»نىڭ ھەر بىر سانىنى ئوقۇشنى ئۇنتۇماڭ!

ــ شاھمەردان ئابدۇراخمان

ئاپتور: پىچان ناھىيە قومباغ مەھەللىسىدىن

## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲دەل ۋاقتىدا، ئەڭ موھتاجلىق ۋاقتىتا ئېيتىلغان بىر ئېغىز ھېكمەتمۇ بەلكىم سىزنىڭ ياشاش نىشانىڭىزنى ئۆزگەرتەلىشى مۇمكىن.

▲ۋازكېچىپ قۇتۇلغىلى، ئېرىشىپ خۇشال بولغىلى بولمايدىغان تۇيغۇ، ئادەمنى ئەڭ بىزار قىلىدىغان تۇيغۇدۇر.

▲راستىنىڭ پايدىسى ئاز، بەرىكىتى كۆپ، يالغاننىڭ پايدىسى كۆپ، بەرىكىتى يوق بولىدۇ.

ــ ئامانۇللا ھېزىبۇللا

ئاپتور: قاغىلىق ناھىيە جايتېرەك يېزا توگتاش كەنت 1-مەھەللىدىن

## تۇرمۇشتىكى ئاتلىق تىننقلار

▲قەلب چىراغقا، تەپەككۇر توكقا ئوخشايدۇ.

▲يار سۆيمىسە ھېچ گەپ ئەمەس، ئەل سۆيمىسە ئەڭ قورقۇنچلۇقتۇر.

▲نادان ئەل دانا ئەلنىڭ تەجرىبىخانىسى.

▲ئېتىقاد كۆزگە، ئىقتىساد پۇتقا، ئىقتىدار قولغا ئوخشايدۇ.

▲ياخشىلارنىڭ ئۆلچىمى ياخشى ئىشلارنى سۆزلىگەنلىكىدە ئەمەس، قىلغانلىقىدا.

ــ ياسىنجان ئابدۇراخمان روناقى

ئاپتور: ئاۋات ناھىيە 3-ئوتتۇرا مەكتەپ 3-يىللىق 2-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲بەھۇدە پۇشايمان ۋە ئەلەم يۇتماي دېسەڭ، پەقەت ئەمەلگە ئېشىپ بولغان ئىشىڭنىلا باشقىلارغا ئاشكارىلا.

▲بەھۇدە ھەۋەسلىرىدىن ۋاز كېچەلمىگەن ئادەم، ئەڭ گۈزەل نەرسىلىرىنى قۇربان قىلىۋاتقان ئادەمدۇر.

ــ ئەركىن ئابدۇكېرىم تەنھا

ئاپتور: جۇڭگو خەلق قوراللىق ساقچى قىسىملىرى قەشقەر ۋىلايەتلىك چېگرا مۇداپىئە تارماق ئەترىتى قاغىلىق ناھىيەلىك چېگرا مۇداپىئە چوڭ ئەترىتىدە، ئوفىتسېر

## تەپەككۇر دۇردانىلىرى

▲ئەقدەك سۆيگۈ ئۈچۈن چاكار بولسا مەيلى، ئەمما غۇرۇرنى قەلبىڭدە ھۆكۈمرانلىق ئورنىدىن چۈشۈرمە.

▲ئىززەتلەش ھۆرمەت تۇغدۇ، قەدىرلەش قىممەت.

▲ئۇنتۇشنىڭ ياخشى چارىسى ئۆتمۈشتىكىدىنمۇ ئەھمىيەتلىكرەك بۈگۈننى يارىتىش ۋە بۈگۈندىنمۇ گۈزەلرەك كەلگۈسى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتۇر.

▲تەقدىردىن تەستەك يېگەنلەرمۇ بەختلىكتۇر، چۈنكى تەقدىرنىڭ تەستىكى مۈگدىگەنلەرنى سەگەك بولۇشقا ئۈندىسە، ئويغاقلارنى مۈگدىمەسلىككە ئۈندەيدۇ.

ــ مەمەتجان ئابلا ئەلپىدا

ئاپتور: شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى تىل-مەدەنىيەت ئىنستىتۇتى تېببىي ئىنگلىز تىلى 2008 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲مېھنەتسىز ھىممەت كۈتمە، بولمىسا باشقىلار ئالدىدا خار بولغىنىڭ بولغان.

▲بىر كىشى: «يىقىلغان ئورنۇڭدىن تۇر!» دەپتىكەن، لېكىن ئۇ: «نېمىشقا يىقىلغانلىقىڭنى بىلىپ تۇر، شۇندىلا قايتا يىقىلمايسەن» دېمەپتىكەن...

ــ مەۋلان ئەبەيدۇللام

ئاپتور: شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى مەكتەپ گېزىتى ئۇيغۇر مۇخبىرلار پونكىتىدىن

▲ھەددىدىن ئارتۇق كەمتەرلىك مەغلۇبىيەتكە تۇتۇلغان يولدۇر. خۇددى ئالما شېخىنىڭ ئارتۇق ئېگىلىشى ئۆز شېخىنى سۇندۇرۇش بىلەن ئاخىرلاشقانغا ئوخشاش.

▲«سىرىمنى ئاشكارىلىۋېتىپتۇ»دەپ باشقىلاردىن ئاغرىنىپ يۈرمە، چۈنكى سىرىڭنى ئاشكارىلىغان دەل ئۆزۈڭ.

▲ئالدىمىزدىكى لاي سۇنىڭ سۈزۈلۈشىنى ساقلاپ ياتقۇچە، سۈزۈك سۇ تېپىش ئۈچۈن ئىزدەنگەن ياخشى.

ــ ئەلى ئىمىن

ئاپتور: شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى مەكتەپ گېزىتى ئۇيغۇر مۇخبىرلار پونكىتىدىن

▲پاشا نەپسىنى باسالمىغاچقا، قاننى كۆپ شوراپ ئۆلدۇ.

ــ تۇرسۇنجان ئابدۇقادىر

ئاپتور: شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى تەييارلىق 4 ـ سىنىپتىن

▲يۈزۈڭگە چۈشكەن داغدىن ئەمەس، قەلبىڭگە چۈشكەن داغدىن ئەنسىرە.

▲ئاتا ـ ئاناڭنى قىلساڭ خار، قاقشايسەن بالاڭدىن زار-زار.

ــ ماھنۇر توختى

ئاپتور: شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى تەييارلىق 14 ـ سىنىپتىن

▲ئۆزىگە خاس مەيدانى يوق كىشىلەر ــ چېكىتى يوق تارازىغا ئوخشايدۇ.

ــ گۈلگىنە ئەخمەت

ئاپتور: شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى مەكتەپ گېزىتى ئۇيغۇر مۇخبىرلار پونكىتىدىن

▲ھەسەلنى شېرىنلىكى ئۈچۈن ياقتۇرۇپ يەيمىز-يۇ، بىراق ھەسەل ھەرىسىنى ياقتۇرمايمىز.

ــ زۇلپىيە ئابلىز تۇرسۇن

ئاپتور: يېتۈك ئىز باسارلار ئىنستىتۇتى پەرۋىش ئىلمى 2010 ـ يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲تېپتىنچ كۆل سۈيىدىن بىر دۆۋە سېسىق پاتقاق قالىدۇ، ئۆركەشلىك ئېقىنىدىن يېشىل جىرا ـ جىلغىلار شەكىللىنىدۇ.

ــ ئابلاجان تۇرسۇن

ئاپتور: شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى مەكتەپ گېزىتى ئۇيغۇر مۇخبىرلار پونكىتىدىن.

## ئەرتۇغ تەرگەن تەرمەچلەر

▲ئويۇنچى بازاردا، ئاچ كۆز قازادا.

▲ماختانچاق ئادەم ئەڭ تەمەگەر ئادەمدۇر.

▲ياتنىڭ بېغىدىن دانلىغان توخۇ ھامان ياتنىڭ بېغىغا كاككىلايدۇ.

▲قەسەمخور ئۆزىگە ئەمەس، سۆزىگە ئىشىنىدۇ.

▲ياخشى ئايال ئەرنى، ياخشى ئەر ئەلنى سۆيۈندۈرەر.

▲سۈيۈق لايدا تام بولماس.

▲جامائەت كۆرمىگەن ئەر بولماس.

▲بىراۋغا يېلىنماسلىقنىڭ بىردىنبىر يولى، ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش.

▲مېۋە پەستە بولسا پىشمىسىمۇ زەخمىسىز قالماس.
▲بىلىمنىڭ ئەسقاتمايدىغىنى يوق، ياراشمايدىغىنى بار.
▲بىرى ئەتراپىدىكىلەردىن كۆپ ئۆگەنگەن ئادەم، يەنە بىرى كۆپ ئىبرەت ئالغان ئادەم ئارقىدا قالماس.
▲دۈشمەننىڭ ھەسەت، دوستلىرىڭ نەسىھەت قىلىدۇ.
▲كەمتەرلىكنى قاملاشتۇرالماسلىقنىڭ ئۆزى يا ھاكاۋۇرلۇق يا نادانلىق .

— يۈسۈپجان مۇھەممەد ئەرتۇغ

ئاپتور: شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى مۇھىت ئىلمى كەسپى 2009- يىللىق 3- سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تۇرمۇش ئىلھاملىرى

▲چىرايى گۈزەللەر — گۈزەل ئەمەس، ئەخلاقى گۈزەللەر— ھەقىقىي گۈزەلدۇر.
▲ئاتا- ئانىڭنى «سىلى- ئۆزلىرى» دەپ تۇرۇپ قاقشاتقاندىن «سەن» دەپ تۇرۇپ ھۆرمەتلە!
▲دوستۇڭغا قوشۇلساڭ يول تاپىسەن، تۇغقانغا قوشۇلساڭ پۇل تاپىسەن.
▲كىشىلەرنىڭ كەينىدىن بارگەپنى قىلساڭ غەيۋەتخور، يوق گەپنى قىلساڭ تۆھمەتخور بولىسەن.
▲«ئاتا» دېگەن سۆزنى چىن مەنىسىدىن چۈشەنسەڭ: ئۇ پەرزەنتلىرى ئۈچۈن بارلىقىنى ئاتا قىلغانلىقى ئۈچۈندۇر.
▲چۈشىنىپ قىلغان ئىشىڭ يولۇڭنى ئاچار، چۈشەنمەي قىلغان ئىشىڭ ئەپت- بەشرەڭنى ئاچار.

— ئابدۇشۈكۈر تۇرسۇن

ئاپتور: كورلا شەھىرىدىن

▲دوستۇڭ كونىرىسىمۇ، ھېسابىڭ كونىرىمىسۇن.
▲ساڭا باشقىلارنىڭ يامان گەپ- سۆزلىرىنى ئېيتىپ بەرگەن كىشى، بەلكىم باشقىلارغىمۇ سېنىڭ يامان گەپ- سۆزلىرىڭنى ئېيتىپ بېرىشى مۇمكىن.
▲كىتابخۇمار كىشىلەر ئاسان دوستلىشىدۇ، ھاراقخۇمار كىشىلەر ئاسان مۇشتلىشىدۇ.
▲قولۇڭدىن كەتكەننىڭ ھەسرىتىنى يېگۈچە، قولۇڭدا بارنىڭ قەدرىنى قىل.
▲چىرايىڭنى ئەينەكتىن كۆر، قەلبىڭنى جەمئىيەتتىن.

— ئابدۇشۈكۈر قاسىم

ئاپتور: پەيزىۋات ناھىيە شەرقىي ئىتتىپاق يولى 2- نومۇر

(يەشىك زاۋۇتى ئائىلىلىكلەر قورۇسى 2- بىنا 34- ئۆي)

▲ساختا دوست پايدا بىلەن باغلىنار، زىيان بىلەن ئايرىلار.
▲تۆھپىكار ھەم يادىكار، ھەم مەدەتكار.
▲پەسكەش ئادەملەر ئۆزگىرىشچان ۋە قۇۋ بولىدۇ.
▲ھەقىقەت ئالىيجانابلارنىڭ كۆڭلى بىلەن ھەرىكەتتە بولىدۇ.
▲ئۇتۇق قارىغۇلارچە ئىشلەشتىن ئەمەس، توغرا چارە قىلىشتىن كېلىدۇ.
▲ئەۋلاد ئۈچۈن تۆلەنگەن بەدەل ئەۋلادقا بەخت، ئەجدادقا خاتىرە مۇنار بولىدۇ.

— سادىر تۇردى

ئاپتور: لوپ ناھىيە ھاڭگىيا 1- ئوتتۇرا مەكتەپتىن

▲تۆھمەتخورلار، باشقىلارنىڭ دىلىنى يارا قىلىپ، ھەقىقەتنىڭ يۈزىنى قارا قىلغۇچىلاردۇر.
▲دەسسەپ تۇرغان يېرىڭ مۇستەھكەم بولمىسا، بېشىڭنى كۆتۈرمىكىڭ تەس بولىدۇ.
▲ساختا ئېلان- تەشۋىقات، تەشۋىق قىلغان نەرسىنىڭ ھالاكىتىنى تېزلىتىدۇ.
▲ئادەملەر نادانلاشقانسېرى، قۇرۇق داغدۇغىغا شۇنچە ئەسىر بولۇپ كېتىدۇ.

— مۇھەممەتجان ئابدۇغېنى

ئاپتور: كېرىيە ناھىيەلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىدىن

▲يېقىنچىلىق بىلەن خۇشامەتنىڭ ماھىيىتىنى ئېنىقلىۋال، ئالدىنقىسى دوستلۇقتىن، كېيىنكىسى سۇيىقەستتىن.
▲ئوخشاش كىشىلەرگە قىلىنغان پەرقلىق مۇئامىلە ياتلىشىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.
▲ئىنسانىيەت تارىخىدا يۈز بەرگەن تالاش- تارتىشلارنىڭ ماھىيىتى مۇنداق ئىككى خىل بولىدۇ؛ بىرسى، ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەش، يەنە بىرسى، باراۋەرلىكنى ئىزدەش، ئالدىنقىسى ئىگىلىۋېلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. كېيىنكىسى ئىتتىپاقلىقنى مەقسەت قىلىدۇ.
▲ئوغلۇڭنىڭ كۆزىدىن چىدام، غەيرەتنى، قىزىڭنىڭ كۆزىدىن شەرم- ھايانى كۆرەلىگەن بولساڭ ئۆزۈڭنى ياراملىق ئاتا- ئانا ھېسابلىساڭ بولىدۇ.
▲باراۋەرلىك تەلەپ قىلغۇچىلارنىڭ ئېنىقكى تەڭسىزلىك كەچمىشى بولىدۇ.

▲«تۇۋا! بۇ كۈنـدىكى بـالىلارنى...» دېگـۈچە، «ئىست! بۇگۈنكى ئاتىلارنى...» دېسەكچۇ؟!

▲ئادەم تۇرمۇشتا مۇتلەق غەلىبە بىلەن ياشىيالىشى ناتايىن، ئەمما سەن شۇنداق بىر يېڭىلگۈچى بولغىنكى، رەقىبىڭ سېنى يېڭەلىگەنلىكىدىن باشقىلار ئالدىدا ئالەمچە پەخىرلىنەلەيدىغان بولسۇن.

▲ئاجىزلارنىڭ مەنتىقىسى:

بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ.

▲بالىنىڭ ئاتا - ئانىغا يالۋۇرۇشى ئەركىلەشتىن بولسا، ئاتا - ئانىنىڭ بالىسىغا يالۋۇرۇشى بالىسىنى ئەركە ئۆگەتكەنلىكتىن.

▲سەن مەست ھالەتتە ئۆيگە كىرگەندە، بالاڭنىڭ كۆڭۈل دەپتىرىدە سەن ئۈچۈن يەنە بىر قارا چېكىت كۆپىيىدۇ.

▲ۋىجدان ھەر بىر ئادەمنىڭ قەلبىگە يېزىلغان مۇقەددەس بىر كىتاب، گەپ ئۇنى قانداق ئوقۇشتا.

▲ئوقۇتقۇچىلاردا پەقەت ئوقۇغۇچى تەربىيىلەش ۋەزىپىسىلا بولمايدۇ، ئۇلارغا يەنە جەمئىيەتنى يېتەكلەش مەسئۇلىيىتىمۇ يۈكلەنگەن.

▲ھەقىقەت قوغدىلىشى كېرەك بولغانلىقى ئۈچۈن قەھرىمانلار بارلىققا كېلىدۇ.

▲بىرمۇ رەقىبى يوق ئـادەم مەڭگـۈ بىخۇدلـۇق ئىلكىدە ياشايدۇ.

— ئابدۇلېتىپ روزىنىياز

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە ئاقسارايى ئوتتۇرا مەكتىپىدە

## سەھرادىكى چۈقانلار

▲ئـۆيگە ئـالتۇن - گـۆھەر يىغقانلارنىـڭ قوغدىغۇچىسى، كۆڭلىگە بىلىم - ھـۈنەر پۈككەنلەرنىـڭ قوللىغۇچىسى كۆپ.

▲سوك - سوك ئېشەك ھارۋىغا غىرىبلىقنى، كـوت - كوت ئەركەك بالىغا يېتىملىكنى چىللار.

▲ئانىنىڭ تايىقىدىن ئاغرىنغان ئەقلىنىڭ يوقلىقـى، ئانىنىڭ تامىقىدىن يامانلىغان قورساقنىڭ توقلىقى.

▲ئەينەك يۈزىدىكى قورۇقنى، ئەمـگەك ئۆيدىكـى ئوزۇقنى كۆرسىتەر.

▲قەبرىستان ياتـار جايىدا كـۆرۈنگەن تۈتـۈن، رېستوران قاتار جايىدا تۈنىگەن خوتۇن خەتەرلىك.

▲قويۇقىدىن يېتىلگەن پاقلان چىشىغا، ئۆيۇقىدىن يېتىلگەن نادان بېشىغا چىقار.

▲تۈلكىنىڭ تېرىسىغا قىزىققان ئۈۋچىنىڭ، يىلاننىـڭ ئۆۋىسىغا دەسسىگەن قويچىنىڭ ئۆمرى قىسقا.

▲ئـاق چـاچنى كـۆپ ئويلىغـانلار مېھـرى - مۇھەببەتلىك، قارا قاشنى كۆپ قوغلىغـانلار غېرىـب - غۇربەتلىك.

▲كىشلەرنىڭ كۆرسەتمىسىدە نان يەيدىغان ئەرنىڭ، قوشنىلارنىڭ سەيناسىدا دان يەيدىغان خورازنىڭ كۈنـى تەس.

▲تاغلارنىڭ ھەيۋىتى تاشلار بىـلەن، يۇرتلارنىـڭ ھۆرمىتى ياشلار بىلەن.

▲كەپتەرۋاز كىشى پۇتلىشىپ، قىمـارۋاز كىشى مۇشتلىشىپ ئۆتەر.

▲تايغاق ئاچال ئېشەك بىلەن ھارۋىنىـڭ، نايىناق ئايال ئەركەك بىلەن بالىنىڭ بېشىغا چىقار.

▲يىراقتىكى دوستۇڭ قـوي سـويۇپ ئـاغزى - بۇرنۇڭنى ياغ ئېتەر، يېقىندىكى دۈشمىنىڭ مەي قويـۇپ باش - كۆزۈڭنى قان.

▲تېزەك پۇرايدىغان ئېشەك تاياققا، ئەمـگەك قىلمايدىغان ئەركەك ھاراققا ئامراق.

▲پاكىزلىق خىزىرنى، پاسكىنىلىق يېغىرنى چىللار.

▲تاغدا ياتقانلارنىڭ بېشىدا ئەجەل شەپىسى، باغدا ياتقانلارنىڭ بېشىدا ھەسەل ھەرىسى چۆرگىلەر.

▲بېلى بوش ئاتا - ئۇلى بوش بىناغا ئوخشايدۇ.

— تۇردى ئالاۋۇش

ئاپتور: كۇچار ناھىيە خانقىتام يېزا چىمەن كەنتىدە دېھقان

▲مۇۋەپپەقىيەت قازىنالماسلىقىڭنى تەقدىرىڭدىن كۆرمەي، تەدبىرىڭدىن كـۆرگىن، باشـقىلارنىڭ سېنى كۆزگە ئىلماسلىقنى، قامىتىڭدىن كۆرمەي قابىلىيىتىڭدىن كۆرگىن، مەنـزىلىڭگە يېتەلمەسـلىكىڭنى قەدىمىڭدىن كۆرمەي بوشاڭلىقىڭدىن كۆرگىن.

— ئابدۇللا تۇرسۇن بىخلانى

ئاپتور: مەكىت ناھىيەلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2 - يىللىق 9 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

بۇ سانىنىڭ تەكلىپلىك كوررېكتورى: قەييۇم تۇرسۇن؛ كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: گۈلنار رۇستەم؛ مۇقاۋا ۋە فىستۇرما سۈرەتلەرنى ئىشلىگۈچى: سەۋدايى (تەكلىپلىك).



# ئاكا-ئۇكا مۇسابايېفلارنىڭ توققۇز چوڭ تۆھپىسى

يالقۇن روزى

جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتى جەمئىيىتىنىڭ 5-نۆۋەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى بۇ يىل 12-ئاۋغۇستتىن 15-ئاۋغۇستقىچە بېيجىڭدا ئېچىلدى. يىغىنغا ئۇيغۇر، خەنزۇ قاتارلىق مىللەتتىن 100 دىن ئارتۇق تەتقىقاتچى، مۇتەخەسسىس قاتناشتى. يىغىن ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتىگە چېتىلىدىغان تېمىلار ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىلغان ئىلمىي ماقالىدىن 80 نەچچىنى تاپشۇرۇۋالدى. ماقالىلەر گۇرۇپپىدا ئوقۇلۇپ، باھالانغاندىن كېيىن، 1-دەرىجىگە ئېرىشكەنلىرى چوڭ يىغىندا ئوقۇلدى. ئوبزورچى يالقۇن روزىنىڭ «ئاكا-ئۇكا مۇسابايېفلارنىڭ توققۇز چوڭ تۆھپىسى»، دوكتور راھىلە داۋۇتنىڭ «ئۇيغۇرلارنىڭ مازار مەدەنىيىتى»، پروفېسسور مۇھەممەد زۇنۇننىڭ «ماركسىزملىق ئەدەبىيات-سەنئەت قارىشىنىڭ ئۇيغۇر يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىدىكى تارىخىي ئورنى»، تەتقىقاتچى تەلئەت ئىبراھىم (تىلەك) نىڭ «مىنگو دەۋرىدىكى شۆتاڭلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى»، خوتەنلىك ئۇيغۇر لى شىگاڭ (رەشىدە)نىڭ «خوتەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ كېلىش مەنبەسى ۋە ھازىرقى تەرەققىياتى»، دوتسېنت ئەنۋەر مەتسەيدىنىڭ «ئۇيغۇرلاردا سالام خەت ۋە ئېرسالنامە»، ياسىنجان ئابدۇقادىرنىڭ «ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ 100 يىلى» ناملىق ماقالىلىرى چوڭ يىغىندا ئوقۇشقا تاللاندى ۋە قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشتى.

بىز جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتى جەمئىيىتىنىڭ 5-نۆۋەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەش مەقسىتىدە 1-دەرىجىلىك باھالانغان ماقالىلەردىن تاللاپ ئوقۇرمەنلەرگە سۇنىدۇق.

— مۇھەررىردىن

1909-يىلى كۈز كۈنلىرىنىڭ بىر ئەتىگىنى غۇلجا شەھىرىنىڭ سىرتىدىكى غوچچىدە ئۆسكەن چىغ، شىۋاقلار بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدىغان ئۈنۈمسىز يەرگە تالاي مۇشەققەتلەرنى يېڭىپ، تۆت يىل ۋاقىت، 350مىڭ سەر سەرمايە سەرپ قىلىپ قۇرۇلغان «مۇسابايېف تېرە زاۋۇتى»دىن ۋۇ... ۋۇ... ۋۇت! قىلىپ ياڭرىغان كۈچلۈك

**مەدەنىيەت مەشئەلچىلىرى**

سادا غۇلجا ئاسمىنىنى لەرزىگە كەلتۈرۈپ، يىراق-يىراقلارغا تارقىلىپ كەتتى. غەرب زامانىۋى سانائىتىنىڭ بەلگىسى بولغان بۇ ياڭراق گۈدۈك سادasىنىڭ لەرزىسى بىلەن نەچچە ئەسىرلەردىن بېرى جاھالەت تۇتەكلىرى قاپلاپ كەلگەن تارىم ۋە جۇڭغارىيە ۋادىسىنىڭ قاراڭغۇ ئاسمىنىدا نۇرانە يۇلتۇزلار چاراقلاشقا، تەڭرىتاغ ئانىنىڭ گىگانت گەۋدىسى بىلىنەر-بىلىنمەس مىدىرلاشقا، ئۈن-تىنسىز ئېقىپ كېلىۋاتقان ئىلى دەرياسى قايتىدىن دولقۇنلاشقا، غەپلەت ئۇيقۇسىدا پۇشۇلداپ ياتقان بۇ

قەدىمى تۇپراق ئاستا ـ ئاستا سىلكىنىشكە باشلىدى. چۈنكى 20 ـ ئەسىرنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن ياڭرىغان بۇ خاسىيەتلىك سادا شىنجاڭنىڭ سانائەتلىشىشكە تاشلىغان دادىل قەدىمى ۋە يېڭى مەدەنىيەت ھەم يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ پەردىسىنى ئاچقان خاسىيەتلىك گۈدۈك ئاۋازى بولدى. ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭنىڭ كۆپلىگەن جايلىرىدا يېڭى مائارىپ ۋە يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى ئارقىمۇ ئارقا بارلىققا كەلدى. جەدىدىزملىق ئىدىيە ئۇلغايدى، مىللىي ئاڭ ئويغىنىشقا باشلىدى، غۇلجا، قەشقەر، خوتەن، ئاتۇش، كۇچا، كېرىيە، قاغىلىق، تۇرپان، چۆچەك، گۇچۇڭلاردا يېڭىچە مەكتەپلەر قۇرۇلدى. بىر قىسىم دىنىي مەكتەپلەر جەدىدچە ئوقۇتۇشنى يولغا قويدى. قەشقەردە ئۆمەر باينىڭ پاختا زاۋۇتى، تۇرپاندا مۇھتىلارنىڭ پاختا زاۋۇتى، يەكەندە تاشاخۇنۇمنىڭ سەرەڭگە زاۋۇتى ۋە مەسئۇدنىڭ رەخت توقۇش كارخانىسى قۇرۇلدى...

سانائەتلىشىش ئىقتىسادنىڭ گۈللىنىشى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر يولى، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىپ مۇئەييەن باسقۇچقا يەتكەنلىكىنىڭ بەلگىسى. ئىنسانىيەت تارىخىدىن ئايانكى، سانائەتلىشىش مۇساپىسى ئىنتايىن زور مۇشكۈلاتلار بىلەن تولغان بولىدۇ. ئەمما، سانائەتلىشىشنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان مىللەتلەر زامانىۋى مىللەتلەر قاتارىدىن ھەرگىز ئورۇن ئالالمايدۇ. شۇبھىسىزكى، ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلار شىنجاڭ مىللىي سانائىتىنىڭ ۋەكىلى بولغان «مۇسابايېف تېرە زاۋۇتى»نى قۇرۇش ئارقىلىق مىللىي ھاياتىمىزدا يېڭى بۇرۇلۇش ياسىدى، يېڭى تارىخ ياراتتى. ئۇلار بۇ زاۋۇتنى ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ سانائەتلەشتۈرۈش پىلانىدىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدىغان زاماندا روياپقا چىقاردى. ئۇ چاغدا يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان خۇسۇسىي كارخانىلارنى يۆلەش، ئوتتۇرا، ئۇزاق مۇددەتلىك قەرز پۇل بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ مالىيەسىنى كاپالەتلەندۈرۈش، ئۇلارنى قۇرۇلۇش مەبلىغى بىلەن تەمىنلەش دېگەنلەردىن ئەسلا ئېغىز ئاچقىلى بولمايتتى. جەمئىيەتنىڭ تۈپ خاراكتېرى قالاق فېئوداللىق جەمئىيەت ئىدى. ئىگىلىك شەكلى تولىمۇ قالاق ئىدى. ئىقتىسادىي ئەھۋالى بەكمۇ نامرات ئىدى. ئىجتىمائىي قاتلىمى ئاددىي ھەم تۆۋەن ھالەتتە ئىدى. رۇسىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا شىنجاڭدا باج تاپشۇرماي، يۇقىرى ئىمتىياز بىلەن تالان ـ تاراج خاراكتېرلىك سودا قىلىۋاتقان رۇسىيە سودىگەرلىرىنىڭ سودا زومىگەرلىكىگە تاقابىل تۇرۇش ئەڭ قىيىن مەسىلە ئىدى. قىسقىسى، ئۆزىنىڭ تۇرلۇك ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، سىياسىي مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشقا قۇربى يەتمەيدىغان، مۇكەممەل بولمىغان بىر جەمئىيەتتە بۇنداق بىر زامانىۋى زاۋۇتنىڭ قۇرۇلۇشى، بۇنداق بىر يېڭى كارخانىنىڭ بارلىققا كېلىشى مۆجىزە ھېسابلىناتتى. گەرچە بىرەر زاۋۇتنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن مىللىي سانائەتنىڭ تەرەققىياتىغا ۋە مىللىي ئىگىلىكنىڭ كۆپ مەنبەلىشىشىگە ئاساس سالغىلى بولمىسىمۇ، ئەمما بۇ ئىلھامبەخش يېڭى ھادىسە تېخىمۇ كۆپ كارخانا ـ شىركەتلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىگە تۈرتكە بولماي قالمايتتى. مىللىي كارخانىلارنىڭ كۆپلەپ قۇرۇلۇشى، مىللىي سانائەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى تەبىئىي ھالدا مىللىي بۇرژۇئازىيە قاتلىمىنىڭ شەكىللىنىشىگە، تېخنىك خادىملارنىڭ بارلىققا كېلىشىگە، باشقۇرغۇچىلار ھەم مەلىكىلىك ئىشچىلار قوشۇنىنىڭ يېتىلىشىگە ئاساس بولاتتى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە جەمئىيەتنىڭ يۇقىرى قاتلىمىغا مەنسۇپ بولغان، ئىقتىسادنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ ئايلىنىش قانۇنىيىتىنى چۈشىنىدىغان، سىياسىي تەپەككۇرى يېتىلگەن، مىللىي ئېڭى ئويغانغان كىشىلەر توپى شەكىللىنەتتى. شۇڭا، ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلارنىڭ زاۋۇت قۇرۇشىنى 20 ـ ئەسىر شىنجاڭ تارىخىدىكى ئەھمىيىتى ئەڭ زور، ئىنقىلاب خاراكتېرلىق ۋەقەلەرنىڭ بىرى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، بۈگۈنكى كۈندە بۇ ئۇلۇغ قۇرۇلۇشنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنىڭ 100 يىللىقىنى داغدۇغىلىق خاتىرىلەپ تۇرلۇك پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزۈش، تارىخىي، ئەدەبىي كىتابلارنى يېزىپ نەشر قىلدۇرۇش، كىنو ـ تېلېۋىزىيە فىلىملىرىنى ئىشلەش تامامەن زۆرۈر ئىدى. بىز ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلارنىڭ زاۋۇت قۇرۇش جەريانىنى قىسقىچە ئەسلەپ باقساق، ئۇلارنىڭ ئەينى شارائىتتا نەقەدەر زور جاسارەت ۋە پاراسەت بىلەن، قاتمۇقات مۇشكۈلچىلىكلەرنى يېڭىپ بۇ ئۇلۇغ قۇرۇلۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرغانلىقىنى ھېس قىلالايمىز.

مەلۇمكى، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ئانا دىيارىمىز شىنجاڭ يەنىلا ئىنتايىن قالاق ھالەتتە ئىدى. ياكى بىرەر زاۋۇت، ياكى بىرەر شىركەت، ياكى بىرەر مەكتەپ، ياكى بىرەر دوختۇرخانا، ياكى بىرەر گېزىت ـ ژۇرنال يوق ئىدى. كىشىلەر ئات، تۆگە، قېچىر، ئۆكۈز ۋە ئېشەكنى قاتناش قورالى قىلاتتى. ئېتىز ـ ئېرىقنىڭ ئىشلىرىنىمۇ ھايۋان كۈچىگە تايىنىپ تاماملايتتى. ناتۇرال ئىگىلىككە تايىنىپ تۇرمۇشنى قامدايتتى. قارا قىشنىڭ ئۇزاق كېچىلىرىدە سۇماي بىلەن ياندۇرۇلىدىغان قارا چىراغنى پىلىلدىتىپ، تۈگىمەس ھېكايە ـ چۆچەكلەرنى ئېيتىپ زېرىكىشلىرىنى بېسىشاتتى.

ئەكسىچە، شۇ يىللاردا باشقا ئەللەر، بولۇپمۇ ياۋروپا دۆلەتلىرى بەس - بەستە سانائەتلىشىپ كۈنسايىن تەرەققىي قىلماقتا ئىدى. زاۋۇت - فابرىكىلار، ماشىنا - پاراخوتلار، مەكتەپ - دوختۇرخانىلار، گېزىت - ژۇرناللار، رادىيو - پاتېفونلار، ئېلېكتىر چىراغلار جەمئىيەتتە ئادەتتىكى نەرسىگە ئايلىنىپ، خەلق تۇرمۇشىدا مىسلىسىز قولايلىقلارنى ياراتماقتا ئىدى. ئۇلار ئۆزىگە خاس ئىدىيە ۋە تەپەككۇر بىلەن بايلىق مەنبەلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش ئارقىلىق مىللىي مەنپەئەتلىرىگە ئۇزاق مۇددەت كاپالەتلىك قىلىش، يەرشارى مىقياسىدا يېتەكچى مىللەتلەردىن بولۇش مەقسىتىدە تەخىرسىز ئىزدىنىۋاتاتتى.

دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك ئىمپېرىيە بولغان بىرىتانىيە ئىمپېرىيەسى بىلەن رۇسىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ مۇستەملىكە ۋە مەنپەئەت تالىشىش كۈرىشى ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەڭ كەسكىن بولغان. ئوتتۇرا ئاسىيا زېمىنى رۇسىيەگە تۇتاش بولغاچقا رۇسىيە رىقابەتتە تەبىئىي ئەۋزەللىككە ئىگە ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ چارۋىچىلىق ۋە دېھقانچىلىق ئىشلىرى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ماددىي بايلىقلىرى مول ئىدى. بۇ رايون ئەنگلىيە بىلەن زومىگەرلىك تالىشىشتىكى ئىستراتېگىيەلىك ئورۇن ھېسابلىناتتى، شۇڭا رۇسىيە ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم ئىدى. 1861 - يىلى رۇسىيە سانائەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن يانچىلىق تۈزۈمىنى بىكار قىلدى. بۇ ھال رۇسىيە سانائىتىنىڭ يەنىمۇ راۋاجلىنىشىغا يېڭى يول ئېچىپ بەردى. ھەقىقەتەنمۇ يانچىلىق تۈزۈمى بىكار قىلىنغاندىن كېيىن، رۇسىيەنىڭ سانائەت كاپىتالىزمى ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلدى. «ھالبۇكى، سانائەت كاپىتالىزمىنىڭ تەرەققىياتى تاۋار بازىرى ئېچىشنى ۋە خام ئەشيا مەنبەسى تېپىشنى تەلەپ قىلاتتى. ئەمما، رۇسىيە سانائەتتە ياۋروپا ئەللىرىدىن ئارقىدا قالغانىدى. مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتى ناچار بولغانلىقتىن ياۋروپا بازىرىدا پۇت تىرەپ تۇرالمايتتى. شۇڭا، پەقەت ئوتتۇرا ئاسىيا بازارلىرىنى ئىگىلىمىسە بولمايتتى.» [1] قارانىيەت رۇسىيە ئىمپېرىيەسى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تاۋار بازىرىنى ئېچىش ۋە خام ئەشيا مەنبەسىنى ئىگىلەش ئۈچۈن ئىمكانىيەتىنىڭ بارىچە مۇستەملىكە قىلىش، بولمىغاندا سىياسىي جەھەتتە تىزگىنلەشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش تەدبىرىنى قوللاندى.

ئوتتۇرا ئاسىياغا قارىتا كېڭەيمىچىلىك قىلىشنى تېزلەشتۈرگەن كۈچلۈك رۇسىيە ئىمپېرىيەسى ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىلىرىنىڭ قالاق ھەم ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىپ، ھەقىقەتەن زور مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. ئوتتۇرا ئاسىيا بويسۇندۇرۇلغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى خانلىقلار مۇستەقىل دۆلەت بەھرىمەن بولىدىغان ھەر خىل ھوقۇقلاردىن مەھرۇم بولدى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر مىللەت خەلقى ھەر خىل خورلۇق ۋە زۇلۇمغا يەتكۈچە ئۇچرىدى. بۇ يىللاردا تۇنجى قېتىملىق سانائەت ئىنقىلابىنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان رۇسىيە ئوتتۇرا ئاسىيادا قاتناشنى ياخشىلاپ، تۆمۈر يوللارنى كۆپلەپ ياسىدى. ئىچكى رايونلاردىن كۆپلەپ ئاھالە كۆچۈردى. يول ياقىلىرىغا يېڭى شەھەر - بازارلارنى قۇردى. ئىلگىرىكى كىچىك شەھەر - بازارلارنى كېڭەيتتى. قاتناشنىڭ راۋانلىشىشى ۋە تۆمۈريوللارنىڭ كۆپلەپ ياسىلىشى بىلەن، قەدىمىي شەھەر - بازارلار ۋە يېڭىدىن قۇرۇلغان شەھەر - بازارلارنىڭ سودا - تىجارەت ئىشلىرى ناھايىتى تېز جانلاندى. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى، مەسىلەن، ئاشلىق، پاختا، يىپەك، مېۋە - چېۋە، كۆن - خۇرۇم قاتارلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ تاۋارلىشىشى كۈنسايىن كېڭىيىپ باردى.

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بىر قىسمى بولغان شىنجاڭ رايونىمۇ رۇسىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك مەنپەئەتى دائىرىسىدىكى مۇھىم جاي ئىدى. شۇڭا، چاررۇسىيە ھۆكۈمىتى تۈرلۈك باھانە - سەۋەبلەر بىلەن زەئىپلەشكەن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنى شىنجاڭغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردا يول قويۇشقا قىستايتتى. مەسىلەن، 1881 - يىلى ئىمزالانغان «جۇڭگو - رۇسىيە ئىلى شەرتنامىسى»بۇنىڭ تىپىك پاكىتى. بۇ تەڭسىز شەرتنامە بويىچە رۇسىيە ئىلى، چۆچەك، قەشقەر، ئۈرۈمچى قاتارلىق بىر نەچچە شەھەردە كونسۇلخانا قۇرغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە شىنجاڭنىڭ ئىلى، ئۈرۈمچى، گۇچۇڭ، قومۇل، تۇرپان قاتارلىق شەھەرلىرىدە رۇسىيە سودىگەرلىرى ئۈچۈن سودا رايونى بەلگىلەپ بېرىلگەن. شىنجاڭدا سودا - تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان رۇسىيە سودىگەرلىرى جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ قانۇن - تۈزۈملىرىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايتتى. ئۇلارنىڭ قىلمىشىغا رۇسىيە كونسۇلى كېسىم چىقىراتتى. ئۇلار باج تۆلىمەي سودا قىلاتتى. ئۇلار رۇسىيەنىڭ كۈندىلىك سانائەت بۇيۇملىرىنى ئېلىپ كېلىپ كەڭ كۆلەمدە ساتقاندىن باشقا، شىنجاڭدىن سانائەت خام ماتېرىياللىرىنى ئەرزان باھادا سېتىۋېلىپ، پىششىقلاپ ئىشلىگەندىن كېيىن ھەسسىلەپ پايدا ئالاتتى. ئۇلارنىڭ خام ماتېرىيال سودىسىدا يۈكسەك، تېرە ئاساسلىق ئورۇننى ئىگىلىگەنىدى. رۇسىيە سودىگەرلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا، جۈملىدىن شىنجاڭغا تۈركۈملەپ كېلىشى ئۆز نۆۋىتىدە سودىغا ماھىر، سودا ئەنئەنىسى كۈچلۈك ئۇيغۇر سودىگەرلەرگىمۇ پۇرسەت ئېلىپ كەلگەن. ئۇلار يۇرت

ئارىلاپ، چېگرا ئاتلاپ «ئال ـ سات» شەكلىدە سودا قىلىشقا باشلىغان. كارۋانچىلىق، سارايۋەنلىك كەسپى بىلەن شۇغۇللانغان. چارروسىيە بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانى تالىشىشتا ئۇزاقتىن بېرى بەسلىشىپ كېلىۋاتقان ئەنگلىيەمۇ 1895 ـ يىلى قەشقەردە ئالاھىدە ۋەكىل تۇرغۇزغان. 1909 ـ يىلى بۇ ئالاھىدە ۋەكىل مەھكىمىسىنى باش كونسۇلخانىغا ئۆزگەرتكەن. ئەنگلىيەگە قارام ھىندىستانلىق سودىگەرلەرمۇ قەشقەر، يەكەن قاتارلىق جايلاردا سودا ـ تىجارەت بىلەن كەڭ كۆلەمدە شۇغۇللانغان. نەتىجىدە 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ۋە 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى شىنجاڭدا ساراي تىجارىتى يۇقىرى دولقۇنغا چىققان. جايلاردا كارۋانلار ۋە سودىگەرلەر ئۈچۈن تۈركۈم ـ تۈركۈم سارايلار قۇرۇلغان مەسىلەن «قەشقەرنى مىسالغا ئالساق، مەخسۇس چەت ئەل سودىگەرلىرى ئىجارىگە ئېلىپ قۇرغان خام بازىرىدىكى ‹ھىندى سارىيى› (ھىندىستانلىق سودىگەرلەر قۇرغان)، ‹تۆگە سارىيى› (دورغا بەگ سارىيى دەپمۇ ئاتالغان، ئۇنى ئافغانىستانلىق سودىگەرلەر قۇرغان)، ‹پەرەڭ سارىيى›، (ھازىرقى چىنباغ مېھمانخانىسىنىڭ ئورنىدا) قاتارلىق چەت ئەللىكلەر قۇرغان سودا سارايلىرىدىن باشقا، يەرلىكلەر تەرىپىدىن 50 دىن ئارتۇق مەخسۇس سودا سارايلىرى قۇرۇلۇپ، ھەرقايسى سارايلاردا ئوخشىمىغان مال تۈرى بويىچە تاۋار ئوبوروتى يولغا قويۇلغان. شەھەر ئىچىدە قۇرۇلغان يۇقىرىقى سودا سارايلاردىن باشقا، قەشقەرنىڭ توققۇز ناھىيە، 26 يېزىسىدا 140 تەك سودا بازىرى بولۇپ، بۇ بازارلاردا يەرلىك خام ئەشيا، پىششىقلانغان قول سانائەت بۇيۇملىرى سودىسى ۋە چەت ئەل تاۋارلىرىنى توپ ۋە پارچە سېتىش سودىسى ئېلىپ بېرىلغان.»[2] قەشقەر، يەكەن، چۆچەك، ئۈرۈمچى، گۇچۇڭ، قومۇل، تۇرپان سودا ـ تىجارەت جانلانغان ئورۇنلار بولۇپ قالغان. قىسقىغىنا 10 — 20 يىل ئىچىدە قەشقەر، ئاتۇش، تۇرپان ۋە ئىلىنىڭ سودىگەرلىرى ئانا دىيارىدىن ھالقىپ ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىلىرىگە قاتنايدىغان سودىگەرلەر توپىنى شەكىللەندۈرگەن. شۇ يىللاردا بىرقىسىم ئۇيغۇر بايلىرى تىجارەت ئېھتىياجى بىلەن ياۋروپاغا قەدەر بارغان. ئۇلار ياۋروپا ئەللىرىنىڭ تەرەققىيات مەنزىرىسىنى كۆرگەندە، ئۆز يۇرتىنىڭ قالاق قىياپىتى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆرتەنگەن. بۇ يىللاردا يەنە ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىلىرىدە «تاتار جەدىدچىلىكى»نىڭ تەسىرى كۈنسايىن كۈچىيىپ مىللىي ئاڭ ئويغىنىشقا، يېڭىلىققا، تەرەققىياتقا ئىنتىلىدىغان كەيپىيات ئومۇملىشىشقا باشلىغان. يەنە بىر جەھەتتىن، روسىيە، ياۋروپا ۋە تۈركىيە قاتارلىق جايلار بىلەن باردى ـ كەلدى مۇناسىۋەتلەر قويۇقلىشىش نەتىجىسىدە، يىراقنى كۆرەر سودىگەرلەر ۋە ئاز ساندىكى ياش ئۆلىما ـ زىيالىيلارنىڭ كۆزى ئېچىلىشقا باشلىغان. شۇڭا، ئۇلار ئانا دىيارىنىڭ ياۋروپادەك تەرەققىي قىلغان مەنزىرىسىنى كۆرۈشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلغان، ھەمىشە بۇ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ يوللىرى ئۈستىدە ئىزدەنگەن. شۇلارنىڭ ئارىسىدا 1890 ـ يىللارنىڭ ئالدى ـ كەينىدە روسىيەلىك سودىگەرلەر بىلەن كۆپ سودا قىلىپ، تىجارەتتىكى پاراسىتى ۋە ماھارىتى بىلەن داڭق چىقىرىپ «مۇسابايېفلار»دەپ تونۇلغان ھۈسەن باي (1865? — 1926) ۋە باھاۋۇدۇن باي (1870? — 1928) ئىسىملىك ئاكا ـ ئۇكا سودىگەرلەرمۇ بار ئىدى. ئۇلار سودا كاپىتالىنىڭ كۆپلىكى ۋە رۇس تىلىغا ماھىرلىقى بىلەن روسىيەلىك سودىگەرلەرنىڭ زور ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن. بۇ ئىككىيلەن ئاتۇش ئىكساقلىق داڭلىق سودىگەر مۇسابايىنىڭ چوڭ ئايالىدىن بولغان باللىرى ئىدى. ئۇلار غەيرەت ـ جاسارەتلىك، پەم ـ پاراسەتلىك، ئىنساب ـ ديانەتلىك قىران يىگىتلەر بولۇپ، دادىسى مۇسابايىنىڭ ياخشى تەربىيەسىدە ئۆسۈپ يېتىلگەندى. مۇساباي ھاجىم ئوغۇللىرىغا دائىم «پۇلنىڭ غوجىسى بولماي، بىلىمنىڭ غوجىسى بولۇڭلار»دەپ نەسىھەت قىلاتتى.

مۇسابايېف جەمەتى ئانا دىيارىمىزدا مىللىي سانائەتنىڭ بايرىقىنى تۇنجى قېتىم تىكلىگەن ۋە يېڭىچە مائارىپنىڭ مەشئىلىنى تۇنجى قېتىم ياندۇرغان ئاۋانگارت جەمەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ جاسارەتلىك ھەم پاراسەتلىك ئوغلانلىرى بىز بۈگۈنكى كۈندە ئىپتىخار بىلەن تىلغا ئېلىۋاتقان تارىخي تۆھپىلىرى بىلەن تارىخىمىزنىڭ شانلىق سەھىپىلىرىدىن ئورۇن ئالدى.

مەن 10 نەچچە يىلدىن بۇيان چامىمنىڭ يېتىشىچە ماتېرىيال توپلاش، ئۆگىنىش، ئىزدىنىش ۋە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، «مۇسابايېف تېرە زاۋۇتى» قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش مەقسىتىدە ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلارنىڭ ئۇنتۇلماس توققۇز چوڭ تۆھپىسىنى يەكۈنلەپ چىقتىم. مېنىڭ «مۇسابايېف تېرە زاۋۇتى»نىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەشنى تۇتقا قىلىشىمدىكى سەۋەب شۇكى، بۇ زاۋۇتنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىياتى شىنجاڭدا 20 ـ ئەسىردە يۈز بەرگەن زور تارىخي ۋەقەلەر بىلەن بىرىكىپ كەتكەن. خۇددى ۋېي چاڭخۇڭ ئېيتقاندەك «مۇسابايېف تېرە زاۋۇتىنىڭ تارىخي ئۆزگىرىشىنى تەتقىق قىلىش شىنجاڭ مىللىي بۇرژۇئازىيەسىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنى

تەتقىق قىلىشتىكى ئاچقۇچلۇق مەسىلە بولۇپلا قالماستىن، يەنە يېقىنقى زامان شىنجاڭ جەمئىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە قانۇنىيىتىنى بىلىشكىمۇ ئىنتايىن پايدىلىق.»[3] شۇڭا، ئاكا-ئۇكا مۇسابايېفلارنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ شانلىق ئۇتۇقلىرىنىڭ بىرى بولغان «مۇسابايېف تېرە زاۋۇتى»نىڭ 100يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن بۇ ماقالەمنى يازدىم.

20-ئەسىر ئۇيغۇر تارىخىدىكى «مۇسابايېف جەمەتى»، «مۇھىتىيلار جەمەتى» ۋە «تاشاخۇنوم جەمەتى»دىن ئىبارەت داڭلىق ئۈچ جەمەتنىڭ بىرى بولغان «مۇسابايېف جەمەتى»نىڭ ئەڭ مەشھۇر ۋەكىللىرى ئاكا-ئۇكا مۇسابايېفلارنىڭ بىزنى ئېپتىخارلاندۇرىدىغان، ئۇنتۇلماس توققۇز چوڭ تۆھپىسى تۆۋەندىكىچە:

**بىرىنچى تۆھپە: «مۇسابايېف تېرە زاۋۇتى»نى قۇرۇش**

جۇڭگو يېقىنقى زامان تارىخىدا ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىشى بىر قەدەر بالدۇر بولسىمۇ، ئەمما سودىگەرلەرنىڭ سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىشى جياۋۇ يىلىدىكى يەنى 1894-يىلىدىكى جۇڭگو-ياپونىيە ئۇرۇشىدىن كېيىن باشلانغان. ئىلگىرى ھۆكۈمەت سودىگەرلەرنىڭ سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىشىنى چەكلەپ كەلگەن. ياپونىيە بىلەن بولغان ئۇرۇشتا چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۇنچە چوڭ دۆلەت تۇرۇپ يېڭىلىپ قېلىشى جۇڭگولۇقلارنى قاتتىق خورلۇقتا قويغان. شۇنىڭ بىلەن قۇدرەت تېپىش ئۈچۈن جەزمەن ياپونىيەگە ئوخشاش «ئەجنەبىيلەردىن ئۆگىنىش» نىڭ زۆرۈرلۈكىنى يەنە بىر قېتىم تونۇپ يەتكەن. 1895-يىلى جاڭ جيەن(张謇، 1853 — 1926) دېگەن سودىگەر تۇنجى بولۇپ بوياقچىلىق زاۋۇتى قۇرغان. ئۇزاق ئۆتمەي پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى قۇرغان. 1901-يىلى «يېڭى سىياسەت» يولغا قويۇلغاندىن كېيىن سودىگەرلەرنىڭ سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىشى ئاشكارا رىغبەتلەندۈرۈلگەن. تەتجىدە زاۋۇت-كارخانا قۇرۇش دولقۇنى شەكىللەنگەن. شىنجاڭنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ھوقۇقى ئەڭ زور ئەمەلدارى بولغان ئىلى گېنېرالى چاڭ گېڭ «يېڭى سىياسەت»نى قىزغىن قوللىغۇچىلارنىڭ بىرى ئىدى. شۇ سەۋەبتىن شىنجاڭدىمۇ سودىگەرلەرنىڭ ئەنئەنىۋى «ئال-سات» شەكلىدىن ھالقىپ «ئىشلە-ياسا-سات» شەكلىدە سودا قىلىشقا ئىمكانىيەت ھازىرلانغان.

شىنجاڭنىڭ ئەينى چاغدىكى ۋەزىيىتىدە ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە رۇسىيەلىك سودىگەرلەردىن قالسا ئۇيغۇر سودىگەرلەرنىڭ مالىيە كۈچى ۋە رىقابەت كۈچى ئەڭ كۈچلۈك ئىدى. بۇ خىل ئەمەلىيەت «غۇلجىنىڭ سودا تارىخىدىن قىسقىچە بايان» دېگەن ماقالىدە مۇنداق ئىپادىلەنگەن: «1890-يىلىنىڭ ئالدى-كەينىدە ئىلىنىڭ مىللىي سودىسى رۇسىيە سودىگەرلىرى ۋە رۇسىيە مەھسۇلاتلىرى بىلەن بولغان رىقابەتتە تەرەققىي قىلىشقا باشلىغان. ھەر مىللەت خەلقى ئىمپورت-ئېكسپورت شىركەتلىرى ۋە ۋاستىچىلەر ئارقىلىق ئۆزىگە خوجا ھالدا چېگرا سودىسى يولىنى ئېچىپ رۇسىيە سودىگەرلىرى بىلەن تىركەشكەن. بۇنىڭدا ھۇسەن باي باشلامچى بولغان. ئۇ، تۈرلۈك تېرە، خۇرۇم، يۇڭ، پاختا قاتارلىق يەرلىك مەھسۇلاتلارنى ئېكسپورت قىلىپ باش كۆتۈرگەن. رۇسىيە ئىمپېرىيەسى بىلەن ئىمپورت-ئېكسپورت سودىسىنى يولغا قويغان.»[4]

ماتېرىياللاردا يېزىلىشىچە 1901 — 1903-يىللار ئارىلىقىدا ھۇسەن باي موسكۋادا ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق خەلقئارالىق سودا يەرمەنكىسىگە قاتنىشىپ بولۇپ، ياۋروپانى ئايلىنىپ تۈركىيەگە بارغان. بۇ چاغدا زەئىپلەشكەن ئوسمان ئىمپېرىيەسى غەربتىن ئۆگىنىپ ئۆزىنىڭ قالاق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنۇۋاتقان چاغلار ئىدى. تۆمۈريول ياساش، يېڭىچە مەكتەپلەرنى بەس-بەستە ئېچىش، ئارمىيەنى ئىسلاھ قىلىش يولغا قويۇلۇۋاتاتتى. ھۇسەن باي تۈركىيەدە تۇرغان مەزگىلدە ئىستانبۇلدىن باغداتقا بارىدىغان تۆمۈر يول ياسىلىۋاتاتتى. ئۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ئىستانبۇلدىن باغداتقا بارىدىغان باغدات تۆمۈر يولىنى ياساشنى ھۆددىگە ئالغان گېرمانىيە تۆمۈر يول شىركىتىنىڭ 400 مىڭ تىللالىق پېيىنى سېتىۋېلىپ، بۇ شىركەتنىڭ پايچىسى بولۇپ قالغان. تۈركىيەدىكى ئىشلىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن خەلقئارالىق سودىگەر سۈپىتىدە تونۇلغان ھۇسەن باي رۇسىيە ئارقىلىق ئانا يۇرتىغا قايتىپ كەلگەن.

ئەينى چاغدىكى يېڭىدىن شەكىللەنگەن ئۇيغۇر سودىگەرلەرنىڭ باشلامچىسى بولغان ئاكا-ئۇكا مۇسابايېفلار كۈنسايىن كۈچىيىۋاتقان سودا كاپىتالىغا ۋە سودا-تىجارەت ئەمەلىيىتى جەريانىدا پىشىپ يېتىلگەن دىتىغا تايىنىپ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يولغا قويغان «يېڭى سىياسەت» ئېلىپ كەلگەن پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، 1905-يىلى مەبلىغىنى بىرلەشتۈرۈپ «مۇسابايېف بۇرادەرلەر شىركىتى»[5]نى قۇرغان ھەم گېرمانىيەدىن ئۈسكۈنە ۋە تېخنىك ئەكېلىپ، زامانىۋى كۆن-خۇرۇم زاۋۇتى قۇرۇشنى پىلانلىغان. چۈنكى، ئۇلار ئون نەچچە يىللىق سودا-تىجارەت ئەمەلىيىتى جەريانىدا ياۋروپانىڭ زامانىۋى زاۋۇتلىرىدا ئىشلەنگەن خۇرۇم مەھسۇلاتلىرىنىڭ

تولىمۇ سىپتا، پارقىراقلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ غۇلجا كۆرەدىكى تېرە ئاشلاش كارخانىسىدا يەرلىك ئۇسۇلدا ئىشلەنگەن كۆن-خۇرۇملىرىغا سېلىشتۇرۇپ ئۆكۈنگەن. ئۇلار بازار رىقابىتىدە باشقىلار بىلەن تەڭ تۇرۇش ئۈچۈن چوقۇم شۇلارغا ئوخشاش زامانىۋى زاۋۇت قۇرۇش زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يەتكەن.

شىنجاڭ چارۋا بايلىقى مول رايون بولغاچقا رۇسىيەلىك سودىگەرلەر ئەينى چاغدا شىنجاڭدا سانائەت خام ماتېرىياللىرىنى تالان-تاراج قىلغاندا، يۇڭ-تېرىنى ئاساسلىق ئورۇنغا قويغان ئىدى. ئۇلار شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا مويكا، كۆن-خۇرۇم تەييارلاش مەيدانى تەسىس قىلىپ، يىرىك پىششىقلاپ، رۇسىيەگە توشۇپ ئىنچىكە پىششىقلاپ ئىشلىگەندىن كېيىن خەلقئارا بازاردا سېتىپ ئۈچ ھەسسىدىن كۆپرەك پايدا ئالاتتى. ئۇلارنىڭ يۇڭ-تېرە سودىسىدىن ئالغان زور پايدىسىغا باشقىلار كۆزلىرىنى قىزارتقان ھالدا قاراپ تۇرۇشقا مەجبۇر ئىدى. ئەمما سودا-تىجارەتنى ئىلگىرى سۈرۈشنى تەشەببۇس قىلغان «يېڭى سىياسەت»نىڭ يولغا قويۇلۇشى بىلەن ھۆكۈمەت تەرەپمۇ، سودا كاپىتالى كۈچلۈك سودىگەرلەرمۇ يەنىلا پاسسىپلىق بىلەن قاراپ تۇرۇشنىڭ ئورنىغا دادىللىق بىلەن رىقابەتكە ئاتلىنىشنى تاللىغان. ئاكا-ئۇكا مۇسابايېفلارنىڭ 1905-يىلى غۇلجىدا «مۇسابايېف بۇرادەرلەر شىركىتى»نى قۇرغانلىقى ئۇلارنىڭ ئۇششاق بۇرژۇئازىيەدىن مىللىي بۇرژۇئازىيەگە ئايلىنىش يولىدا تاشلىغان دادىل بىر قەدىمى ئىدى. 20-ئەسىر ئۇيغۇر سودا تارىخىدىكى بۇ تۇنجى شىركەت قۇرۇلغان چاغدا ئىشلەتكەن ئىش قەغىزىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى ئۇچۇرلاردىن، بۇ شىركەتنىڭ خەلقئارا ئۆلچەمدىكى شىركەت ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. رۇس ۋە ئۇيغۇر تىل-يېزىقىدا ئايرىم-ئايرىم ئىشلەنگەن مەخسۇس ئىش قەغىزىنىڭ بېشىدا شىركەتنىڭ نامى، تۆۋىنىدە شىنجاڭ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە رۇسىيەدىكى سودا ئورۇنلىرى بار شەھەرلەر نامى، شىركەتنىڭ تىجارەت تۈرلىرى، مەكتۇپ ئادرېسى، تېلېگراف ئادرېسى، بانكا ھېسابات نومۇرى قاتارلىقلار تەپسىلىي يېزىلغان. بۇ شىركەت قۇرۇلغاندىن كېيىن 1906-يىلى ئىلى گېنېرالى چاڭ گېڭ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە ئىلتىماس سۇنۇپ، ئىجازەت ئالغاندىن كېيىن ئاكا-ئۇكا مۇسابايېف، ياقۇپ باباشوف قاتارلىق سودىگەرلەر بىلەن ھۆكۈمەت بىرلىشىپ پاي قوشۇپ «ئىلى يۇڭ-تېرە شىركىتى»نى قۇرغان. شىركەتكە ئۇيرات موڭغۇللىرىدىن بولغان ئاغلاقچى ئامبال مۇتېچۈننى باش نازارەتچى قىلغان. بۇ شىركەت ئاساسلىقى موڭغۇل، قازاق چارۋىچىلار بىلەن يۇڭ-تېرىنى چاي قاتارلىق تاۋارلارغا ئالماشتۇرۇش تىجارىتىنى قىلغان. توپلانغان يۇڭ-تېرىنى جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك سودىگەرلەرگە ساتقان. بۇ شىركەتنىڭ قۇرۇلۇشى ھۆكۈمەت بىلەن شەخسلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي ھەمكارلىقنىڭ ئۆرنىكى بولۇپ قالغان. بۇ ئۆرنەك ئاكا-ئۇكا مۇسابايېفلارنىڭ كۆن-خۇرۇم زاۋۇتى قۇرۇش ھەققىدىكى پىلانىغا يېڭى مەزمۇن قوشقان. كۆن-خۇرۇم كەسپى بىلەن پىششىق تونۇشلۇقى بار ئاكا-ئۇكا مۇسابايېفلار ئۆزلىرىنىڭ كۈچلۈك كاپىتالى ۋە ئۆتكۈر كاللىسىغا تايىنىپ، دادىللىق بىلەن سودا كاپىتالىنى سانائەت كاپىتالىغا ئايلاندۇرۇپ، زامانىۋى كۆن-خۇرۇم زاۋۇتى قۇرۇشنى پىلانلىغاندا، تارىخىي تەجرىبە-ساۋاقلارنى نەزەردە تۇتۇپ زاۋۇت قۇرۇشتا، ھۆكۈمەتنىڭ مەلۇم دەرىجىدىكى مەبلىغىنى پاي سۈپىتىدە قېتىش ئارقىلىق، كېيىنكى ئىشلاردا دۇچ كېلىش مۇمكىن بولغان توسالغۇ ۋە خېيىم-خەتەرنى ئازايتىشنى ئويلىغان. شۇنىڭ بىلەن ئاكا-ئۇكا مۇسابايېفلار ئىلى گېنېرالى چاڭ گېڭغا بىرلىشىپ كۆن-خۇرۇم زاۋۇتى قۇرۇش توغرۇلۇق ھۆكۈمەتكە ئىلتىماس سۇنۇپ بېقىشنى تەۋسىيە قىلغان. بۇنى بىز ئەينى يىللاردا شاڭخەيدە ئىنگلىزلارنىڭ باشقۇرۇشىدا نەشر قىلىنىدىغان، جۇڭگودىكى ئەڭ داڭلىق گېزىت «شىنباۋ» گېزىتىگە 1909-يىلى بېسىلغان بىر خەۋەردىن ئېنىق ھېس قىلالايمىز. بۇ خەۋەردە مۇنداق دېيىلگەن: «ئۇيغۇر بايلاردىن ھۈسەن باي مەبلەغ چىقىرىپ پاي قوشۇپ كۆن-خۇرۇم زاۋۇتى قۇرۇشنى خالايدۇ، تۈرلۈك كۆن تەييارلىنىپ، جۇڭگو ۋە رۇسىيەنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا سېتىلىدۇ، دەسمايىسى 250 مىڭ سەر بولۇپ، ھۆكۈمەت دەسمايىنىڭ يېرىمىنى چىقىرىدۇ، مەزكۇر سودىگەر يېرىمىنى چىقىرىدۇ.»[6]

تارىخىي ئۇچۇرلاردىن ئايانكى، 1909-يىلى كۈزدە پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن بۇ زاۋۇت گېرمانىيەدىن سېتىۋېلىنىپ، ئىلىغا ئېلىپ كېلىنگەنچە مىسلىسىز قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ روياپقا چىققان ئۇلۇغ قۇرۇلۇشتۇر. ئاكا-ئۇكا مۇسابايېفلار 1905-يىلىدىن باشلاپ بۇ زاۋۇتنى سېتىۋېلىش يولى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، گېرمانىيەگە ئايرىم-ئايرىم بارغان. ئۇ يىللاردا ياۋروپادىن غۇلجىغا تۇتىشىدىغان راۋان يول يوق ئىدى، زاۋۇتنىڭ ئۈسكۈنىلىرى ئېغىر بولغاچقا، ئۇلارنى پەقەت پويىز، پاراخوت بىلەنلا يۆتكىگىلى بولاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىلىدا بۇنداق زاۋۇتلارنى باشقۇرىدىغان تېخنىكمۇ، ئىنژېنېرمۇ يوق ئىدى، تېخىمۇ مۇھىمى توك يوق ئىدى.

ئېلېكتىر ئىستانسىسى يوق يەرگە بۇنداق چوڭ زاۋۇت قۇرۇش ھەققىدە بىر خام خىيال ئىدى. لېكىن ئاكا-ئۇكا مۇساباييفلار قەتئىي ئىرادىگە كەلگەن ئىدى. 1906-يىلى ھۇسەن باي ئالدى بىلەن ھەج پەرزىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئەرەبىستانغا باردى. ھۇسەن باينىڭ ئانا باشقا ئىنىسى ئۇبۇلھەسەن مۇساباييف مەككە شەھرىنىڭ شەبىكە كوچىسىدىن ئۈچ يۇرۇش ئۆي سېتىۋالغانىدى. بۇ كوچا ھىندى تېغىدىن ھەرەم مەسچىتىگە بارىدىغان چوڭ يولغا تۇتىشاتتى. ھۇسەن باي مەككىدە تۇرغان مەزگىلدە بۇ ئۈچ يۇرۇش ئۆيىنى قەشقەردىن چىققان كەمبەغەل ھاجىلارنىڭ ھەج مەزگىلدە پايدىلىنىشى ئۈچۈن ھىجاز ۋىلايىتىنىڭ گوۋاھلىقىدىن ئۆتكۈزۈپ ۋەخپە قىلىۋەتكەن. بۇ ئورۇننى كىشىلەر «ھۇسەن باينىڭ تەكىيخانىسى» دەپ ئاتاشقان. كېيىن «قەشقەر راباتى» دەپ ئاتالغان.

ھۇسەن باي ھەج پەرزىنى ئادا قىلىپ بولۇپ كۆن-خۇرۇم زاۋۇتىنىڭ ماشىنا-ئۈسكۈنىلىرىنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن سانائەت ئاساسى كۈچلۈك گېرمانىيەگە بارغان. ئۇ مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن كۆپ ئىزدىنىش، كۆپ سۆزلىشىش ئارقىلىق، ئاخىر فرانكفورتتىكى «موئىنۇس توقۇمىچىلىق ۋە كۆن-خۇرۇم شىركىتى»دىن كۆن-خۇرۇم زاۋۇتى بىلەن ئاياغ زاۋۇتىنىڭ ئۈسكۈنىلىرىنى سېتىۋېلىشقا پۈتۈشكەن. توختام تۈزىدىغان چاغدا قارشى تەرەپ «قولىڭىزدا ياكى ھۆكۈمىتىڭىزنىڭ ئالاقىسى يوق ئىكەن، ياكى چەت ئەلدە شىركىتىڭىز يوق ئىكەن، توختاملىشىشقا سالاھىيىتىڭىز توشمايدىكەن» دەپ توختاملىشىشقا ئۇنىمىغان. ئاسان بەل قويۇۋەتمەيدىغان ھۇسەن باي بۇ قېيىن مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ يولى ئۈستىدە ئىزدەنگەن. ئۇ گېرمانىيە تۆمۈريول شىركىتىنىڭ پايچىسى بولغاچقا، ئۇنىڭغا بۇ شىركەت ئىسپات ۋە گۇۋاھنامە چىقىرىپ بەرگەن. شۇ ئارقىلىق توختام تۈزۈش سالاھىيىتىنى ھازىرلىغان.

ھۇسەن باي ھاجىم بۇ قېتىمقى ياۋروپا سەپىرىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، 1907-يىلى ئىنىسى باھاۋۇدۇن باينى گېرمانىيەگە زاۋۇتىنىڭ ئۈسكۈنىلىرىنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن.

زاۋۇتىنىڭ ماشىنا-ئۈسكۈنىلىرىنى گېرمانىيە تەرەپ سېتىپ بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن چارروسىيە ھۆكۈمىتى بۇ ماشىنا-ئۈسكۈنىلەرنى ئۆز زېمىنى ئارقىلىق يۆتكەشكە رۇخسەت قىلمىغان. ياخشى يېرى ھۇسەن باي گېرمانىيە تۆمۈر يول شىركىتىنىڭ پايچىسى بولغاچقا، بۇ شىركەت ئۈسكۈنىلەرنى ئومسكى شەھرىگە پويىزدا يەتكۈزۈپ بېرىش توغرۇلۇق روسىيە تەرەپ بىلەن سۆزلىشىپ، رۇخسەت ئېلىپ بەرگەن.

چارروسىيە ھۆكۈمىتى ئۈسكۈنىلەرنى ئۈچ ئاي ئىچىدە روسىيە زېمىنىدىن توشۇپ ئېلىپ چىقىپ كېتىشكە قوشۇلغان. ئۇنداق بولمىسا مۇسادىرە قىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغان. ماشىنا-ئۈسكۈنىلەر پويىز بىلەن 3000-




بۇ رەسىم زاۋۇتنىڭ ماشىنا-ئۈسكۈنىلىرىنى ئىشلىتىش قوللانمىسىنىڭ بىر بېتى. ئۇن نەچچە ۋاراقلىق ساقلىنىپ قالغان بۇ قوللانمىنى ھۇسەن باينىڭ كېلىنى، 82 ياشلىق دىلئارام ئاپپاي 2008-يىلى ئاپتورغا بەرگەن. رەسىمدىكى بۇ ئۈسكۈنىنىڭ ئېگىزلىكى 2.10مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 5.95 مېتىر. بۇ ئۈسكۈنە ھازىر ئىلى ئوبلاستلىق مۇزېينىڭ ئارقا ھويلىسىدا ساقلاقلىق.

4000 كىلومېتىردەك مۇساپىنى بېسىپ، قاتمۇقات تەكشۈرۈشلەردىن ئۆتۈپ 15كۈن بولغاندا روسىيەنىڭ سىبىرىيەدىكى ئومسكى شەھرىگە يەتكۈزۈلگەن. ئەمما چارروسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ھەربىي ئەمەلدارلىرى پادىشاھ ئائىلىسى ئەمزا قويغان ياكى باش قوماندان جانابلىرى قول قويغان بۇيرۇق بولمىسا بولمايدۇ، دەپ باھاۋۇدۇن باينىڭ قولىدىكى «چارروسىيە قاتناش-ترانسپورت شىركىتىنىڭ توختامنامىسى»نى ۋە «چارروسىيە سانائەت

كومبىناتىنىڭ رۇخسەتنامىسى»نى ئىناۋەتكە ئالغىلى ئۇنىمىغان.

كۆپنى كۆرگەن، قەيسەر ئىرادىلىك، تەدبىرلىك باھاۋۇدۇن باي رۇسىيە تەرەپنىڭ قەستىنى پەملەپ، دەرھال كېيىنگە قايتىپ، ھەپتىلەپ يول يۈرۈپ پېتىربۇرگقا بىرىپ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ كونسۇلىغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلىپ، 1881 ـ يىلى ئىمزالانغان «جۇڭگو ـ رۇسىيە ئىلى شەرتنامىسى» دا بەلگىلەنگەن «جۇڭگونىڭ چەت ئەللەردىن ئىمپورت قىلىنغان ماللىرى رۇسىيە زېمىنى ئارقىلىق ئۆتتۈشكە، رۇسىيەنىڭ چەت ئەللەردىن ئىمپورت قىلىنغان ماللىرى جۇڭگو زېمىنى ئارقىلىق ئۆتتۈشكە رۇخسەت قىلىنىدۇ» دېگەن ماددىسى بويىچە ئوتتۇرىغا چىقىپ، رۇخسەت ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. ھەپتىلەپ سۆزلىشىش نەتىجىسىدە، چاررۇسىيە ھۆكۈمىتى ئاخىر نائىلاج ئالاھىدە رۇخسەتنامە يېزىپ بەرگەن.

ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەر ئومسكى شەھىرىدىن پاراخوتقا قاچىلىنىپ ئېرتىش دەرياسى ئارقىلىق 1000 كىلومېتىرغا يېقىن يول يۈرۈپ، قازاقىستاننىڭ جەنۇبىي سىبىرىيە تەرەپتىكى مۇھىم شەھىرى شەمەيگە يەتكۈزۈلگەن. شەمەيدىن ئىلىغا يېقىن ياركەنت شەھىرىگە يەتكۈزۈلگەن. ئىلىغا يېقىن ياركەنت شەھىرىگە باردىغان 1000كىلومېتىرچە مۇساپە ئۆلچەمسىز بولغاچقا، ئېغىر ئۈسكۈنىلەرنى باسقان چوڭ تىپتىكى ئاپتوموبىللار بۇ يولدا ماڭالمايتتى. شۇ سەۋەبتىن باھاۋۇدۇن باي ئېغىر ئۈسكۈنىلەرنى يۆتكەشكە بولىدىغان 50 نەچچە مەخسۇس ھارۋا ياساتقان. ئۈسكۈنىلەرنى ھارۋىغا بېسىپ، ھارۋىكەش ۋە ياردەمچى ياللاپ يولغا چىققان. گېرمانىيەدىن بىللە كەلگەن تېخنىك ماكس ۋېگنېر قاتارلىق 20 چە ئادەم بىلەن بىرەر يۈزدەك ھارۋىكەشتىن تەشكىل تاپقان بۇ زور كارۋان دالالاردا تۈنەپ، يامغۇر ـ يېشىن، بوران ـ چاپقۇنلاردا قىينىلىپ، بىر ئايدىن ئارتۇق يول يۈرۈپ مەكبۇر جاپادا ياركەنت شەھىرىگە يېتىپ كەلگەن.

ياركەنت شەھىرىدە ئۇلارنى غۇلجىدىن كەلگەن ھۈسەن باي بىلەن ياركەنت ۋالىيسى ۋېلىباي يولداشوف ۋە بۇ شەھەردىكى مۆتىۋەر ئۇيغۇر قېرىنداشلار قىزغىن كۈتۈۋالغان.

ياركەنت بىلەن غۇلجا شەھىرى ئارىلىقىدىكى 100 نەچچە كىلومېتىرلىق يول تولىمۇ ناچار ئىدى. توپىلىق، كاتاڭ ھارۋا يولى ھەر قانداق ھارۋىنىڭ جۇلۇقىنى چىقىرىۋېتەتتى. يۈزلىگەن ئورۇنغا كۆۋرۈك سېلىشقا توغرا كېلەتتى. ئەل ئىچىدە يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە ياركەنت ۋالىيسى ۋېلىباي يولداشوف ياركەنت خەلقىنى بۇ يولنى تۈزلەپ ۋە كەڭلىتىپ، ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلارنىڭ بۇ خەيرلىك ئىشىغا ياردەم قىلىشقا سەپەرۋەر قىلغان. مۆتىۋەر ئۇيغۇر ئىشلەمچىلەر بىرەر ئايچە جاپالىق ئىشلەپ قورغاسقىچە بولغان يولنى پۈتكۈزگەن. قورغاس بىلەن غۇلجا ئارىلىقىدىكى يولنى ھۈسەن باي ئىلى دېھقانلىرىنى ياللاپ ئىشلىتىپ تۈزلىگەن.

1907 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى ۋە 1908 ـ يىلىنىڭ باشلىرى كۆن ـ خۇرۇم زاۋۇتىنىڭ 40 تىن ئارتۇق ماشىنا ـ ئۈسكۈنىسى ئىلگىرى ـ كېيىن غۇلجا شەھىرىگە ھارۋا ۋە ئالاھىدە ياسالغان چوڭ چانلار بىلەن تولۇق توشۇلۇپ بولغان. غۇلجا شەھىرىنىڭ سىرتىدىكى چىغ، شىۋاقلار بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدىغان 167مىڭ 600كىۋادرات مېتىر كۆلەمدىكى ئورۇنغا زاۋۇت قۇرۇشقا تۇتۇش قىلىنغان. بۇ ئورۇن «زاۋۇت قورۇ»دەپ ئاتالغان. قۇرۇلۇش ئىشچىلىرىنى رۇسىيە تەۋەسىدىن تەكلىپ قىلىش بىلەن



بۇ، 2004 ـ يىلى «مۇسابايېف تېرە زاۋۇتى »ۋەيران بولغاندىن كېيىن ئىلى ئوبلاستلىق مۇزېينىڭ ئارقا ھويلىسىغا يۆتكەپ كېلىنىپ مۇقىملاشتۇرۇپ قويۇلغان ئىككى ماشىنىنىڭ سۈرىتى

بىللە يەنە زاۋۇتقا كېرەكلىك خىشلارنىمۇ رۇسىيە تەۋەسىدىن يۆتكەپ كەلگەن. «مۇسابايېف تېرە زاۋۇتى» ئانا دىيارىمىزدىكى تۇنجى سانائەت كارخانىسى بولغاچقا، ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى ۋە باشقۇرۇش بىلىملىرىنى ئىگىلەش مۇھىم مەسىلە ئىدى. گېرمانىيەلىك تېخنىكلار «زاۋۇت قورۇ»دىن 200 ـــ 300 مېتىرچە يىراقتىكى «مەكتەپ قورۇ»دا ئۈچ قاراردا 500 گە يېقىن ياشنى تەربىيەلىگەن. كېيىن ئۇلاردىن 200دىن ئارتۇق ئىشچى

تاللىنىپ تارىخىمىزدىكى تۇنجى ئىشچىلار قوشۇنى بولۇپ قالغان.

ئىككى يىل ئۆتۈپ 1909-يىلىنىڭ كۈز كۈنلىرىگە كەلگەندە زور كۆلەمدىكى زاۋۇت قۇرۇلۇشى پۈتكەن، 25 مېتىر ئېگىزلىكتىكى «1909» دېگەن سان كۆرۈندۈرلىك قىلىپ گەۋدىلەندۈرۈلگەن تۈرخۇن كۆككە قەد كۆتۈرۈپ يىراق-يىراقلاردىن كۆزگە تاشلىنىپ تۇرغان. بۇ تۈرخۇن يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن غۇلجا شەھىرىدىكى بەلگە خاراكتېرلىك قۇرۇلۇش بولۇپ قالغان ھەم زامانىۋى سانائەتنىڭ سىمۋولىغا ئايلىنىپ قالغان. 75 كىلوۋات توك چىقىرالايدىغان بىر گېنېراتورى ۋە يۇيۇشلەشكەن ماشىنا-ئۈسكۈنە، ئىشلەپچىقىرىش بۆلۈملىرى بار زامانىۋى «مۇسابايېۋ تېرە زاۋۇتى» رەسمىي ئىش باشلىغان. ئەللىك لامپۇچكا يورۇتۇلغان، سېخلار ئارا تېلېفون ئالاقىسى ئورنىتىلغان. 10 خىلغا يېقىن مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىلغان. كۈنىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 120 كالا تېرىسى پىششىقلاپ ئىشلەنگەن. ئىلى خەلقى بۇ زاۋۇتنى ئۆزلىرىنىڭ تىل ئادىتى بويىچە ئاددىيلاشتۇرۇپ «ھۆسەن باي تېرە زاۋۇتى»[7] دەپ ئاتاشقان.

بۇ زاۋۇت قۇرۇلۇپ ئىككى يىلدىن كېيىن چىڭ سۇلالىسى ئاغدۇرۇلۇپ، جۇڭخۇا مىنگو قۇرۇلغان. 1912-يىلى 1-ئايدا ئىلىدا شىنخەي ئىنقىلابى پارتلاپ ئۆز ئالدىغا ھۆكۈمەت قۇرۇلغان. 1912-يىلى 3-ئايدا ياڭ زېڭشىن شىنجاڭغا باش مۇپەتتىش بولغان. 1913-يىلى ياڭ زېڭشىن ئىلىدىكى شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرىنى تۆرلۈك ئاماللار بىلەن پاك-پاكىز تازىلاپ بولغاندىن كېيىن، چاڭ گېڭ زامانىدا قېتىلغان «مۇسابايېۋ تېرە زاۋۇتى»دىكى ھۆكۈمەت پېيىنى ياندۇرۇۋېلىپ، ئۆزىنىڭ مالىيە قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلماقچى بولغان. چۈنكى، يېڭى قۇرۇلغان، مۇستەھكەم ھاكىمىيەت تىكلىيەلمىگەن مىنگو ھۆكۈمىتىنىڭ مالىيە قىيىنچىلىقى ئېغىر بولغاچقا، شىنجاڭغا تەمىنات بېرىشكە ئامالسىز قالغان. نەتىجىدە ياڭ زېڭشىن 1913-يىلى جاڭ شۆيىچىڭ دېگەن كىشىنى غۇلجىغا ئەۋەتىپ ھۆكۈمەت پېيىنى قايتۇرۇۋالغان. ئاكا-ئۇكا مۇسابايېفلار ھۆكۈمەتنىڭ پېيىنى سېتىۋېلىپ، زاۋۇتنى مۇستەقىل باشقۇرغان. 1914-يىلى بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن، ئۇرۇشقا قاتناشقان رۇسىيەنىڭ كۆن-خۇرۇمغا بولغان ئېھتىياجى تېخىمۇ ئاشقان. نەتىجىدە زاۋۇتنىڭ تىجارىتى بىرنەچچە يىل بەكلا جانلىنىپ كەتكەن. ئاكا-ئۇكا مۇسابايېفلارنىڭ تىجارەت دائىرىسى تېخىمۇ كېڭەيگەن، بايلىقى ھەيران قالارلىق دەرىجىدە ئاشقان. ۋېي چاڭخۇڭ ماقالىسىدە «شىنجاڭنىڭ كونا ئارخىپلىرى»دىن كەلتۈرگەن نەقىلگە ئاساسەن ئاكا-ئۇكا مۇسابايېفلارنىڭ مال-مۈلكى توغرۇلۇق مۇنداق ئۇچۇر بەرگەن: ئۇلارنىڭ 1917-يىلى ئىلىدىكى كاپىتالى 2 مىليون سەردىن ئارتۇق ئىدى، قەشقەر ۋە خوتەندىكى كاپىتالى 1 مىليون سەردىن ئارتۇق ئىدى. غۇلجىدىلا 15 جايدا قورۇ-جايى بار ئىدى. ئىلى، تارباغاتاي، بورتالا، قاراشەھەر قاتارلىق جايلاردا نۇرغۇن چارۋىلىرى بار ئىدى. ئۈرۈمچى، چۆچەك، ماناس، كۇچا، ئاقسۇ، قەشقەر، يەكەن قاتارلىق جايلاردا سودا-تىجارەت نۇقتىلىرى بار ئىدى. چەت ئەلدە ۋاكالەتخانىلىرى، تۈركىيەدە تۇرالغۇسى بار ئىدى. قىسقىسى، ئۇلار شۇ چاغدا شىنجاڭدىكى بىردىنبىر مىليونېر بولۇپلا قالماستىن، ئوتتۇرا ئاسىيادىمۇ ساناقلىقلا بايلارنىڭ بىرى ئىدى.

«مۇسابايېۋ تېرە زاۋۇتى»نىڭ باشقۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش ھالقىلىرى ناھايىتى ئۈنۈملۈك، بازار ئېھتىياجى يۇقىرى بولغاچقا، يىلسېرى گۈللەنگەن. يىللىق تىجارەت كىرىمى، 1920-يىلىنىڭ ئالدى-كەينىدە 700 — 800مىڭ سەرگە يەتكەن. «ئۆلكىلىك تەمرات نازارىتى بۇ ئىشنىڭ پايدىسى كۆپ ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، 1922-يىلدىن 1923-يىلغىچە ئۈرۈمچىدىكى نەنمىننىڭ سىرتىدا بىر كۆن-خۇرۇم زاۋۇتى قۇرۇپ، رۇسلارنى تېخنىكلىققا تەكلىپ قىلغان. لېكىن ماشىنا-ئۈسكۈنىلەر كەم، ئىگىلىك باشقۇرۇشقا ماھىر بولمىغانلىقى ئۈچۈن، مەھسۇلات زادىلا ئاشمىغان، شۇڭا ئاخىر زىيان تارتىپ ئىشتىن توختىغان.»[8] تەتقىقاتچىلارنىڭ يېزىشىچە ئاكا-ئۇكا مۇسابايېفلار قۇرغان بۇ كۆن-خۇرۇم زاۋۇتى 1906-يىلى شاڭخەيدە ياپونلار مەبلەغ سېلىپ قۇرغان «جياڭنەن» كۆن-خۇرۇم زاۋۇتىدىن ئۈچ يىل كېيىن قۇرۇلغان، 1913-يىلى جۇڭخۇا مىنگو ئۆزى قۇرغان 11 تېرە زاۋۇتىنىڭ ئومۇمىي كاپىتالى 4 مىليون 608 مىڭ يۈەن بولۇپ، «مۇسابايېۋ تېرە زاۋۇتى»نىڭ كاپىتالىدىن 1 مىليون يۈەنلا كۆپ بولغان. «مۇسابايېفلار تېرە زاۋۇتى» مەھسۇلاتلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەرلىرىگە ۋە موسكۋا، پېتىربورگ قاتارلىق شەھەرلەرگە چىقارغان. مەھسۇلاتلىرىنىڭ تۈرى 10 نەچچە خىلغا يەتكەن.

شىنجاڭدىكى مىللىي بۇرژۇئازىيەنىڭ ۋەكىللىرى بولغان ئاكا-ئۇكا مۇسابايېفلار خەلقئارا نەزەرگە ۋە سىياسىي ئاڭغا ئىگە كارخانىچىلار بولۇش سۈپىتى بىلەن 1911-يىلى 3-ئايدىن باشلاپ غۇلجىدا خەنزۇ، ئۇيغۇر، مانجۇ، موڭغۇل تىل-يېزىقىدا نەشر قىلىنغان «ئىلى ۋىلايىتى گېزىتى» (خەنزۇچىسى «ئىلى بەيخۇا گېزىتى»)دەپ

ئاتالغان)گە ئىئانە بەرگەن ۋە 1912 ـ يىلى 1 ـ ئايدا غۇلجىدا پارتلىغان «شىنخەي ئىنقىلابى»غا ئىگەر، جوۋا، ئۆتۈك قاتارلىق مەھسۇلاتلارنى ياردەم قىلىپ، بۇ ئىنقىلابنى قىزغىن قوللىغان. ئاكا ـ ئۇكا مۇساباييفلار ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن زاۋۇتنى ئۇلارنىڭ ئوغۇللىرى باشقۇرغان. 1944 ـ يىلىدىن 1949 ـ يىلىغىچە بولغان «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدە بۇ زاۋۇت مىللىي ئارمىيەنىڭ كىيىم ـ كېچەك، ئۆتۈك، ھەربىي ئىگەر ـ جابدۇقلىرىنى يەتكۈزۈپ بېرىدىغان مۇھىم بازا بولۇپ خىزمەت قىلغان، 2004 ـ يىلى بۇ زاۋۇت چېقىلغىچە خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلغان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان.

«مۇساباييۇف تېرە زاۋۇتى»نىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن ئاكا ـ ئۇكا مۇساباييفلار شىنجاڭ مىللىي سانائىتىنىڭ باشلامچىلىرى، مىللىي بۇرژۇئازىيەنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىللىرى سۈپىتىدە تارىخ بېتىدىن ئورۇن ئالغان.

### ئىككىنچى تۈھپە: چەت ئەلگە ئوقۇغۇچى چىقىرىش

تەرەققىي تاپقان غەرب ئەللىرىگە ياكى غەربتىن ئۆگەنگەن دۆلەتلەرگە ئوقۇغۇچى چىقىرىش ھەرىكىتى شەرق خەلقلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم تاللىشى بولۇپ قالغان. جۇڭگو تارىخىدا چەت ئەلگە ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن ئوقۇغۇچى چىقىرىش ھەرىكىتى تۇنجى قېتىم گۇاڭدۇڭلۇق رۇڭ خۇڭ (容闳، 1828 — 1912) ئىسىملىك كىشىنىڭ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئابرۇيلۇق ۋەزىرلىرى زېڭ گوفەن ۋە لى خۇڭجاڭلارغا تەكرار ئىلتىماس قىلىشى ئارقىلىق ئەمەلگە ئېشىپ 1872 ـ يىلى باشلانغان. شۇ يىلى تۇنجى تۈركۈمدە 12 ياشتىن 16 ياشقىچە بولغان 30 ئۆسمۈر ئامېرىكىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن. كېيىن يەنە ئىككى تۈركۈم ئوقۇغۇچى ئەۋەتىلىپ، بۇ ھەرىكەت توختاپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن 1901 ـ يىلى سىشى تەيخۇ «يېڭى سىياسەت»نى يولغا قويغاندىن كېيىن ئاندىن چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇش ھەرىكىتى ئىزچىل ھەم كەڭ كۆلەمدە داۋاملاشقان.

شىنجاڭنىڭ مائارىپ تارىخىدا 20 ـ ئەسىردە چەت ئەلگە ئوقۇغۇچى چىقىرىش ھەرىكىتى تۆت قېتىم بولغان. تۇنجى قېتىملىق چەت ئەلگە ئوقۇغۇچى چىقىرىش ھەرىكىتىنى دەل ئاكا ـ ئۇكا مۇساباييفلار باشلىغان. ئەلۋەتتە، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى مەدرىسەلەردە ئوقۇپ ئىسلامىيەت ئەللىرىگە يەنى بۇخارا، مىسىر، ئەرەبىستان، ھىندىستان



1872 ـ يىلى ئامېرىكىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن گۇاڭدۇڭلۇق ئۆسمۈرلەر

قاتارلىق جايلاردىكى مەدرىسەلەرگە بېرىپ ئوقۇپ كېلىش ئادىتى ئۇزاقتىن بېرى داۋاملىشىپ كەلگەن. لېكىن يېڭى مائارىپتا ئوقۇش، يېڭى مەدەنىيەت بىلەن ئۇچرىشىش مەقسىتىدە چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇش ھەرىكىتىنى ئاكا ـ ئۇكا مۇساباييفلار باشلىغان. ئۇلار تۇنجى قېتىم يەنى 1898 ـ يىلى ئاتۇشتىن كېرىم ئاخۇن دېگەن كىشىنى رۇسىيەنىڭ ئورېنبۇرگ دېگەن تاتار شەھىرىگە جەدىدچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىپ كېلىشكە ئەۋەتكەن. ئارقىدىن غۇلجىدىن مەسئۇم ئەپەندىنى قىرىمغا جەدىدچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىپ كېلىشكە ئەۋەتكەن. ئاكا ـ ئۇكا مۇساباييفلار 1901 ـ يىلى تۈركىيەگە ئوقۇغۇچى چىقىرىش مەقسىتىدە 1904 ـ يىلى ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ سۇلتانى ئابدۇلھەمىدكە ئوقۇغۇچى تەربىيەلەپ بېرىش ئارزۇسىنى ئىپادىلەپ ئىلتىماس يازغان ھەم تۇنجى قېتىمدا تۆت نەپەر ئوقۇغۇچىنى ئىستانبۇلغا ئەۋەتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئاكا ـ ئۇكا مۇساباييفلارنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى بىلەن چەت ئەللەردىكى بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇغان كىشىلەر 30 غا يەتكەن. بۇلار موسكۋا، قاھىرە، ئىستانبۇل، بېرلىن، پارىژ، بېيرۇت، تاشكەنت قاتارلىق شەھەرلەردە ئوقۇغان. ئاكا ـ ئۇكا مۇساباييفلار ئوقۇشقا چىقارغان بۇ ئوقۇغۇچىلار پېداگوگىكا، دوختۇرلۇق، باشقۇرۇش، تېخنىكا، دىن، تەنتەربىيە، ئىنگلىز تىلى، فىرانسۇز تىلى، رۇس تىلى، تۈرك تىلى، ئەرەب تىلى قاتارلىق كەسىپ ۋە تىللارنى ئۆگەنگەن. ئۇلار تۈرلۈك كەسىپلەردە ئوقۇغاندىن كېيىن ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ تۇنجى ئەۋلاد ئۇيغۇر زىيالىيلىرى سۈپىتىدە جەمئىيەتتە ئاكتىپ رول ئوينىغان. ياپونىيەلىك ئويىشى شىنىچىرونىڭ يېزىشىچە ئاكا ـ ئۇكا

مۇسابايېفلار 1910 - يىللىرىنىڭ بېشىدا «جەت ئەللەردە ئوقۇشنى خالايدىغانلار ئۆزىنى مەلۇم قىلسا، ئوقۇش خىراجىتىنى ئۆزلىرى ئۈستىگە ئېلىپ، ئوقۇتۇشقا كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقى ھەققىدە ئوقتۇرۇش تارقاتقان.» ئاكا - ئۇكا مۇسابايېفلار قازا قىلغانغا قەدەر، يەنى 1920 - يىللىرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇلارنىڭ ياردىمىدە جەت ئەلدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار بولغان.

ئىككىنچى قېتىم چەت ئەلگە ئوقۇغۇچى چىقىرىش ھەرىكىتىنى شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى مەسلىھەتلىشىپ يولغا قويغان. 1931 - يىلىدىن 1934 - يىلى ئەتىيازغىچە پۈتكۈل شىنجاڭ مىقياسىدا ئوخشاشمىغان مۇددىئا - مەقسەتتىكى لىدىرلار باش بولغان تۈرلۈك ھەربىي ۋە سىياسىي گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدىكى ئېلىشىش كەسكىن داۋاملاشقان. سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ ئارىلىشىشى بىلەن 1934 - يىلى 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شېڭ شىسەي بىلەن خوجىنىياز ھاجى كېلىشىپ شىنجاڭدا تىنچلىقنىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقىنى جاكارلىغان. شۇنىڭ بىلەن «1934 - يىلىدىن باشلاپ شېڭ شىسەي ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئۈچ تۈركۈمدە 257 نەپەر ھەرمىللەتتىن بولغان ئوقۇغۇچىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشكەنت، ئالمۇتا، سەمەرقەند، ئەنجان قاتارلىق جايلىرىغا ئەۋەتكەن.»[9] بۇ قېتىمقى چەت ئەلگە ئوقۇغۇچى چىقىرىش ھەرىكىتىدە سەيپىدىن ئەزىزى، سەيدۇللا سەيپۇللايوف، ئابلىمىت مەخسۇتوف، ئابلىمىت ھاجىيوف، ئابدۇللا زاكىروف قاتارلىق بىر تۈركۈم ماركسىزمچى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى يېتىشىپ چىققان. مۇشۇ ئۈچ تۈركۈمدە چىقىرىلغان 257 نەپەر ئوقۇغۇچىنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 140، خەنزۇ74، خۇيزۇ 16، موڭغۇل 11، قازاق ۋە قىرغىز 10، باشقا مىللەت 6 ئىدى. 1935 - يىلى شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى يەنە ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئوقۇغۇچى ئەۋەتىشنى يولغا قويۇپ 1935 - يىلى نەنجىڭگە بىر تۈركۈم مىللىي ئوقۇغۇچىلارنى ئەۋەتكەن.



ھۈسەن باي بىلەن باھاۋۇدۇن باينىڭ ئىنىسى ئوبۇلھەسەن مۇسابايېفنىڭ 1914 - يىلى تۈركىيەدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار بىلەن چۈشكەن سۈرىتى. ئولتۇرغان ئىككىلەننىڭ سول تەرەپتىكىسى ئوبۇلھەسەن مۇسابايېف، ئوڭ تەرەپتىكىسى ئىستانبۇللۇق ئوقۇتقۇچى ئەھمەد كامال ھەبىبزادە.

ئۈچىنچى قېتىم ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن چەت ئەلگە ئوقۇغۇچى چىقىرىش ھەرىكىتى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن يولغا قويۇلغان. «1950 - يىلىدىن 1959 - يىلىغىچە شىنجاڭدىن 200 نەچچە كىشى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن.» [10] بۇ قېتىم ئەۋەتىلگەن ئوقۇغۇچىلار ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، قۇرۇلۇش ئېھتىياجى نەزەردە تۇتۇلۇپ ئاساسەن پەن - تېخنىكا كەسىپلىرىدە تەربىيەلەنگەن. ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن مىجىت ناسىر، قىيۇم باھاۋۇدۇن، مائارىپ نازارىتىگە نازىر بولغان سادىر قادىر، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورلىرى ئۆمەر موللا ۋە شەرىپىدىن ئۆمەر قاتارلىق كىشلەر شۇ قېتىمدا تەربىيەلەنگەنلەرنىڭ ۋەكىللىرىدۇر.

شىنجاڭنىڭ 20 - ئەسىر مائارىپ تارىخىدا تۆتىنچى قېتىم ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن چەت ئەلگە ئوقۇغۇچى چىقىرىش ھەرىكىتى 1985 - يىلى باشلانغان. چۈنكى 60 - ۋە 70 - يىللاردىكى ئىشىكنى تاقىۋېلىشتەك بىكىنمە سىياسەت تۈپەيلى چەت ئەلگە ئوقۇغۇچى چىقىرىش ھەرىكىتى ئۈزۈلۈپ قالغان. 1980 - يىلىنىڭ باشلىرى جۇڭگو مىقياسىدا ئىسلاھات، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ كۈچىيىشى بىلەن «1985 - يىلىدىن باشلاپ ئاپتونوم رايون ھەر يىلى پۇل ئاجرىتىپ ئالىي مەكتەپلەرنىڭ چەت ئەلگە ئوقۇتقۇچىلارنى ئوقۇشقا ئەۋەتىشنى، ياپونىيەگە بېرىپ، خۇسۇسىي ئۇنىۋېرسىتېت جەمئىيىتىگە ئوقۇغۇچى ئەۋەتىشنى نۇقتىلىق

قوللىدى.» [11] شۇنىڭ بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى قاتارلىق ئالىي مەكتەپلەر ئۈمىدلىك ياش ئوقۇتقۇچىلارنى تۈركۈمگە بۆلۈپ ياپونىيەگە ئوقۇشقا ئەۋەتتى. بۇ ھەرىكەت بارا ـ بارا كېڭىيىپ باشقا دۆلەتلەرگىمۇ ئەۋەتىشكە تەرەققىي قىلدى ھەم ئۆز خىراجىتى بىلەن ئوقۇشقا چىقىدىغانلار يىلسېرى كۆپىيىشتەك ئەھۋال شەكىللەندى.

### ئۈچىنچى تۆھپە: جەدىدچە مەكتەپ ئېچىش

1884 ـ يىلى قىرىم يېرىم ئارىلىنىڭ باغچا ساراي شەھرىدە تۇنجى جەدىدچە مەكتەپ بارلىققا كەلگەن. جەدىد دېگەن سۆز يېڭىچە دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنىڭ يېڭىلىقىغا ۋە ئوقۇتۇش مەزمۇنىنىڭ غەربچە ئىلىملەردىن تەركىب تاپقانلىقىغا قارىتىلغان. ئىلگىرىكى كونىچە مەكتەپلەردە ساۋات چىقىرىش ئۈچۈن بەش ـ ئالتە يىل ۋاقىت كېتەتتى. مۇشۇ بەش ـ ئالتە يىلدا ھەتتا ئوقۇش جەھەتتە ساۋاتى چىقىپ، يېزىش جەھەتتىكى ساۋاتى چىقمايدىغان ئوقۇغۇچىلارمۇ كۆپ بولاتتى. ئۈچ ـ تۆت ئاي ئىچىدىلا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش ۋە يېزىش جەھەتتىكى ساۋاتىنى چىقىرىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان جەدىدچە مەكتەپلەرنىڭ تەسىرى ئەينى ۋاقىتتا كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرغان يېڭىلىق بولۇپ قالغان. بۇ خىلدىكى جەدىدچە مەكتەپلەر ناھايىتى تېزلىكتە تاتارىستاندىكى تاتار شەھەرلىرىدە ئومۇملاشقان. 1890 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ بۇ خىل مەكتەپلەرنى ئېچىش قىزغىنلىقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سەمەرقەند، تاشكەنت قاتارلىق شەھەرلەردىمۇ شەكىللىنىشكە باشلىغان. چۈنكى، جەدىدچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلى (ئۇسۇل سەۋتە) تېز ساۋات چىقىرىشتەك ئالاھىدە ئۈنۈمى بىلەن كىشىلەرنى ئالاھىدە جەلپ قىلغان. تەرەققىيپەرۋەر سودىگەر ئاكا ـ ئۇكا مۇساباييېفلار 1899 ـ يىلى ئانا يۇرتى ئاتۇش ئىكساقتا جەدىدچە مەكتەپ ئېچىپ، شىنجاڭ تارىخىدا تۇنجى بولۇپ يېڭى مائارىپنى يولغا قويغان. سەمەرقەندتە جەدىدچە ئوقۇتۇش يولغا قويۇلغان. شۇ يىللاردا ئاكا ـ ئۇكا مۇساباييېفلارمۇ ئىكساقتا جەدىدچە ئوقۇتۇشنى باشلىغان. ئۇزاق ئۆتمەي غۇلجىدىمۇ جەدىدچە مەكتەپ ئاچقان. شۇنداق بولغاچقا، ئاكا ـ ئۇكا مۇساباييېفلار ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ ئۇل سالغۇچىلىرى، جاھالەتلىك يىللاردا مەرىپەت مەشئىلىنى باتۇرلۇق بىلەن يېلىنجاتقان قەيسەر ئەزىمەتلەر ھېسابلىنىدۇ. ياپونىيەلىك تەتقىقاتچى ئويىشى شىنىيچىرو غۇلجا شەھرىدە ئېچىلغان جەدىدچە مەكتەپنىڭ ئەھۋالى توغرۇلۇق رۇسىيەدە تاتارچە چىقىدىغان «ۋاقىت» گېزىتىدىكى خەۋەر ئاساسىدا مۇنداق يازىدۇ: «1909 ـ يىلى 23 ـ ئىيۇندىكى ‹ۋاقىت› گېزىتىگە بېسىلغان غۇلجىدىن بېرىلگەن خەۋەردە: ‹مۇساباي جەمەتى ئوقۇتۇۋاتقان 27 نەپەر يېتىم بالىدىن ئىمتىھان ئالدى. بۇلتۇرقىدەكلا مۇئەللىم سارا خانىم ئۇلارنى ياخشى تەربىيەلەپ، ھەرخىل ھۈنەر، ھېساب، جۇغراپىيە ئۆگىتىلدى› دېيىلگەن. بۇنىڭدىن قارىغاندا كېچىككەندىمۇ 1907 ـ 1908 ـ يىللىرى ئارىلىقىدا غۇلجىدا مۇساباييېفلار ئىلكىدىكى مەكتەپ مەۋجۇت ئىدى.»[12]

ئاكا ـ ئۇكا مۇساباييېفلار ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىكى تۇنجى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى 1920 ـ يىلى غۇلجىدا قۇرغان بولۇپ بۇ مەكتەپ «روشتى مەكتەپ»دەپ ئاتالغان. بۇ مەكتەپنى ئابدۇراخمان ئەپەندى (شادى) باشقۇرغان. تۇرسۇن ئەپەندى، مەسۇم ئەپەندى، خېلىل ئەپەندىلەر ئوقۇتقۇچى بولغان.

### تۆتىنچى تۆھپە: كەسپىي مائارىپنى يولغا قويۇش

ئاكا ـ ئۇكا مۇساباييېفلار سېتىۋالغان زاۋۇت ئۈسكۈنىلىرى 1907 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى ۋە 1908 ـ يىلىنىڭ باشلىرى غۇلجىغا تولۇق توشۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلار گېرمانىيەلىك ماكس ۋىگنېر دېگەن تېخنىكنىڭ ياردىمىدە 1908 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرى «زاۋۇت قورۇ»نىڭ بىقىنىدا، ھازىرقى ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ئورنىدا تېخنىك ۋە ئىشچىلارنى تەربىيەلەيدىغان مەكتەپ ئاچقان. چۈنكى زامانىۋى زاۋۇتنىڭ تەلىپىگە لايىق ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى ۋە باشقۇرۇش بىلىملىرىنى ئىگىلىگەن ئىشچىلار قوشۇنى بولمىسا، زاۋۇتنى ئۈنۈملۈك ماڭدۇرغىلى بولمايتتى. غۇلجا خەلقى يېڭى قۇرۇلغان بۇ كەسپىي مەكتەپنى «مەكتەپ قورۇ»دەپ ئاتىغان. مەكتەپتە ماكس ۋىگنېردىن باشقا ئىمىر داموللا، نىزامىدىن ۋە بىرنەچچە تاتار مۇئەللىم دەرس ئۆتكەن. ھۈسەن باي «ھەممە ئىش ئۆز ئادەملىرىمىزنىڭ قولىدىن چىقىدىغان بولسۇن» دەپ تاپىلىغان. زاۋۇت ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگىچە بولغان بىر يېرىم يىل ۋاقىتتا ئۈچ قارار ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپ 500 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى تەربىيەلىنىپ، تېخنىك، ماستېر، توكچى، باشقۇرغۇچى، كاسسىر، ئىشچى يېتىشتۈرۈلگەن، بۇلاردىن 200 نەپىرى دەسلەپكى قەدەمدە ئىشچىلىققا تاللانغان.

ماكس ۋىگنېر بىلەن يەنە بىر تېخنىك ئەسلى يەتتە ئايلىق توختام بىلەن كەلگەن بولسىمۇ، كېيىن ئائىلىسىنى



1920-يىلىنىڭ ئالدى-كەينىدە باھاۋۇدۇن مۇسابايېفنىڭ غۇلجىدىكى مائارىپچىلار ۋە ئوقۇغۇچىلار بىلەن چۈشكەن سۈرىتى. ئارقا رەت ئوڭدىن ئىككىنچى كىشى باھاۋۇدۇن باي.

كۆچۈرۈپ كېلىپ مۇقىم تۇرغان. 1917-يىلى 2-ئايدا جۇڭگو ھۆكۈمىتى گېرمانىيە ھۆكۈمىتى بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ، ئانتانتا دۆلەتلىرى سېپىدە گېرمانىيە قاتارلىق ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرگە ئۇرۇش ئېلان قىلغان. قائىدە بويىچە دۈشمەن دۆلەتنىڭ مۇھاجىرلىرى چېگرادىن قوغلاپ چىقىرىلاتتى. ياڭ زېڭشىننىڭ «ئىستىغپار ھۇجرىسى خاتىرىلىرى» ناملىق ئەسىرىدە يېزىلىشىچە ھۆسەن باي ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمىتىگە «مەركىزىي گېرمانىيەلىك تېخنىكلار ئىنتايىن ئىشەنچلىك، ئەگەر پەرمان بويىچە ئۇلارنى ۋەتىنىگە قايتۇرىۋەتسەك شىركەت ئىشتىن توختاپ قالىدۇ. ئەگەر بۇ ئىشتا قولايلىق يارىتىپ بېرىلىپ، گېرمانىيەلىك تېخنىكلارنىڭ قېلىشىغا رۇخسەت قىلىنسا كېپىللىك خېتى بېرىشكە رازىمىز» دەپ ئىلتىماس سۇنغان. شۇنىڭ بىلەن گېرمانىيەلىك بۇ تېخنىكلار خېلىغىچە تۇرۇپ قالغان. ماتېرىياللاردا يېزىلىشىچە بۇ تېخنىكلار 1930-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بۇ زاۋۇتنىڭ تېخنىكا جەھەتتىكى يېتەكچىلىكىنى ئۈستىگە ئالغان.

1912-يىلغا كەلگەندە، ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، زاۋۇت ئىشچىلىرى كۆپىيىپ 500 دىن ئاشقان. شۇ چاغدا ئاكا-ئۇكا مۇسابايېفلار رۇسىيەنىڭ قازان شەھىرىدىن خەلچە ئابىستاي قاتارلىق تۆت ئايال ئوقۇتقۇچىنى تەكلىپ قىلىپ، غۇلجىدا «ئاياللار ھۈنەر مەكتىپى» دېگەن مەكتەپنى ئاچقان. بۇ مەكتەپتە، مەدەنىيەت دەرسلىرىدىن تاشقىرى، تىككۈچىلىك، كېسمچىلىك، يۇڭ پوپايكا، شارپا، ياغلىق ۋە پەلەي توقۇش، رەشلىيە ئىشلەش، كەشتىچىلىك قاتارلىق ھۈنەرلەر ئۆگىتىلگەن. بۇ مەكتەپ 1950-يىللىرى تاقىلىپ قالغانغا قەدەر ئون مىڭغا يېقىن ئايال ھۈنەرۋەننى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرگەن.

### بەشىنچى تۆھپە:
### دارىلمۇئەللىمىن قۇرۇش

يېڭى مائارىپنى يولغا قويۇشتا ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى ھازىرلاش ئەڭ مۇھىم خىزمەت ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى يوق ئىدى. 1913-يىلى ئاكا-ئۇكا مۇسابايېفلارنىڭ ئانا باشقا ئىنىسى ئوبۇلھەسەن مۇسابايېف ھەج قىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن مەككىگە بارىدۇ. قايتىشىدا ئاكىلىرىنىڭ تاپشۇرۇقىغا ئاساسەن ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ مەركىزى ئىستانبۇلدىن ئەھمەد كامال ئىسىملىك 24 ياشلىق بىر ئوقۇتقۇچىنى بىللە ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇلار 1914-يىلى ئەتىيازدا ئاتۇشقا يېتىپ كېلىدۇ. باھاۋۇدۇن باي ئۇنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ. ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ قەشقەر شەھىرىدە مەخسۇس ئىپتىدائىي مەكتەپلەر ئۈچۈن ئوقۇتقۇچى تەربىيەلەيدىغان دارىلمۇئەللىمىن قۇرماقچى بولىدۇ. لېكىن قەشقەر شەھىرىدىكى ئۆمەر باي قاتارلىق مۇتەئەسسىپ كۈچلەر قاتتىق قارشى تۇرۇپ دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنى ئېچىشقا يول قويمايدۇ. ئاخىر ئامال بولمىغاندا شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۈستۈن ئاتۇشنىڭ ئىكساق كەنتىدە ئۈلچەملىك زامانىۋى مەكتەپ سېلىپ، قەشقەر ۋە ئاتۇش تەۋەسىدىن باشلانغۇچ تەربىيە كۆرگەن زېرەك ياشلاردىن بىرەر يۈزنى تاللاپ ئوقۇتقۇچىلىققا تەربىيەلەيدۇ. ئۈستۈن ئاتۇش خەلقى بۇ مەكتەپنى «ھەبىبزادە دارىلمۇئەللىمىن» دەپ ئاتاشقان. چۈنكى ئەھمەد كامالنىڭ تولۇق ئىسمى ھەبىبزادە ئەھمەد كامال ئىدى. باھاۋۇدۇن باينىڭ خىراجىتى بىلەن بۇ مەكتەپنىڭ 1915-يىلى رۇسىيەنىڭ ئورېنبۇرگ شەھىرىدە باستۇرۇلغان «ئېلىپبەيى تۈركى» ناملىق ئېلىپبە كىتابىنىڭ مۇقاۋىسىغا «قەشقەر دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ دەرسلىكى»دەپ يېزىلغان.

ئەھمەد كامال ئۆز ئەسلىمىسىدە «ئاتۇش دارىلمۇئەللىمىن» (120 ـ بەت) دەپ ئاتىغان. بۇ دارىلمۇئەللىمىن پۈتۈشكە تۈركىيەدىن ئەمرۇللا بەي، ھېكمەت بەي قاتارلىق 40 ياشلار چامىسىدىكى بىرنەچچە زىيالىي قەشقەرگە كېلىپ قالغان. ھېكمەت بەينىڭ «ئاسىيادا بەش تۈرك» دېگەن كىتابىدىكى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، ئۇلار 24 ـ 25 ياشلاردىكى ئەھمەد كامالنىڭ بۇ مەكتەپنى باشقۇرۇش جەھەتتە ھېسسىياتقا بېرىلىپ بالىلارچە سۆز ـ ھەرىكەتلەرنى سادىر قىلغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا كۆپ يول ئۆگەتكەن. بەزى ئىشلارنى ئاشۇرۇۋەتمەسلىك ھەققىدە نەسىھەت قىلغان. بولۇپمۇ ئېتىقاد بىلەن سىياسىيغا تاقىلىدىغان مەسىلىلەردە ئېھتىياتچان بولۇشنى ئېيتقان. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئەمرۇللا بەي پېداگوگىكىلىق پاراستى يۇقىرى، بىلىمى مول كىشى بولۇپ، قەشقەر بىلەن ئاتۇشتا يېرىم يىلچە تۇرۇپ يېڭىدىن ئېچىلغان بۇ دارىلمۇئەللىمىن ئۈچۈن ئۇنتۇلغۇسىز خىزمەت قىلغان. مۇشۇ مەزگىلدە يەنە ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلار تۈركىيەگە ئوقۇشقا ئەۋەتكەن ياشلاردىن تۇرسۇن ئەپەندى، قادىر ئەپەندى قاتارلىقلار ئوقۇشنى پۈتكۈزۈپ قايتىپ كەلگەن. ئۇلارمۇ بۇ مەكتەپتە مۇئەللىملىك قىلغان. ئەمرۇللا بەي قاتارلىق تۈركىيەلىك زىيالىيلار ئۇستۇن ئاتۇش بىلەن قەشقەردە يېرىم يىلچە تۇرۇش جەريانىدا كىشىلەرنىڭ يېڭىچە مائارىپقا بولغان تونۇشىنى ۋە مۇھەببىتىنى ھەسسىلەپ كۈچەيتكەن. ئۇلارنىڭ تەسىرى بەك زور بولغان. ئۇلار 1915 ـ يىلى ئەتىيازدا ئافغانىستانغا چىقىپ كەتكەن. شۇ يىلى 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرى دارىلمۇئەللىمىن ئوقۇغۇچىلىرىدىن ئىمتىھان ئېلىنىپ، 27سى ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ ئىپتىدائىي (باشلانغۇچ) مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىش سالاھىيىتىگە ئېرىشكەن. قالغان 60 تىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى ئەتىلدىن كېيىن داۋاملىق ئوقۇيدىغان بولغان. ئۇلارغا باھاۋۇدۇن باي مەخسۇس مەكتەپ فورمىسى تارقىتىپ بەرگەن. قەشقەردىكى تەرەققىيپەرۋەر ياشلار بىلەن يېڭىدىن ئوقۇش پۈتكۈزگەن 27 ئوقۇغۇچىنىڭ ئىچىدىكى قەشقەرلىك ياش مۇئەللىملەر قەشقەردە يېڭىچە مەكتەپلەرنى قۇرۇشقا نىيەت باغلىغان. ئۇلار قەشقەردىكى ئوبۇلھەسەن مۇسابايېفنىڭ قورۇسىدا ئەھمەد كامال باشچىلىقىدا مەكتەپ ئېچىشنىڭ كونكرېت پىلانىنى تۈزگەن. ئەمما ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقى قاتتىق قارشىلىققا ئۇچرىغان. ئۇلارنى مۇتەئەسسىپ كۈچلەر ھۆكۈمەت دائىرىلىرىگە «تەشكىلات قۇرۇپ پائالىيەت قىلىۋاتىدۇ» دەپ چاققان. نەتىجىدە، ئەھمەد كامال باشلىق بىر نەچچەيلەن تۈرمىگە سولانغان. ئۈچ ئايدەك تىركىشىش ئارقىلىق ئاخىرى تەرەققىيپەرۋەر كۈچلەر ھۆكۈمەتنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ يېڭى مەكتەپ ئېچىشقا رۇخسەت ئالغان. بۇ توغرۇلۇق ئەھمەد كامال ئۆزىنىڭ ئەسلىمىسىدە مۇنداق يازغان: «1915 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى كەچتە باھاۋۇدۇن باي ھەزرەتلىرىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە بىر مۇزاكىرە يىغىنى ئېچىلىپ، نەتىجىدە مەكتەپ مۇدىرلىقىغا بۇرادىرىمىز قادىر ئەپەندى،



1930 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ھۈسەن باينىڭ غۇلجىدىكى «باغ قورۇ»سىدا تارتىلغان بۇ سۈرەتنىڭ 1 ـ رەت ئوڭ تەرىپىدە تۇرغان ئىككىيلەن ۋە 2 ـ رەتنىڭ ئوڭ تەرىپىدە تۇرغان شلەپىلىك كىشى گېرمانىيەلىك تېخنىكلار، 1 ـ رەتنىڭ ئوتتۇرىدىكى ساقال ـ بۇرۇتلۇق كىشى ھۈسەن باينىڭ 3 ـ ئايالى نۇرىمان خېنىمنىڭ دادىسى مەھمۇد بەگ. ئۇنىڭ سول تەرىپىدە ئولتۇرغان يىگىت زاۋۇتنىڭ شۇ يىللاردىكى باشلىقى سابىت مۇسابايېۋ. 1 ـ رەت سول تەرەپتىكى 1 ـ كىشى زاۋۇتنىڭ ھېساباتىغا مەسئۇل مەخسۇت ھاجى. قالغانلىرى مۇسابايېفلارنىڭ جەمەتىنىڭ ئەزالىرى ۋە ئۇلارنىڭ خىزمەتچىلىرى.

يوقىرى سىنىپلارنىڭ مۇئەللىملىكىگە ئەھمەد نىجاتى ئەپەندى، تۆۋەن سىنىپلارنىڭ مۇئەللىملىكىگە ئاتۇش دارىلمۇئەللىمىن بىرلەشمىسىنى پۈتكۈزگەن شاگىرتلىرىمىدىن قاسىم سىدىقى، ھۇسەيىن ھۇسنۇ ئەپەندىلەرنى تەيىنلەش قارار قىلىندى. شۇنىڭدىن بىر كۈن ئۆتۈپلا دەرسلەر باشلاندى. جانابى ئاللانىڭ ئىجازىتى ۋە ئىنايىتى، قەشقەر ياشلىرىنىڭ غەيرەت-شىجائىتى نەتىجىسىدە ‹ھىلالىيە›، ‹رەشادىيە› دېگەن ۋىيۇسكىلار مەكتەپلىرىمىزنىڭ ئۈستىگە ئېسىلدى. شەھەردىكى مەكتەپلەرنىڭ ئېچىلىشى بىلەن سەھرادىكى مەكتەپلىرىمىزدىمۇ دەرسلەر باشلىنىپ، كۆڭلىمىزدىكى قايغۇ-ھەسرەتلەر كۆتۈرۈلۈپ بەختكە، خۇشاللىققا چۆمدۇق.»[13]

قەشقەردە تۇرۇشلۇق رۇسىيە كونسۇلخانىسى بىلەن ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمىتى قەشقەر، ئاتۇشلاردا جەدىدچە مەكتەپلەرنىڭ ئېچىلىشىغا سوغۇق پوزىتسىيە تۇتاتتى. لېكىن توسۇپ قويۇشقا بىرەر باھانە تاپالماي تۇراتتى. كۈتىمگەندە 1916-يىلى 7-ئاينىڭ 7-كۈنى ئورېنبۇرگدا نەشر قىلىنغان «ۋاقىت» گېزىتىنىڭ 2037-سانىدا بېسىلغان بىر ماقالە مۇناسىۋىتى بىلەن، قەشقەردە يېڭىلىق تەرەپدارلىرىنىڭ ۋەكىلى باھاۋۇدۇن باي بىلەن كونىلىق تەرەپدارلىرىنىڭ ھامىيسى ئۆمەر باي ئوتتۇرىسىدا ئېغىر زىددىيەت كېلىپ چىققان. مەشھۇر تاتار مۇخبىر نۇشىرىۋان يائۇشوف تەرىپىدىن يېزىلغان بۇ ماقالىدە دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنى قەشقەر شەھرىدە ئېچىشقا ئۆمەر باينىڭ توسقۇنلۇق قىلغانلىقى، شۇ سەۋەبتىن ئىكساقتا قۇرۇلغانلىقى مەسىلىسىنى چۆرىدەپ تەنقىد ۋە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلگەن. بۇ تەنقىد ۋە مۇلاھىزىلەر ئۆمەر باينىڭ تىتاڭ تومۇرىغا تەگكەن. نەتىجىدە ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمىتى ئالدىدا ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە ئۆمەر باي قورساق كۆپۈكنى چىقىرىش ئۈچۈن جەدىدچە مەكتەپلەرنى تاقىۋېتىشنى، ئۇنداق قىلمىسا ئاقىۋىتىنىڭ بەكمۇ خەتەرلىك بولىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ ھۆكۈمەتكە جىددىي ئەرز سۇنغان. يېڭىچە مەكتەپلەرنى توسۇشنىڭ باھانىسىنى تاپالماي تۇرغان ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمىتى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ بارلىق يېڭىچە مەكتەپلەرنى تاقاتقۇزۇۋەتكەن ھەم ئەھمەد كامالنى قايتىدىن قولغا ئالغان. ئەھمەد كامال قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن ئۈرۈمچىگە يالاپ ئاپىرىلىپ ئىككى يىل تۈرمىگە قامالغان. 1919-يىلى شائخەي ئارقىلىق تۈركىيەگە قايتىپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ئىكساقتا قۇرۇلغان ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ تارىخىدىكى تۇنجى دارىلمۇئەللىمىن تاقىلىپ قالغان. قەشقەر ۋە ئاتۇشتا يېلىنجىغان يېڭى مائارىپ مەشئەللىرى ۋاقىتلىق ئۆچكەن. شۇنداقتىمۇ، بۇ مەكتەپتە تەربىيىلەنگەن ئوقۇغۇچىلار كېيىنكى يىللاردا ئۆزلىرىنىڭ تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرغان.

ناۋادا ئىكساقتا قۇرۇلغان ئاشۇ دارىلمۇئەللىمىن ھېچ بولمىغاندا 10 يىل ئىزچىل ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرەلىگەن بولسا ئىدى، شىنجاڭنىڭ بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ يېڭى مائارىپ ئىشلىرىدا 1930-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرى شەكىللەنگەن داغدۇغىلىق مەنزىرە شۇ چاغدىلا شەكىللەنگەن بولاتتى.

**ئالتىنچى تۆھپە: ئېلېكتىر، تېلېفون ۋە كىنونى ئېلىپ كىرىش**

ئېلېكتىر، تېلېفون ۋە كىنو ئاۋامنى قىزىقتۇرىدىغان يېڭى مەدەنىيەت ھادىسىسى ھېسابلىنىدىغانلىقىدا شەك يوق.

نوپۇزلۇق قامۇسلاردا يېزىلىشىچە «جۇڭگودا ئەڭ دەسلەپكى ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسى يورۇتۇشقا ئىشلىتىلگەن ئېلېكتىر مەنبەسىدىن ئىبارەت بولۇپ، 1879-يىلى 4-ئاينىڭ 11-كۈنى شاڭخەي شەھرى خۇڭكۇ رايونىدىكى ئەنگلىيە سودا شىركىتىنىڭ 7.46 كىلوۋاتلىق ‹ئات كۈچىگە تەڭ› دىزېل گېنېراتورلار گۇرۇپپىسى سىناق تەرىقىسىدە يۈرگۈزۈلۈپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. 5-ئاينىڭ 17-18-كۈنلىرى بۇ گېنېراتورلار تەمىنلىگەن توك بىلەن چىراغلار ۋەيتەننى يورۇتقان.»[14]

ئانا دىيارىمىز شىنجاڭدا ئېلېكتىر ئېقىمى ۋە تېلېفون تۇنجى قېتىم 1909-يىلى «مۇسابايېف تېرە زاۋۇتى»دا ئىشلىتىلىشكە باشلىغان. ئۇلار 120 ئات كۈچىگە تەڭ پارۋاي قازان ۋە 120 ئات كۈچىگە تەڭ پارۋاي ماشىنا بىلەن 75 كىلوۋات توك چىقىرىدىغان ئېلېكتىر موتورىنى ھەرىكەتلەندۈرۈش ئارقىلىق زاۋۇت ئۈسكۈنىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ھالىتىگە كىرگۈزگەن. 50 لامپۇچكا يورۇتقان. بۇ ھال ئۇزاق ئەسىرلەردىن بېرى نادانلىق ۋە خۇراپاتلىق ئاسارىتىدە تۇرۇپ كەلگەن خەلققە پەن-تېخنىكىنىڭ ئەۋزەللىكىنى تونۇتىدىغان ئالاھىدە يېڭى ھادىسە بولغان. 11 يىلدىن كېيىن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مەبلىغى بىلەن «1920-يىلى ئۈرۈمچىدە بىر ئېلېكتىر ئىستانسىسى قۇرۇلغان. ئۇنىڭ قۇۋۋىتى ئاجىز بولغاچقا، پەقەت ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىناسى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئورگانلارنىلا توك بىلەن تەمىنلىگەن. ئۇزاق ئۆتمەي، گېنېراتوردىن چاتاق چىققاچقا، ئىشتىن توختىغان.»[15]

ئاكا-ئۇكا مۇسابايېفلار يەنە زاۋۇت ئىچىدە سېخلار ئارا تېلېفون ئورناتقان ھەم «غۇلجا شەھرىدە 36-

نومۇرلۇق كوممۇتاتور ئورنىتىپ، شۇ ۋاقىتتىكى دوتەي، شەنگەن قاتارلىق ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ ۋە شەخسلەرنىڭ ئۆيلىرىگە تېلېفون ئورنىتىپ، كىشىلەرنى تېلېفون بىلەن سۆزلىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان. بۇ تېلېفونلار ئۈچ ـ تۆت يىل ئىشلىتىلگەندىن كېيىن، شۇ ۋاقىتتىكى ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەت يول قويمىغانلىقتىن، ئېلىپ تاشلىنىپ، پەقەت مۇسابايېفلارنىڭ باش ئىدارىسى بولغان «كانتور قورۇ» (شىركەت ئىشخانىسى)، يۇڭ يۇيىدىغان «مويكا قورۇ»، مۇسابايېف تېرە زاۋۇتى جايلاشقان «زاۋۇت قورۇ»ۋە ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلارنىڭ تۇرالغۇسى جايلاشقان «باغ قورۇ»دىن ئىبارەت تۆت ئورۇندىكى تېلېفونلار 1935 ـ يىلغا قەدەر ئىشلىتىلىپ كەلگەن. «1935 ـ يىلى شېڭ شىسەي دەۋرىدە غۇلجىدا تېلېفون ئورناتقاندىن كېيىن ئەمەلدىن قالغان.»[16] بۇ ۋەقە شىنجاڭ ئېلېكترتەزكىرىسى بىلەن تېلېگراف تەزكىرىسىنىڭ تۈنجى بېتىنى تەشكىل قىلىدۇ، ئەلۋەتتە.

كىنوغا كەلسەك، كىنو ئاپپاراتىنى گېرمانىيەلىك ئوسكار ماستېر 1893 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى تەتقىق قىلىپ ياساپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. 1896 ـ يىلى ئوسكار ماستېر 64 كىنو قويۇش ئاپپاراتى ياساپ، مەملىكەت ئىچىگە 44 ئاپپارات، ئاۋىستىرىيە، ئىتالىيە ۋە رۇسىيەگە 20 ئاپپارات ساتقان. شۇ يىلى ئۇ بېرلىننىڭ راندىنبۇرگ دېگەن يېرىدە كىنو ئىشلىگەن.

ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلار گېرمانىيەدىن ئىمپورت قىلغان تېرە زاۋۇتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ھالقىلىرىنى چۈشەندۈرىدىغان ھۆججەتلىك كىنو فىلىمىنى ئېلىپ كىرىپ، تېخنىك ۋە ئىشچىلارغا تەكرار قويۇپ بېرىش ئارقىلىق، ئۇلارنى تەربىيەگە ئىگە قىلغان. ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلار بۇ ھۆججەتلىك فىلىمنى ئېلىپ كىرگەندە يەنە تەبىئەت بىلىملىرى تەسۋىرلەنگەن بىر نەچچە چاس ھۆججەتلىك فىلىمنىمۇ بىرگە ئېلىپ كىرگەن. بۇ فىلىملەرنى گېرمانىيەلىك تېخنىكلار كىنو ئاپپاراتى ئارقىلىق كىشىلەرگە قويۇپ بەرگەن. ئېيتىلىشىچە باھاۋۇدۇن باي كىنو ئاپپاراتى ۋە ھۆججەتلىك فىلىملەرنى ئېلىپ تېخنىك خادىملار بىلەن بىللە ئاۋۋال قەشقەرگە كەلگەن. بۇ ھۆججەتلىك فىلىملەر قەشقەر، ئاتۇشتا بىر نەچچە نۆۋەت قويۇلغاندىن كېيىن غۇلجىغا ئېلىپ بېرىلىپ غۇلجىدا ئاممىغا قويۇپ بېرىلگەن. بۇ يېڭى مەدەنىيەت ھادىسىسى ئەينى ۋاقىتتىكى نادان ئاۋامنىڭ تەرەققىياتقا بولغان تونۇشىنى كۈچەيتىشتە مۇھىم رول ئوينىغان. لېكىن كىنو تېخنىكىسى شىنجاڭدا شۇ باشلانغان پېتى ئىزچىل داۋاملاشمىغان. بۇنداق بولۇشىدا نېمە سەۋەب بولغانلىقنى بىلگىلى بولمايدۇ. 1930 ـ يىللاردىن باشلاپ ئاندىن كىنو قويۇش ئىشلىرى شىنجاڭدا ئىزچىللىققا ئىگە بولغان.

**يەتتىنچى تۆھپە: پۇتبول ھەرىكىتىنى باشلاش**

2006 ـ يىلى مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ 1 ـ يۇرۇش قانىلىنىڭ «جۇڭخۇا مىللەتلىرى» پىروگراممىسىدا 85 ياشلىق مۇھەممەت زۇنۇننىڭ ئائىلىسى ئاساس قىلىنىپ ئۈچ قىسىمغا بۆلۈپ تونۇشتۇرۇلغان «100يىللىق پۇتبول كەنتى» دېگەن مەخسۇس فىلىم بىلەن ئېكساق كەنتى پۈتۈن جۇڭگو مىقياسىغا مەشھۇر «پۇتبول كەنتى» بولۇپ تونۇلدى. ھەر ئايدا ئىككى سان چىقىدىغان «تەنتەربىيە رەسىملىك ژۇرنىلى»نىڭ 2011 ـ يىللىق 10 ـ سانىنىڭ مۇقاۋىسىدا يۈز ـ كۆزى ئاپئاپئا كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن ئېكساقلىق پۇتبولچى باللارنىڭ شوخ، ئېتىك قىياپىتى نامايان قىلىندى ھەم ژۇرنال ئىچىدىن 16 بەت ئاجرىتىلىپ، «شىنجاڭدىكى 100 يىللىق پۇتبول كەنتىنى زىيارەت ــ ئېكساق رىۋايەتلىرى»دېگەن ماۋزۇدا ئېكساق پۇتبولچىلىقىنىڭ ئۆتمۈشى ۋە بۈگۈنى مەزكۇر ژۇرنالنىڭ مۇخبىرى ياڭ نىڭ تەرىپىدىن سۈرەت بىلەن مەزمۇن گىرەلەشتۈرۈلۈپ تونۇشتۇرۇلۇپ، جۇڭگونىڭ تەنتەربىيە ساھەسىدىكىلەرنىڭ ھەيرانلىقىنى قوزغىدى. بۇ تەبىئىي ھالدا ئېكساقنىڭ پۇتبول جەھەتتىكى نامىنى تېخىمۇ كەڭ ئەھمىيەتكە ئىگە قىلدى. بۈگۈنكى كۈندە ئېكساقنى



جۇڭگو بويىچە نامى مەشھۇر «پۇتبول كەنتى» شەرىپىگە مۇيەسسەر قىلغان تۆھپىكار شەخسلەر يەنىلا ئاكا-ئۇكا مۇسابايېفلاردۇر.

تەنتەربىيە تارىخىدىن مەلۇمكى، ھازىرقى زامان پۇتبول ھەرىكىتى 1860-يىللاردا ئەنگلىيەدە بارلىققا كەلگەن. ئۇزاققا قالماي پۇتكۇل ياۋروپادا پۇتبول ھەرىكىتى ئومۇملىشىپ دۇنياغا تارقالغان. 20-ئەسىرنىڭ باشلىرى تۈركىيەدە پۇتبول كۇلۇبلىرى بارلىققا كەلگەن. ئاكا-ئۇكا مۇسابايېفلار 1905-يىلى تۈركىيەگە ئوقۇشقا چىقارغان تۇرسۇن ئەپەندى بىلەن ئابدۇراخمان ئەپەندى(شادى) شىنجاڭدا پۇتبول ھەرىكىتىنى تۇنجى قېتىم بارلىققا كەلتۈرگەن ئەزىمەتلەر ھېسابلىنىدۇ.

تۇرسۇن ئەپەندى بىلەن ئابدۇراخمان ئەپەندى 1915-يىلى تۈركىيەدىكى ئوقۇشنى تۈگىتىپ ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن ئاتۇش ئىكساقتا ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلارغا پۇتبول ئويناشنى ئۆگەتكەن. ئابدۇراخمان ئەپەندى 1920-يىلى غۇلجىدا روشتى(تولۇقسىز) مەكتەپكە مۇدىر بولغاندا غۇلجىدا تۇنجى قېتىم پۇتبول مۇسابىقىسى ئويۇشتۇرغان. تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ 1920-يىلدىن باشلاپ «ھۇسەينىيە مەكتىپى»دەپ ئاتالغان ئۇستۇن ئاتۇشتىكى ئىكساق مەكتەپتە پۇتبول ھەرىكىتىنى زور قىزغىنلىق بىلەن ئومۇملاشتۇرغانلىقىنى نامايان قىلىدىغان تارىخىي ۋەقەلەر ۋە رېئال ھادىسىلەر ئاز ئەمەس. مەسىلەن، ئىكساق پۇتبولچىلىقىنىڭ يۈكسەلگەن ھالىتىنى قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئەنگلىيە كونسۇلخانىسىدىكى خادىملار ۋە مۇھاپىزەتچى ئەسكەرلەر بىلەن مۇسابىقىلەشكەندە ئۇتۇۋالغانلىقىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ماتېرىياللاردا بۇ مۇسابىقە 1927-يىلى قەشقەرنىڭ ھازىرقى خەلق مەيدانى بىلەن تۇمەنكۆل ئارىلىقىدىكى ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوبۇس بېكىتى جايلاشقان ئورۇندا بىر دېھقاننىڭ بېدىلىكىدە ئۆتكۈزۈلگەنلىكى يېزىلغان. بۇ ۋاقىت تارىخىي چىنلىققا خېلىلا ئۇيغۇن. چۈنكى بۇ مۇسابىقىدە سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسىنىڭ ئادەملىرى ئۈچىنچى تەرەپ سۈپىتىدە مەيداندىكى تەرتىپكە كاپالەتلىك قىلغان ۋە رېپېرلىق قىلغان. 1917-يىلى ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، رۇسىيەنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسى تېز خارابلاشقان. ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمىتى يېڭى قۇرۇلغان بولشېۋىكلار ھۆكۈمىتىدىن قاتتىق ئەنسىرەپ كوممۇنىزم ئىدېئولوگىيەسىنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىشىدىن قاتتىق ھەزەر ئەيلىگەن. بۇ 30 يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بېرى قەشقەردە رۇسىيە بىلەن ئۈستۈنلۈك تالىشىپ كېلىۋاتقان ئەنگلىيە كونسۇلخانىسى ئۈچۈن تېپىلغۇسىز پۇرسەت بولغان. بىراق ئۇزاق ئۆتمەي ۋەزىيەتتە ئۆزگىرىش بولغان. يەنى بولشېۋىكلار ھۆكۈمىتى ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەپ ئەينى ۋاقىتتىكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت شەكىللەندۇرگەن. 1923-يىلدىن باشلاپ سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ شىنجاڭنىڭ ئالىي رەھبىرى ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمىتىگە ئۆزئارا كونسۇل تۇرغۇزۇش توغرۇلۇق ئەلچى ئەۋەتكەن. نەتىجىدە «1925-يىلى 9-ئاينىڭ 1-كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باش كونسۇلى ماكس دومپىس ( Max Doumpiss) 9 نەپەر كونسۇل خادىمنى ئېلىپ قەشقەرگە كەلگەن. 10-ئاينىڭ 10-كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلخانىسى رەسمىي ھالدا ئىشقا كىرىشكەن. ئورنى ئىلگىرىكى چاررۇسىيە باش كونسۇلخانىسى بولغان.»[17] سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەشقەردە باش كونسۇلخانىسىنىڭ قۇرۇلۇشى جۇڭگو، ئەنگلىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۇرۇۋەتكەن. ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمىتى يەنىلا ئەنگلىيە تەرەپنى ھىمايە قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسىنىڭ تەسىرىنى چەكلەپ تۇرغان. ئەنگلىيە كونسۇلخانىسى ئۆزىنىڭ ئۈستۈن ئورنىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ھىندىستاندىن 30 ئەتراپىدا ئەسكەر ئەكېلىپ كونسۇلخانىدا تۇرغۇزغان. بۇ ئەسكەرلەر كونسۇلخانا خادىملىرى بىلەن بوش ۋاقىتلاردا پۇتبول ئوينايتتى. شۇنىڭ بىلەن تۇرسۇن ئەپەندى باشچىلىقىدىكى ئۈستۈن ئاتۇشلۇق پۇتبولچىلار ئوتتۇرىسىدا قەشقەرنى زىلزىلىگە سالغان مۇسابىقە شەكىللەنگەن. چۈنكى مۇسابىقىدە ئۈستۈن ئاتۇش پۇتبولچىلىرى يۇقىرى ماھارىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، جان پىدالىق بىلەن ئويناپ ئەنگلىيە كونسۇلخانىسىنىڭ ئادەملىرىنى يېڭىۋالغان. كۆپ يىللاردىن بېرى ھېچبىر ئىشتا غەلىبە مېۋىسىنىڭ تەمىنى تېتىپ باقمىغان قەشقەر خەلقى ئۆز ئوغلانلىرىنىڭ ھاكاۋۇر ھەم زوراۋان ئەنگلىيەلىكلەر ئۈستىدىن قازانغان غەلىبىسىدىن ئالەمچە شادلىققا تولغان.

ئابدۇراخمان شادى ئەپەندىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن غۇلجىدا باشلانغان پۇتبول ھەرىكىتى 1930-يىللاردا ئەۋجىگە چىققان. شۇ يىللاردا يېڭىچە مەكتەپلەر كەينى-كەينىدىن ئېچىلغاچقا پۇتبول ھەرىكىتى ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلار قىزىقىپ ئوينايدىغان تەنتەربىيە تۈرى بولۇپ قالغان. ماتېرىياللاردا يېزىلىشىچە، غۇلجا شەھەر ئىچىدىكى ۋاڭ قادىرنىڭ بېغىدا ھەر ھەپتىدە دېگۈدەك پۇتبول مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرغان. شىنجاڭنىڭ پۇتبولچىلىقى ئەنە شۇ ئاساستا تەرەققىي قىلىپ 1950-

يىللارغا كەلگەندە كەڭ ئاممىۋى تەنھەرىكەتكە ئايلانغان. 1951 - يىلى 10 - ئايدا مۇرات، جاپپار، ئىزىز، ھەمدۇل قاتارلىق 18 كىشىدىن تەشكىللەنگەن شىنجاڭ پۇتبول كوماندىسى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن تۇنجى قېتىم ئۆتكۈزۈلگەن غەربىي شىمال پۇتبول مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ چېمپىيون بولغان. كېيىنكى قېتىملاردىمۇ ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. «دېمەك، ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدىلا شىنجاڭ پۇتبول كوماندىسىنىڭ يۇقىرىقىدەك ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشىشى ۋە داڭلىق پۇتبولچىلار يېتىشىپ چىقىپ، دۆلىتىمىز پۇتبول ھەرىكىتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا كۈچ قوشۇپ تۇرتكە بولۇشى، دۆلەتلىك تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ ئاتۇش ئىكساق ۋە غۇلجىنى ‹پۇتبول يۇرتى› دەپ تىلغا ئېلىشى — پۇتبولنىڭ شىنجاڭدا ئۇزۇن تارىخقا ھەم كۈچلۈك ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.»[18] ئىكساق كەنتىدە 1990 - يىللارغىچە 60 — 70 ياشلاردىكى بوۋايلارنىڭ ئۆزئارا مۇسابىقىلىشىپ پۇتبول ئويناش ئادىتى دائىم كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ئەھۋال ئىدى. ھېلىمۇ ئىكساقلىقلار پۇتبولنى بارلىق تەنتەربىيە تۈرلىرىدىن ئۈستۈن قويۇپ مۇئامىلە قىلىدۇ. ئىكساقلىق ياشلار - ئۆسمۈرلەر پۇتبول ئويناشنى يىگىتلىكنىڭ ئەڭ روشەن بەلگىسى دەپ قارىشىدۇ.

### سەككىزىنچى تۆھپە: چارۋا نەسلىنى يېڭىلاش

ئىلى چارۋىچىلىق رايونى بولۇش سۈپىتى بىلەن چارۋىچىلىق ئىشلىرى كۆلەملەشكەن ھەم تەرەققىي قىلغان. ئىلى چارۋىچىلىقىنىڭ تەرەققىياتى ۋە چارۋىلارنىڭ نەسلىنى ياخشىلاشتا ئاكا - ئۇكا مۇسابايېفلارنىڭ گەۋدىلىك تۆھپىسى بار دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. ئاكا - ئۇكا مۇسابايېفلارنىڭ تىجارىتى چارۋىچىلىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، ئۇلارنىڭ تاغلاردا ۋە يايلاقلاردا مال - چارۋىلىرى ناھايىتى كۆپ بولغان. مۇسابايېفلار جەمەتىنىڭ 1909 - يىلى 80مىڭ تۇياق قويى، 10مىڭ تۇياق كالىسى، 2 مىڭ تۇياق يىلقىسى بارلىقى جيائېنخې بىلەن جاڭ جياڭ بىرلىكتە يازغان «ئىلى تېرە زاۋۇتى ھەققىدە سۆز» ناملىق ماقالىدە تىلغا ئېلىنغان. ئاكا - ئۇكا مۇسابايېفلار 20 - ئەسىرنىڭ بېشىدىن باشلاپ يىلىغا 100مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق چارۋا مالنى رۇسىيەگە ئېكسپورت قىلىپ تۇرغان. يىلدا بىر - ئىككى قېتىم بولىدىغان چارۋا سودىسىدا قورغاستىكى سودا ئېغىزىدا ئەڭ باشتا مۇسابايېفلار جەمەتىنىڭ بىر - بىرىدىن سېمىز ئاتلىرى چېگرادىن ئۆتكۈزۈلەتتى. دېمەك، چارۋىچىلىق ھەم چارۋا سودىسى جەھەتتە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان مۇسابايېفلار جەمەتى ئىلىنىڭ چارۋا نەسلىنى يېڭىلاش جەھەتتە ئالاھىدە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن. ئۇلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى پائالىيىتى 20 - ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرى باشلانغان. دەسلەپ ئاكا - ئۇكا مۇسابايېفلار چاررۇسىيەنىڭ غۇلجىغا قېچىپ كەلگەن ئاقلار ئارمىيەسىنىڭ ئەسكىرى ئارلوۋىسكىدىن بىر نەسىللىك ئايغىرنى سېتىۋېلىپ نەسىللەندۈرگەن بولىسىمۇ، ئېلىنغان نەسىل شالغۇت چىقىپ قېلىپ ساپ نەسىلگە ئېرىشەلمىگەن. ماتېرىياللاردا يېزىلىشىچە باھاۋۇدۇن باي ئۇكرائىنانىڭ ئودېسسا شەھىرىدىن 15 تۇياق نەسىللىك ئايغىر، قازاقىستاننىڭ ئەۋلىيا ئاتا شەھىرىدىن 29 تۇياق نەسىللىك سىيىرنى ئېلىپ كەلگەن. باھاۋۇدۇن باي ئېلىپ كەلگەن بۇ نەسىللىك ئايغىرلارنىڭ تۈرلىرىنى كىشىلەر ئانگلو - ئەرەب، ئانگلىيىسكى پاررودا ۋە بەدەخشانىسكى پاررودا دەپ پەرقلەندۈرۈپ ئاتاشقان. نەسىللىك سىيىرلارنى سىممېنتال پاررودا، گوللاندىيىسكى پاررودا، شۋېتسكى پاررودا دەپ پەرقلەندۈرۈپ ئاتاشقان. بۇ نەسىللىك ئايغىر ۋە سىيىرلارنى بېقىشقا سوۋېت



ئىكساقلىق پېشقەدەم پۇتبول ھەۋەسكارلىرىنىڭ بۇ سۈرىتى 1985 - يىلى كۈزدە ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى بارلىققا كەلگەنلىكىنىڭ 100يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۈستۈن ئاتۇشنىڭ ئىكساق كەنتىدە ئۆتكۈزۈلگەن ياشانغانلار پۇتبول مۇسابىقىسىدە تارتىلغان. شۇ قېتىمدا مۇسابىقىگە قاتناشقان پۇتبول ھەۋەسكارلىرىنىڭ ئەڭ چوڭى 82 ياشتا ئىدى.

ئىنتىپاقىدىن ئىككى مۇتەخەسسىس تەكلىپ قىلىنغان. ئۇلارغا 30 چە ياردەمچى سەپلەپ بېرىلگەن. بۇ ئايغىر ۋە سىيىرلاردىن ساپ نەسىل ئېلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئېغىل، بوغۇزلىرى ئالاھىدە تەييارلانغان. ئوت-چۆپ بېرىش ئىلمىيلاشتۇرۇلغان. ئۇلارنى دەم ئالدۇرۇش، يۇيۇندۇرۇش ئورۇنلىرى ھازىرلانغان. نەسىللەندۈرۈش ناھايىتى ئۈنۈملۈك بولغان. ئاكا-ئۇكا مۇساباييېفلار تېكەس، موڭغۇلكۈرە، كۈنەس، يۇلتۇز قاتارلىق ئورۇنلاردىن تاللانغان سىيىر، بىيەلەرنى ئېلىپ كېلىپ مەزكۇر نەسىللىك ئايغىر ھەم بۇقىلار بىلەن نەسىللەندۈرگەن. مۇساباييېفلار جەمەتىگە مەنسۇپ چارۋامال ئىچىدە نەسىللىك ئايغىر ۋە بىيەلەرنىڭ سانى 1952-يىلىغا كەلگەندە 2000 تۇياقتىن ئېشىپ كەتكەن. ئۇلار يەنە رومبولىيە بىرىكوس نەسىللىك قوچقىرىدىن 40 تۇياق ئەكېلىپ قازاق قويلار بىلەن چېتىشتۇرغان. 1952-يىلىغا كەلگەندە مۇساباييېفلار ئىلكىدىكى ساپ نەسىللىك رومبولىيە قويى ئون مىڭ تۇياقتىن ئېشىپ كەتكەن.

**توققۇزىنچى تۆھپە: «مۇساباييېفلار روھى» نى يارىتىش**

مەشھۇر سودا-سانائەتچى، تەرەققىيپەرۋەر كارخانىچى ئاكا-ئۇكا مۇساباييېفلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆچمەس تۆھپىلىرى ۋە تەسىرلىك ئىش-ئىزلىرى بىلەن مۇساباييېف جەمەتىنىڭ نامىنى مەشھۇر قىلىپلا قالماي، بەلكى پۈتكۈل شىنجاڭنىڭ سودا-سانائەت، مەدەنىيەت، مائارىپ تارىخىدا شانلىق سەھىپە ياراتقان تۆھپىكار ئەزىمەتلەردۇر. بۈگۈنكى ئەۋلادلار ئۇلارنىڭ بىر قولىدا مىللىي سانائەتنىڭ بايرىقىنى لەپىلدەتكەن، بىر قولىدا يېڭى مائارىپنىڭ مەشئىلىنى يېلىنجاتقان نۇرانە ئوبرازىغا قەلب قەسرىدىن ھۆرمەت بىلەن ئورۇن بەردى.

ئاكا-ئۇكا مۇساباييېفلار بۇ ئۆچمەس ئۇتۇقلارنى قانداق ياراتقان؟ بۇ يەردىكى سىر زادى نەدە؟ بىز بۇ ئۇتۇقلارنىڭ بارلىققا كېلىشىدە رول ئوينىغان مۇھىم ئامىلنىڭ نېمە ئىكەنلىكى ئۈستىدە ئەستايىدىل ئويلىنىشىمىز زۆرۈر. نەزەر دائىرىسى تار بەزى كىشىلەر پۇلى كۆپ بولغاچقا شۇنداق قىلالىغان دەپ بەكمۇ يۈزە ئويلىشى مۇمكىن. ھەقىقەتەن ئاكا-ئۇكا مۇساباييېفلار ئەينى چاغدا كاتتا بايلاردىن ئىدى. لېكىن ئەينى ۋاقىتتا غۇلجا، قەشقەر ۋە ئاتۇشلاردا ئۇلارغا ئوخشاش بايلارمۇ بار ئىدى. 18-ئەسىردە باشلانغان ئىچكى ئۇرۇش ۋە سىرتنىڭ تاجاۋۇزى نەتىجىسىدە 100 يىللاپ ھالسىرىغان ئانا دىيارىمىز 1884-يىلى «ئۆلكە» بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن نىسپىي مۇقىم ھالەتكە قەدەم قويغان. چيەنلۇڭ دەۋرىدىن بۇيان شىنجاڭدا ھەربىي مەھكىمە تۈزۈمى يولغا قويۇلغانىدى. ھەربىي مەھكىمە تۈزۈمىدە، «لەشكەرلەرنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدارلار كۆپ، ئاۋامنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدارلار ئاز ئىدى»، ئىلىدا تۇرىدىغان ئەڭ ئالىي ھۆكۈمران ئىلى سانغۇنى ۋە جايلاردىكى ھەر دەرىجىلىك ئامباللارنىڭ ئاساسلىق باشقۇرۇش فۇنكسىيەسى لەشكەر باشقۇرۇش بولۇپ، يەرلىكنىڭ مەمۇرىيىتىنى باشقۇرۇش ئىشىنى ھەر قايسى يەرلىك خەلقلەردىن بولغان بەگ-تۆرىلەر ۋە ھاكىمبەگلەر باشقۇراتتى. جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا ئاساسلىقى ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، خەلق ئىشلىرىنى يەنىلا ئەسلىدىكى چوڭ-كىچىك بەگلەر باشقۇراتتى. «1884-يىلى 9-ئايدا، شىنجاڭدا ئۆلكە تۈزۈمى تەسىس قىلىنىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى بەگلىك تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقى جاكارلىنىپ، پەقەت مەرتىۋە-نامىلا ساقلىنىپ قېلىندى.»[19] ئۆلكە قۇرۇلۇپ بەگلىك تۈزۈم ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن ئەزەلدىن خەلق ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇپ كەلگەن «بەگلەر قاتلىمى» تېزلا ئاجىزلاپ كەتكەن. ئۇ چاغدا قالاق، نادان ھالەتتىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي قاتلىمى تولىمۇ ئاددىي ئىدى. بەگلەر قاتلىمى، موللا-خەلپەتلەر قاتلىمى، ھۈنەرۋەنلەر قاتلىمى، دېھقانلار قاتلىمىدىن ئىبارەت تۆتلا قاتلام بار ئىدى. 1880-يىللاردىن كېيىن شىنجاڭدا ھەم ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىلىرىدە سودا-تىجارەت ئىشلىرىنىڭ جانلىنىشى سەۋەبىدىن ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە يېڭى ئىجتىمائىي قاتلام بولغان «بايلار قاتلىمى» رەسمىي شەكىللەنگەن. نەتىجىدە بايلار قاتلىمى بەگلەر قاتلىمىنىڭ ئورنىنى ئېلىپ ئەمەلىي كۈچكە ئىگە يېڭى قاتلام سۈپىتىدە كۆزگە كۆرۈنگەن. بايلار قاتلىمى ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى تەشكىل قىلغۇچى دېھقانلار قاتلىمى، ھۈنەرۋەنلەر قاتلىمى، موللا-خەلپەتلەر قاتلىمىغا قارىغاندا، ئەمەلىي كۈچى كۈچلۈك، پائالىيەت دائىرىسى كەڭ قاتلام بولغان. لېكىن بۇ بايلار قاتلىمىنى تەشكىل قىلغۇچى بايلارنىڭ مۇتلەق كۆپىدە ئاكا-ئۇكا مۇساباييېفلاردا بولغاندەك يۈكسەك روھ بولمىغان. بولغان تەقدىردىمۇ يېتەرلىك بولمىغان. مەلۇمكى بىر ئادەم پەقەت پۇل-مېلى كۆپ بولۇش بىلەنلا ھەقىقىي باي ھېسابلانمايدۇ. بۇنداق بايلىققا روھىي بايلىق قوشۇلمىسا، ئۇنداق نادان بايلار پەقەت «پۇلنىڭ خوجىسى» بولۇش بىلەنلا كۇپايىلىنىدۇ. غايىسىز، نادان بايلار مال-دۇنياسىنى ئاۋۇتۇش، بالىلىرىغا مىراس قالدۇرۇشنىڭلا كويىدا تىپىرلاپ يۈرۈشتىن ھالقىيالمايدۇ.

ئاكا-ئۇكا مۇساباييېفلار مال-دۇنياسىنى ئاۋۇتۇشنىڭلا

كويىدا يۈرگەن ئەمەس، بەلكى ئەلنىڭ غېمىنى يېگەن، باللىرىنىڭ قىسمىتىگىلا كۆڭۈل بولگەن ئەمەس، بەلكى خەلقنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلگەن، تەرەققىياتنى نادانلىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ ھەم خەلقنى مۇشكۈل قىسمەتتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ يولى دەپ بىلگەن يۈكسەك ئاڭغا ئىگە ئاقسۆڭەكلەشكەن بايلار ئىدى. ئۇلارنىڭ نەزەر دائىرىسى كەڭ، ئېنىق غايىسى بار ئىدى. ئۇلار يەنە ئۆز غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بوشاشماي ئالغا ئىنتىلىدىغان ۋە بەدەل تۆلەشتىن قاچمايدىغان قىممەتلىك روھقا ئىگە ئىدى.

ئۇلاردا ئۆزىدىن ھالقىيدىغان جاسارەت بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ھاياتى ئىزدىنىش، تەۋەككۇل قىلىش، ئالغا ئىنتىلىش، ئۆزىگە خاس مۇستەقىل يول تۇتۇش بىلەن خاراكتېرلەنگەن ھايات ئىدى.

ئۇلار خەلق ئۈچۈن ياشاشنى ھاياتنىڭ مىزانى قىلغان ئىدى. خەلق ئۈچۈن سەرپ قىلىنمىغان بايلىق ئەسلا قىممىتىنى تاپالمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى چوڭقۇر چۈشەنگەن ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلار بايلىقنى بار ئاماللار بىلەن جەمئىيەتلەشتۈرۈشكە ئالدىرىغان ئىدى. يەنى زاۋۇت قۇرۇش، مەكتەپ سېلىش، ئوقۇغۇچى تەربىيەلەش، يېڭى مەدەنىيەتنى ئومۇملاشتۇرۇش ئىشلىرىغا سەرپ قىلغانىدى. شۇڭا ئۇلار كېيىنكى كۈنلەردە پۇشايمانلىق ئاقىۋەتكە قالمىدى. باشقا بايلارنىڭ مۇتلەق كۆپى بايلىقنى جەمئىيەتلەشتۈرۈشنىڭ ئورنىغا خوتۇن ـ باللىرىغا مىراس قالدۇرۇشنىڭلا غېمىدە بولۇپ، تاپقان ـ تەرگىنىنى ئالتۇن ـ تىللاغا ئايلاندۇرۇپ يەرگە كۆمۈپ «خەزىنە»لەشتۈردى، ئاخىرقى ھېسابتا جاللات شېڭ شىسەي «باي» دەپ سانىلىش ۋە «ھاجى» دەپ ئاتىلىش بىلەن كۆپلەپ خوتۇن ئېلىشنىلا ئالىي مەقسەت بىلىپ ياشاشقا ئادەتلەنگەن بۇ نادان بايلارنىڭ نەچچە ئون يىللاردىن بېرى توپلىغان ئالتۇن ـ تىللالىرىنى ئىسسىق جېنى بىلەن قوشۇپ بۇلاپ ئېلىپ ھەممىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالدى. نەتىجىدە مال ـ دۇنيا توپلاشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان نادان بايلارنىڭ ئۇرۇق ـ ئەۋلادى مەڭگۈلۈك ھەسرەت ـ نادامەتتە قالدى. ئۇلارغا دادىلىرىدىن قۇرۇق ناملا قالدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ تىپىك بولغىنى جەنۇبىي شىنجاڭدا داڭقى مەشھۇر ئۆمەر باي ئىدى. تۇرلۇك ھەق ـ ھوقۇقلار قانۇن ئارقىلىق كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان بىر ئىشەنچلىك جەمئىيەتتە ياشىماي تۇرۇپ، ئەسەبىيلىك بىلەن مال ـ دۇنيا توپلاشقا بېرىلگەن ئۆمەر بايغا ئوخشاش كالتە پەم، ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت ئېڭى يوق مىڭلىغان نادان بايلارنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرىگە ئېچىنماقتىن باشقا ئامال يوق. ئۇلاردىن ئەۋلادلارغا ئېچىنىشلىق ئاچچىق ساۋاقلا مىراس قالدى، خالاس!

نەزەر دائىرىسى كەڭ ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلار بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرىدىغان نادان بايلاردىن پەرقلىنەتتى. ئۇلار يېڭىلىقتا، تەرەققىياتتا، ئىلغارلىقتا ھېرىسمەن ئىدى، جاھالەتكە، نادانلىققا، قالاقلىققا قارشى ئىدى. ئۇلار نەزىرىنى دۇنياغا تىككەن ئىدى. بارلىقنى ۋەتەننىڭ كۈلپەتلىك تەقدىرىنى ئۆزگەرتىشكە ئاتىغان ئىدى. ئۇلار ئىقتىسادنى تۈۋرۈك، مائارىپنى مەشئەل، تەرەققىياتنى بىردىنبىر توغرا يول قىلىپ تاللىغان ئىدى. مانا بۇ ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلارنىڭ روھى! جاسارەت ۋە پاراسەت نۇرلىرى بىلەن چاقناپ تۇرغان بۇ ئالىيجاناب روھ ئۇلاردىن ئەۋلادلارغا مىراس قالغان قىممەتلىك بايلىق! بىز ئەۋلادلارنى ئىزدىنىش، تەۋەككۇل قىلىش روھىغا باي، قىيىنچىلىقتىن قاچمايدىغان، غۇرۇرىنى ساتمايدىغان، بارلىقنى ۋەتەن ۋە خەلق ئۈچۈن بېغىشلايدىغان روھتا تەربىيەلەشتە مانا مۇشۇ قىممەتلىك روھقا ھەر ۋاقىت مۇراجىئەت قىلماي تۇرالمايمىز، شۈبھىسىزكى، ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلارنىڭ روھى بىزگە ھەر زامان پاراسەت ۋە جاسارەت بېغىشلايدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆچمەس تۆھپىلىرى بىزنى مەڭگۈ غۇرۇرلاندۇرۇپ، قەددىمىزنى تىك تۇتۇپ ياشاشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ.

## نەقىل مەنبەلىرى ۋە ئىزاھاتلار

[1] ۋاڭ جىلەي: «ئوتتۇرا ئاسىيا ئومۇمىي تارىخى — يېقىنقى زامان قىسمى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2010 ـ يىلى نەشرى، ئۇيغۇرچە، 412 ـ بەت.

[2] ئابدۇكېرىم راخمان بۇچى: «20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر سودا مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2005 ـ يىلى 2 ـ سان.

[3] «شىنجاڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان ئىقتىسادىغا دائىر ماقالىلەر توپلىمى»غا كىرگۈزۈلگەن، ۋېي چاڭخۇڭ يازغان «يېقىنقى زامان شىنجاڭ مىللىي سانائىتىنىڭ ۋەكىلى — ئىلى ھۈسەن باي تېرە زاۋۇتى» ناملىق ماقالىغا قاراڭ. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى، خەنزۇچە نەشرى، 43 ـ بەت.

[4] «غۇلجا شەھەر تارىخ ماتېرىياللىرى». 2 ـ سان، 1999 ـ يىلى 60 ـ بەت.

[5] بۇ شىركەتنىڭ قۇرۇلغان ۋاقتى ۋە ئەينى چاغدىكى نامىنى ھۈسەن باينىڭ چارپادىشاھقا 1905 ـ يىلى يازغان خېتىدىن ھېس قىلالايمىز. خەتتە مۇنداق يېزىلغان: «جانابىي ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغاي. كەمىنىلىرى ھۈسەيىن

هەم باھاۋۇدۇن مۇساباييفلار بۇ ۋاقىتقىچە ھۈسەيىن مۇسابايېۋ نامىدا بولۇپ كېلىنگەن سودىمىزنى 1323-يىلى ھىجرىيە تۇمۇز ئېيىدىن باشلاپ ھەر ئىككىمىز شېرىك بولۇشۇپ، ئەھدە ۋە شەرتلەر باغلاپ تىجارەت ۋە سانائەت كارخانا ئىشلىرىنى كامىل ئازادىلىك ئىلە يۈرگۈزمەك بولۇپ، سودىمىزنىڭ نامىنى «تىجارەتخانا ھۈسەيىن ۋە بۇرادەرى» قويۇپ، ئەھدە ۋە شارائىت كاغەزلىرىمىزدىن پادىشاھلىقنى گۇۋاھلاندۇرۇپ، ئىشىمىزنى بىر داۋام قىلدۇق.

ھەر ئىشنىڭ بېشىدا مۇدىر ھۈسەيىن مۇسابايېۋ بولۇپ، ھەم ئۇنىڭ ئورنىدا بۇرادەرى ھەم شېرىكى باھاۋۇدۇن مۇسابايېۋ قول قويغانلىرىغا (ئىمزالىرىنى) ئىلتىپات قىلماقلىرىڭىزنى رەجا قىلىپ، تەۋەججۇھاتىڭىزنىڭ داۋامىنى تەمەننى قىلىمىز.»

[6] ۋېي چاڭخۇڭنىڭ «يېقىنقى زامان شىنجاڭ مىللىي سانائىتىنىڭ ۋەكىلى-ئىلى ھۈسەن باي تېرە زاۋۇتى» ناملىق ماقالىسىدە كەلتۈرۈلگەن بۇ نەقىل «شېنباۋ» («申报») گېزىتىنىڭ 1909-يىلى 11-ئاينىڭ 23-كۈنىدىكى سانىدىن ئېلىنغانلىقى كۆرسىتىلگەن. مەلۇمكى، گېزىتتە تىلغا ئېلىنغان دەسمايەنىڭ سوممىسى خاتا بولۇپ قالغان. ئەمەلىيەتتە زاۋۇت قۇرۇشقا كەتكەن دەسمايە سوممىسى ئۇنىڭدىن خېلىلا كۆپ ئىدى.

[7] 1951-يىلى 11-ئاينىڭ 1-كۈنى بۇ زاۋۇتنىڭ نامى «ئىلى لىچۈن كۆن-خۇرۇم زاۋۇتى» (伊犁利群皮革厂) دەپ ئۆزگەرتىلگەن، ئەل ئارىسىدا يەنىلا «ھۈسەن باي تېرە زاۋۇتى» دەپ ئاتىلىۋەرگەن.

[8] «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»(3)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000-يىلى نەشرى، ئۇيغۇرچە، 55-بەت.

[9] شۇ جيەنيىڭ: «منگو دەۋرىدىكى ئەنگلىيە بىلەن جۇڭگو شىنجاڭ(1949-1912)»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2008-يىلى نەشرى، خەنزۇچە، 159-بەت.

[10] «شىنجاڭ ئېنسىكلوپېدىيەسى»(2)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2005-يىلى نەشرى، ئۇيغۇرچە، 1361-بەت.

[11] «شىنجاڭ ئېنسىكلوپېدىيەسى»(2)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2005-يىلى نەشرى، ئۇيغۇرچە، 1362-بەت.

[12] ئۇيىشى شىنيىچىرۇ: «قەشقەردە يېڭىلىقتا كۆچۈش ھەرىكىتى — مۇساباي جەمەتى ۋە يېڭىچە مائارىپ»، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 2000-يىلى 2-سان.

[13] ئەھمەد كامال (تۈركىيە): «چىن - تۈركىستان خاتىرىلىرى»، ئۆتۈكەن نەشرىياتى 1999-يىلى ئىستانبۇل نەشرى، تۈركچە، 137-بەت.

[14]«جۇڭگو ئېنسىكلوپېدىيەسى(中国大百科全书)» (ئېلېكتىر قىسمى)، جۇڭگو قامۇس نەشرىياتى، بېيجىڭ/شاڭخەي، 1992-يىلى 6-ئاي نەشرى، خەنزۇچە، 638-بەت.

[15] «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»(3)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000-يىلى نەشرى، ئۇيغۇرچە، 56-بەت.

[16] «شىنجاڭ تارىخ-مەدەنىيىتى» (ئىچكى ژۇرنال)، 2008-يىللىق سان (ئومۇمىي42-سان). ئەينى ۋاقىتتا غۇلجا شەھىرىدە ئاكا-ئۇكا مۇساباييفلارغا تەۋە بەش قورۇ بولغان. بۇلار «زاۋۇت قورۇ» (مۇسابايېۋ تېرە زاۋۇتى)، «مەكتەپ قورۇ» (ھازىرقى ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ئورنى بولۇپ زاۋۇتقا ئىشچى تەربىيەلىگەن كەسپىي مەكتەپ)، «كانتور قورۇ» (ھازىرقى غۇلجا شەھەرلىك خەلق مەيدانىنىڭ ئورنىدا بولۇپ، مۇساباييفلارنىڭ باش تىجارەتخانىسىنى يەنى شىركىتىنى كۆرسىتىدۇ)، «مويكا قورۇ» بىلەن «باغ قورۇ» بىر تۇتاش بولۇپ، ھازىرقى ئىلى ئوبلاستلىق پارتكومنىڭ ئورنىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ يەرگە ئاكا-ئۇكا مۇساباييفلارنىڭ ئۆيلىرى جايلاشقان ھەم يېنىغا يۇڭ يۇيىدىغان مويكا ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

[17] شۇ جيەنيىڭ: «منگو دەۋرىدىكى ئەنگلىيە بىلەن جۇڭگو شىنجاڭ(1949-1912)»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2008-يىلى نەشرى، خەنزۇچە، 88-بەت.

[18] تۇرسۇن يۈسۈپ: «ھازىرقى زامان ئىس-تۈتەكسىز ئۇرۇشى-پۇتبول»، شىنجاڭ پەن-تېخنىكا، سەھىيە نەشرىياتى، 2002-يىلى نەشرى، 9-بەت.

[19] سەي مىيىياۋ قاتارلىقلار يازغان «جۇڭگو ئومۇمىي تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2009-يىلى نەشرى، ئۇيغۇرچە، 11-توم 660-بەت.

2008-يىلى نويابىردا يېزىلدى

2011-يىلى ئىيۇندا تۈزىتىپ تولۇقلاندى

---

ئاپتور: ئوبزورچى، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتىدىن

**«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە «ئىزچىلار» كىتابخانىسى تەرىپىدىن توپ تارقىتىلىدۇ. كىتاب-ژۇرنال تىجارەتچىلىرىنىڭ «ئىزچىلار» كىتابخانىسى بىلەن ئالاقىلىشىشىنى سورايمىز.**

**كىتابخانا ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى «غالىبىيەت» يولى 100-نومۇر، ئالاقىلىشىش تېلېفونى: 2850601 — 0991**



# «سالماچىلار چايخانىسى» دىكى پاراڭلار

## پۇقراۋى تۇرمۇشنى ياخشىلاشتا پۇقراۋى ھوقۇقنىڭ قوغدىلىشى ئالدىنقى شەرت

نۆۋەتتە، بىر تەرەپتىن مەركەزنىڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىدىغانلىقى توغرىسىدىكى تەنتەنىلەر ياڭراۋاتىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، ھەرخىل ئىجتىمائىي مەسىلىلەرمۇ كۆپىيىپ ئاشكارا بولۇۋاتىدۇ. خەلقنىڭ نېسىۋىسىگە خەلقنىڭ ئۆزىنى ئىگە قىلىش تۈزۈلمە قۇرۇلۇشىغا ئائىت نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ئالدىمىزغا تاشلاۋاتىدۇ.

جەمئىيەتنىڭ ھۆكۈمەت خىزمىتىنىڭ ۋە جايلارغا سالغان ئىقتىسادىي مەبلىغىنىڭ ئۈنۈملۈك بولۇشىغا قارىتا مۆلچەرلىگۈسىز كاشىلىلارنى ئېلىپ كېلىۋاتقانلىقى ھەممىگە ئايان بولۇپ قالدى. قانۇن-تۈزۈم ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىسلەر بۇنىڭ تۈپ سەۋەبىنى ئاددىي پۇقرالارنىڭ قانۇن ۋە سىياسەت ۋەدە قىلغان تۈپ ھوقۇقىغا ئېرىشەلمىگەنلىكى بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرۈۋاتىدۇ. ئاممىنىڭ سۆكۈت قىلىشى ياكى ئاممىنىڭ خەۋەرسىز قېلىشى ئىچىدىكى ھوقۇق ئۇنىڭ دەرىجىسىنىڭ قانچىلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر جەمئىيەتنىڭ مەنبەسىگە ئايلىنىپ بولغان بولىدۇ. بىزنىڭچە، خەلق ئارىسىدىكى ھەر ساھە كىشىلەرنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ تۈرلۈك سىياسەتلىرى ھەققىدە مۇھاكىمە قىلىشى، غۇلغۇلا قىلىشى، مەسىلىلەرنى بايقاپ، ھەل قىلىش چارىلىرىنى ئىزدىشى نورمال ئىش ھېسابلىنىدۇ. ئەكسىچە، پۇقرالارنىڭ لام-جىم دېمەستىن، كادىرلارنىڭ ئاغزىغا قارىشى نورمالسىزلىق بولۇپ، تۈزۈلمىدىكى كاۋاكلارنى ئاشكارىلايدۇ.

باشقا رايونلارغا قارىغاندا، رايونىمىزدىكى كىشىلەرنىڭ ھەرخىل ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ئۈستىدە غۇلغۇلا قىلىش ئېڭى نىسبەتەن تۆۋەن، ئىقتىساد، مائارىپ، سەھىيە، قانۇن، سىياسەت ساھەلىرىدىكى كەسىپ ئىگىلىرى مەكتەپ ياكى ئاكادېمىيە تاملىرىدىن ھالقىپ ئاساسىي قاتلاملارغا شۇڭغۇپ كىرەلمىدى. ئومۇمەن، كىشىلەرنىڭ مەركەزنىڭ بەزى مۇھىم سىياسەتلىرىگە ئاكتىپ ئىنكاس قايتۇرۇش سەۋىيىسى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ «ئىدىيە ئازاد بولۇش» تەلىپىدىن خېلىلا يىراق.

بىزنىڭچە، كىشىلەردە مۇنازىرە ۋە مۇلاھىزە كەيپىياتىنىڭ بولۇشى پۇقراۋى ھوقۇقنى قانۇنىي كاپالەتكە ئېرىشتۈرۈشتە كەم بولسا بولمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن جەمئىيەتنى ئەدەبىياتنىڭ كۆزى بىلەن كۆزىتىشلا كۇپايە قىلمايدۇ، خەلق ئىقتىساد، قانۇن، مائارىپ، مەدەنىيەت ساھەسىدىكى زىيالىيلارنىڭ قىزىق نۇقتىلار ھەققىدىكى ئىلمىي تەھلىللىرىگە بەكمۇ موھتاج.

— تەرجىماندىن

## تەرجىمە كۆزنىكى

بۇ يىلقى ئىككى يىغىن (11-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4-ئومۇمىي يىغىنى ۋە 11-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش 4-ئومۇمىي يىغىنى)دا، «پۇقراۋى تۇرمۇش» («خەلق تۇرمۇشى» دەپمۇ ئېلىنىپ كەلدى)نىڭ گېپى يەنە بىر قېتىم قىزىپ كەتتى. يىغىندا ئېلان قىلىنغان 2011-يىللىق مالىيە خامچوتىدا كۆرسىتىلىشىچە، مەركەز مالىيەسىدىن مائارىپ، سەھىيە، ئىجتىمائىي كاپالەت ۋە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، تۇرالغۇ

كاپالىتى، مەدەنىيەت قاتارلىق ساھەلەرگە ئاجرىتىلغان پۇل 1050.992 مىليارد يۈەن بولۇپ، بۇرۇنقىدىن %18.1 ئاشقان. يېزا، يېزا ئىگىلىكى ۋە دېھقانلار ئۈچۈن ئاجرىتىلغان پۇل 998.45 مىليارد يۈەن بولۇپ، %15.2 ئاشقان. مەركەزنىڭ باجنى جايلارغا قايتۇرۇشى ۋە يۆتكەلمە چىقىمى 3731 مىليارد يۈەن بولۇپ، ئاۋۋالقىدىن %15.3 ئاشقان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە يېزا ئىگىلىك، سۇ ئىشلىرى، قاتناش-تىرانسپورت ۋە مۇھىت ئاسراش چىقىملىرىمۇ بار بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى خەلق تۇرمۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. خەلق تۇرمۇشى ئۈچۈن ئاجرىتىلغان مەبلەغ مەركەز مالىيە چىقىمىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى ئىگىلىگەن.

«مەركەز مالىيە چىقىمىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى خەلق تۇرمۇشىغا ئىشلىتىش» دېگەن بۇ قاراشقا نىسبەتەن بەزىلەر «بۇ كەڭ مەنىدىكى» ئۇقۇم دەپ قاراپ، ئەمەلىيلىشىشىدىن تولۇق خاتىرجەم بولالمىغان بولسىمۇ، ھۆكۈمەتنىڭ خەلق تۇرمۇشىغا بارغانسىرى كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلىقى، سالغان مەبلىغىنىڭ ئېشىۋاتقانلىقى مۇنازىرە كەتمەيدىغان بىر ئەمەلىيەت.

ئەمما، ئۇرۇق چېچىش ھوسۇل ئېلىشتىن دېرەك بېرىشى ناتايىن. ئاجرىتىلغان مىليارد-مىليارد پۇللارنى خەلق كۆڭۈل بۆلىدىغان، بىۋاسىتە نان تېگىدىغان يەرلەرگە راستتىنلا ئىشلىتىپ، خەلق ئۆز كۆزى بىلەن كۆرەلەيدىغان ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئېرىشىش ئۈچۈن نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەشكە، نۇرغۇن شەرتلەرنى ھازىرلاشقا توغرا كېلىدۇ. بۇلاردىن ئەڭ مۇھىمى خەلقنىڭ ھوقۇقىنى قوغداش ۋە ئىلگىرى سۈرۈشتۇر.

پارتىيە 17-قۇرۇلتىيى «ئوقۇيدىغانلارغا مەكتەپ، ئىشلىگەنلەرگە ھەق، بىمارلارغا دوختۇرخانا، ياشانغانلارغا بېقىم، ئېھتىياجغا يەتكۈدەك ئۆي بولۇش» تىن ئىبارەت ماس جەمئىيەت خەرىتىسىنى سىزىپ بەرگەندىن كېيىن، خەلق تۇرمۇشى ھەر قېتىملىق «ئىككى يىغىن» نىڭ مەركىزىي نۇقتىسى بولۇپ كەلدى. ئۆي باھاسى، مال باھاسىدىن تارتىپ سەھىيە ۋە مائارىپقىچە بولغان جامائەت پىكرى يىللاردىن بېرى بىردەك بولۇپ كەلدى. «كاپالەت»، «مەبلەغ سېلىش»، «كۆڭۈل بۆلۈش» دېگەندەك ئىبارىلەرگە مۇجەسسەملەنگەن ھەرىكەتلەر يىلسېرى كۆپىيىۋاتقان بولسىمۇ مەسىلىلەر ھەل بولمىدى، بەلكى، ئېغىرلاشتى، بۇنىڭدىكى تۈپ سەۋەب، ھۆكۈمەت بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىدە، ئاممىنىڭ ساداسى ناھايىتى تۆۋەن، ئاممىنىڭ ھوقۇقى تولىمۇ كىچىك بولۇپ قېلىپ، ئاساسىي قانۇن ئاممىغا ۋەدە قىلغان ھوقۇق-مەنپەئەت ئەمەلىيلەشمىگەندە، ئىقتىساد ۋە ئىجتىمائىي ئىشلاردىكى مۇھىم قارارلاردا، ئاممىنىڭ چوڭ مەنپەئەتىگە ئالاقىدار ئىشلاردا پۇقرالارنىڭ بولۇشقا تېگىشلىك پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقى ۋە تەسىركۈچى يوق بولغان.

خەلق تۇرمۇشى مەسىلىسى ئەمەلىيەتتە ئاممىۋى نەرسىلەرنى تەمىنلەش مەسىلىسىدۇر. ئاممىۋى نەرسىلەرنى تەمىنلەش بولسا پۇقراۋى ھوقۇقنىڭ ئەمەلىيلىشىشى ھەم ئۇنىڭغا كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت. خەلق تۇرمۇشىغا دائىر نۇرغۇن مەسىلە قارىماققا ئاممىۋى نەرسىلەرنى تەمىنلەشتىكى يېتەرسىزلىكتە كۆرۈلىدۇ، بىراق، ئۇ ئەمەلىيەتتە، خەلقنىڭ ھوقۇقىغا بولغان كاپالەتنىڭ كەملىكىدىن، ھەرخىل ئاممىۋى، خۇسۇسىي ھوقۇقلارنىڭ دەخلى-تەرۇزغا ئۇچرايدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدا ئىشچىلارنىڭ ھېچقانداق كاپالىتى بولمىغان ھالدا ئىشتىن ئايرىلىشى، يېزىلاردىكى يەر-زېمىنلەرنى ھۆكۈمەتكە ئۆتكۈزۈۋېلىشتا دېھقانلارنىڭ تەڭسىز ھالدا يەردىن قۇرۇق قېلىشى، شەھەرلەرنى ئۆزگەرتىپ تۈزەشتىكى مەجبۇرلاپ كۆچۈرۈش، دېھقان ئىشلەمچىلەر (مەدىكارلار)نىڭ ئىش ھەققىنىڭ بېرىلمەسلىكى قاتارلىق خەلق تۇرمۇشىغا دائىر چاتاقلارنىڭ ھەممىسىدە ئاممىنىڭ مۈلكىي ھوقۇقىغا ھوقۇقدارلارنىڭ تاجاۋۇز قىلىشىدەك مەسىلىلەر ئەكس ئېتىدۇ. بۇ مەسىلىلەر تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا، خەلق ھوقۇقى (پۇقراۋى ھوقۇق) مەسىلىسىدۇر.

دېمەك، خەلق تۇرمۇشى مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا نوقۇل مەبلەغ سېلىشقىلا تايانغىلى بولمايدۇ، يەنە پۇقرالار ھوقۇقىنى ماس قەدەمدە قوغداشقا ئېھتىياجلىق بولىمىز. مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ سىياسەت ۋە چارىلىرى ھەر قانچە ياخشى بولغاندىمۇ يەنىلا جايلار ۋە ئاساسىي قاتلاملار ئارقىلىق ئەمەلىيلىشىدۇ. پۇقرالارنىڭ ئەمەلىيەتتە دۇچ كېلىدىغىنى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىدۇر. بەزى جايلار ۋە ئاساسىي قاتلام ھۆكۈمەتلىرى پۇقرالاردىكى ھوقۇقنىڭ بەكمۇ ئازلىقىنى كۆرۈپ يەتكەچكە، خەلقنىڭ ئاھۇزارىغا سەل قارىدى، ھەتتا، ئاممىنىڭ مەنپەئەتىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە ئۆزلىرى پايدا ئالدى ھەمدە ئالاھىدە مەنپەئەت گۇرۇھىنىڭ خۇسۇسىي مەنپەئەتىگە يول ئېچىپ بەردى. روشەنكى، خەلق تۇرمۇشى مەسىلىسىدە «يىغىنلاردا ئۇلۇغ قۇرۇق گەپلەرنى قىلىپ قويۇپ، يىغىندىن كېيىن كونا قېلىپتا ئىش قىلىش»نىڭ قاتمال چەمبىرىكىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىدىن باشقا يەنە تۆۋەن قاتلام كىشىلىرىنىڭ پىكىر قىلىش ھوقۇقى، ئەھۋال ئىگىلەش ھوقۇقى، ئارىلىشىش ھوقۇقى ۋە

نازارەت قىلىش هوقۇقىنى جانلاندۇرۇشقا ۋە تولۇقلاشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنداق بولغاندىلا، ئاۋام كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ھەق ـ هوقۇقلىرىنى قوغدىيالايدۇ، ئاساسىي قاتلام ئەمەلدارلىرى بىلەن باراۋەر ئورۇندا تۇرۇپ ئاقىلانە پىكىر ئالماشتۇرالايدۇ، مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ خەلققە پايدىلىق سىياسەتلىرىنىڭ ئەمەلىيلەشكەن ياكى ئەمەلىيلەشمىگەنلىكىنى پائال نازارەت قىلالايدۇ. ئاساس قاتلام ئاممىسىنىڭ نازارىتى دەل جايىغا تەگكەن ئۈنۈملۈك نازارەتتۇركى، بۇنىڭ ئۈچۈن پۇقرالاردا هوقۇق بولۇشى ۋە بۇ هوقۇق قوغدىلىش كاپالىتىگە ئىگە بولغان بولۇشى كېرەك.

ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن، جۇڭگولۇقلار نىجاتلىققا ئېرىشىش ئۈچۈن قايتا ئويلىنىشقا باشلىدى ھەمدە جۇڭگونىڭ غەربكە نىسبەتەن قالاق بولۇپ قېلىشىنىڭ سەۋەبىنى ئىزدەشكە باشلىدى. جۇڭگولۇقلار كۆزىنى ئاچقاندىن كېيىن، غەربتە جۇڭگوغا ئوخشىمايدىغان بىر قىياپەتنىڭ بارلىقىنى ھەيرانلىق بىلەن بايقىدى: غەربتە پۇقرالار پادىشاھلارنى كۆرگەندە تىزلانمايدىكەن، دۆلەت رەھبەرلىرىنى خەلقنىڭ ئۆزى سايلاپ چىقىدىكەن، قانۇننىڭ ئورنى ھەر قانداق ھۆكۈمداردىن ئۈستۈن ئىكەن. جۇڭگولۇقلار تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا، غەرب ئەللىرىدىكى ھەممە نەرسىنىڭ «پۇقرالار هوقۇقى» دېگەن سۆزگە مەركەزلەشكەن بولىدىغانلىقىنى بايقىدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، غەرب ئەللىرىدىكى «هوقۇق» ئۇقۇمى بىلەن جۇڭگودىكى «هوقۇق» ئۇقۇمىنىڭ مەنىسى ئوخشىمايدىكەن. غەرب ئەللىرىدىكى هوقۇق پادىشاھنىڭ هوقۇقىنى ئەمەس، پۇقرالارنىڭ هوقۇقىنى كۆرسىتىدىكەن. «پۇقرالار هوقۇقى» دېگەن ئىبارىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە كېڭىيىشى يېقىنقى زاماندىكى جۇڭگو ۋە غەرب پۇقرالىرىنىڭ تۇرمۇشىدىكى پەرقىنى يورۇتۇپ بېرەتتى. ماقالىلەردە دېيىلگەندەك، پۇقراۋى هوقۇق بولمىغاندا، پۇقراۋى تۇرمۇش بىر ئۆمۈر يېتىلمىگەن بالىنىڭ ھالىغا ئوخشاپ قالىدۇ، خەلق خەقىشلىك بىلەن يىغلاپ ھۆكۈمەتنىڭ ئەمچەك سېلىشىنى ۋە ئۆزىنى بېقىشىنى كۈتۈشتىن ئەبەدىي ساقىت بولالمايدۇ. ۋاھالەنكى، بۇنداق بېقىش ۋە قۇتقۇزۇش ۋاقتىدا، تولۇق ۋە ئەتراپلىق بولمايدۇ، ئۇ ئۇسسىغان يەرگە بارمايدۇ.

پۇقرالار هوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىپ، پۇقرالار هوقۇقى ئارقىلىق خەلق تۇرمۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، هوقۇق ـ مەنپەئەتنى «پارچىلاپ بېرىش» سەۋىيەسىدە توختاپ قالماسلىق لازىم. يەنى يۇقىرى قاتلام رەھبەرلىرىنىڭ ئايرىم دېلولار ۋە ئەرزلەرگە تەستىق سېلىشىغا قاراپ تۇرماي، هوقۇقنى خەلققە تولۇق تاپشۇرۇش كېرەك، پۇقراۋى هوقۇق تۈزۈلمىسى قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ھەرقانداق پۇقرانى قانۇن ۋەدە قىلغان ۋە كاپالەتلىك قىلغان هوقۇققا جەزمەن ئىگە قىلىش كېرەك. غەرب ئەللىرى تارىختا بەزى جەريانلارنى بېسىپ ئۆتكەن ئىدى: ھۆكۈمەتنىڭ يەرنى ئېلىۋېلىشىغا ئوخشاش ھەرىكەتلەر يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى «نامراتلارنى يۆلەش قانۇنى»نى تۈزۈپ، مۈلۈكسىز كىشىلەرگە مۇۋاپىق تۇرمۇش كاپالىتى بەرگەن. سانائەت ئىنقىلابى تەرەققىي قىلىپ، مۇئەييەن باسقۇچقا بارغاندا، 1881 ـ يىلى گېرمانىيەدە بىسماركنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە «جەمئىيەت ئىستراخۇانىيەسى قانۇنى» تۈزۈلۈپ، «كاپىتالىزمنىڭ قۇرۇلمىسىغا سوتسىيالىزمنىڭ قېنىنى قۇيغان.» 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىكى ئىقتىسادىي كاساتچىلىقتىن كېيىن، 1935 ـ يىلى ئامېرىكا «ئىجتىمائىي كاپالەت قانۇنى»نى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ئىجتىمائىي كاپالەت ئىشلىرى قانۇنلاشتى ۋە تۈزۈملەشتى. جۇڭگودا سۇن جىگاڭ (孙志刚) دېلوسى كەلتۈرۈپ چىقارغان «يىغىۋېلىپ قايتۇرۇش نىزامى»نىڭ تۈزىتىلىشى، مەجبۇرلاپ كۆچۈرۈشتە كېلىپ چىققان ئۆزىنى كۆيدۈرۈۋېلىش دېلولىرى پەيدا قىلغان «ئۆي كۆچۈرۈش نىزامى»نى تۈزىتىش قاتارلىق بىر يۈرۈش ئىشلار تۈزۈمنى ياخشىلاش ئارقىلىق پۇقرالار هوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىشنىڭ مىساللىرىدۇر. ئەمما، بۇ خىل ئىلگىرىلەش جەمئىيەتنىڭ بېسىمىدىن كەلگەن پاسسىپ ئەمەلىيلىشىش بولۇپ، نۇرغۇن قانلىق بەدەللەر كەتكەن بولدى. بىر ياخشى جەمئىيەتتە، ھۆكۈمەت ئاممىنىڭ سۆزىنى ۋاقتىدا ئاڭلاپ، خەلقنىڭ رايىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، تۈزۈمنىڭ ئىلگىرىلىشىنى ئەڭ ئاز بولغان بەدەللەر بىلەن ئىشقا ئاشۇرىدۇ. خەلق تۇرمۇشىدىكى مەسىلىلەرنى مەمۇرىي ۋاسىتىلەر ئارقىلىق ھەل قىلىشتىن قانۇنىي ۋاسىتىلەر ئارقىلىق ھەل قىلىشقا ئۆتۈش، خەلق تۇرمۇشىنى قانۇن ـ تۈزۈم ئارقىلىق ياخشىلاش زۆرۈر. شۇندىلا خەلقنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي مەنپەئەتى هوقۇق سەۋىيەسىگە كۆتۈرۈلىدۇ، مۇشۇنداق قۇرۇلما شەكىللەنسە دۆلەت ئۇزاق مۇددەت ئەمىن بولالايدۇ.

جۇجيەنمىڭ ئىمزالىقىدىكى بۇ يازما «سۇمۇرغ ھەپتىلىكى» (خەنزۇچە) ژۇرنىلىنىڭ 2011 ـ يىللىق 9 ـ سانىدىن ئابدۇقادىر جالالىدىن تەرجىمىسى.

---

تىلماچ: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى

# ئىسلاھاتنىڭ مۇددىئاسى — ئىجتىمائىي ئادىللىق

ھەر قېتىملىق ئىككى يىغىندا نۇرغۇن ئاچقۇچلۇق تېرمىن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بۇ يىل «ئادىللىق» دېگەن تېرمىن جەلپكار نۇقتىغا ئايلاندى. مەيلى ۋەكىل، ھەيئەتلەرنىڭ تەكلىپ لايىھەلىرىدە بولسۇن ياكى مېدىيەلەرنىڭ تەشۋىقاتىدا بولسۇن «ئادىللىق» ئىبارىسى ئاساسىي ئورۇندا تۇردى. شۇنىڭدەك مۇشۇ تېرمىن يادرولۇقىدىكى «كىرىم تەقسىماتى»، «شەخسىي تاپاۋەت بېجى» «بەخت كۆرسەتكۈچى»، «تۇرالغۇ ئۆيى»، «داۋالىنىش» دېگەندەك گەپلەرنىڭ ھەممىسى كىشىلەرنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى تارتتى، بۇنداق پىكىر مۇھىتى نۇرغۇن ئامىلنىڭ تۈرتكىسىدە شەكىللىنىدۇ، ئەلۋەتتە. مۇھىمى بۇنداق پىكىر مۇھىتىنىڭ شەكىللىنىشىدە، 3-ئاينىڭ 1-كۈنىدىكى گوۋۇيۈەن دائىمىي ئىشلار يىغىنى پىرىنسىپ جەھەتتىن ماقۇللىغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى شەخسىي تاپاۋەت بېجى قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھەسى» ھالقىلىق رول ئوينىدى.

شۈبھىسىزكى، شەخسىي تاپاۋەت بېجىنىڭ ئېلىنىش نۇقتىسىنى ئۆستۈرۈش، ھۆكۈمەتنىڭ تۆۋەن كىرىملىكلەردىن ئېلىنىدىغان شەخسىي تاپاۋەت بېجىنى كەچۈرۈم قىلىش بىلەن بىرگە، يۇقىرى كىرىملىكلەرگە تەۋە پايدا-نەپنىڭ مەلۇم نىسبىتىنى قۇربان قىلىدىغانلىقىدىن دېرەك بەردى. ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، بۇ چارە باي-نامراتلىق پەرقىنى ئازايتىپ، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداشقا پايدىلىق. ھەر قايسى قاتلاملار بۇ ئىش ھەققىدە كەسكىن تالاش - تارتىش قىلىشۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما شۇنى كۆرۈشىمىز كېرەككى، شەخسىي تاپاۋەت بېجىنىڭ ئېلىنىش نۇقتىسىنى ئۆستۈرۈش مەسىلىسى ھەققىدە پۈتكۈل جەمئىيەت ئورتاق تونۇشقا كېلىپ بولدى. بولۇپمۇ، ئىجتىمائىي كىرىم تەقسىماتىدىكى ئادالەتسىزلىك ئەدەپ كېتىۋاتقان، باي - نامراتلىق پەرقى كۈنسايىن زورىيىپ كېتىۋاتقان ئەھۋالدا، كۆپ سانلىق كىشىلەر: «بۇ ھال جۇڭگودىكى ئىجتىمائىي ئىسلاھاتنىڭ تەدرىجىي چوڭقۇرلىشىۋاتقانلىقىدىن بېشارەت» دەپ قارىدى. ئادەمنى خاۋاتىرلەندۈرىدىغان يېرى شۇكى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان شەخسىي تاپاۋەت بېجى ئېلىش نۇقتىسىنى ئۆستۈرۈش ھەققىدىكى سادالارنىڭ بارغانسېرى كۈچىيىشى، قىسمەن توسالغۇلارنىڭمۇ شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا زورىيىشىغا ئەگىشىپ، بەزىلەر ھەتتا ئىجتىمائىي كىرىم تەقسىماتىدىكى ئېگىز - پەسلىكنى تەڭشەش مۇددىئاسىدا قوللىنىلغان بۇ تەدبىرنى «باي-نامراتلىق ئوتتۇرىسىدىكى جەڭگى-جېدەل» دەپ چۈشەندى. مىسالەن، مالىيە مىنىستىرلىقى مالىيە پەن - تەتقىقات ئورنىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇلى گەپنىڭ پوسكاللىسىنى ئېيتىپ مۇنداق دېدى: «نوقۇل ھالدا شەخسىي تاپاۋەت بېجىنىڭ ئېلىنىش نۇقتىسىنى ئۆستۈرۈش — قاملاشمىغان ئىش. چۈنكى، تاپشۇرۇلىدىغان مۇتلەق ساندىن قارىغاندا، ئۇ ‹بايلاردىن ئېلىپ نامراتلارغا بېرىش›تىن باشقا نەرسە ئەمەستەك قىلىدۇ» قىسقىسى، بۇنداق ئازدۇرمىچىلىق پۇقرالارنىڭ خالىسانە باج تاپشۇرۇش ئىشىنى قانداقتۇر «باي-نامراتلىق ئارىسىدىكى ھاڭنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاتقانلىق» دەپ ئىزاھلاپ، كىشىلەر ئارىسىدا بايلارغا ئۆچمەنلىك قىلىدىغان كەيپىياتنى شەكىللەندۈرۈپ قويىدى. بۇھال جەمئىيەت مۇقىملىقىغا بەكمۇ پايدىسىز.

باي-نامراتلىق پەرقى ئۈزلۈكسىز زورىيىۋاتقان جەمئىيەتتە بۇ مەسىلىنى «باي-نامراتلىق ئوتتۇرىسىدىكى جەڭگى-جېدەل»گە باغلىغاندا باشقىلارغا ھەققانىيەتنى سۆزلەۋاتقاندەك تۇيغۇ بەرگىلى بولىدۇ. ئەمما، ھەر قانداق مەسىلە كۆپ قىرلىق بولىدۇ. جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئانالىز قىلىپ باقىدىغان بولساق، ھەر قانداق باج تاپشۇرغۇچىنىڭ ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتتە باراۋەر ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. مۇشۇنداق ئەھۋالدا مەسىلىنىڭ پاسىلىنى بىر تەرەپلىمىلىك بىلەن قايسى قاتلامدىكىلەرنىڭ مەنپەئەتلىنىدىغان ياكى قايسى قاتلامدىكىلەرنىڭ زىيانغا ئۇچرايدىغانلىقىنى شەرت قىلىپ تۇرۇپ ئايرىغاندا، ئىجتىمائىي مەنپەئەت تەڭپۇڭلۇقى بىلەن جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش مەقسىتىگە يەتكىلى بولمايلا قالماي، بەلكى، شەخسىي تاپاۋەت بېجى ئىسلاھاتىنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە ھەققانىيلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ قويىمىز.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغان 30 نەچچە يىلدىن بۇيان، ئىقتىسادىي ساھەنىڭ تەرەققىياتى بەزى سىياسەتلەرنىڭ يولغا قويۇلۇش سۈرئىتىدىن ئېشىپ كەتتى. دېمەك ئىجتىمائىي باشقۇرۇش ۋاسىتىلىرى روشەن ئارقىدا قالغاچقا، مەسىلە كۆرۈلگەندىن كېيىن، ئۇنى توسىدىغان قانۇننى ئاندىن تۈزۈشكە تۇتۇش قىلىدىغان سۆرەلمىلىك كېلىپ چىقىدۇ. جۈملىدىن قانۇن - نىزام بىلەن كاپىتال ۋە پايدا - مەنپەئەت، باج دېگەنلەر بىر-بىرىگە ماسلاشماي، ئاخىرى كاپىتال بازىرى بىلەن پۇل بازىرىدا سىياسەت بايلىقى بىلەن ئىجتىمائىي بايلىقلاردىن ئېتىبارلىق مەنپەئەتلىنىش بىلەن يەنە تۆۋەن باج نىسبىتىدىن بەھرىلىنىش ئارقىلىق زىيادە پايدا ئالىدىغانلار تەبىقىسى شەكىللەندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەمۇرلارنىڭ مال-مۈلكىنى ئاشكارىلاش تۈزۈمى ھازىرغىچە يولغا قويۇلمىغاچقا، ئەسلىدىن ناھايىتى نورمال كېتىۋاتقان شەخسىي تاپاۋەت بېجى باشقىچە شەكىلدىكى نوپۇس بېجىغا ئايلىنىپ قالدى. كارخانىلاردىمۇ خادىملار ئىش ھەققىنىڭ باج كېلىدىغان چەكتىن ئېشىپ كەتكەن قىسمى خۇپىيانىلىشىپ، «مۇكاپات»، «تولۇقلىما» دېگەندەك شەكىللەردە تارقىتىلىدىغان بولدى. بۇ — «باجدىن ئاقىلانە قېچىش»نىڭ ئاپئاشكارا ئۇسۇلى. دۇرۇس، بۇ باج ئېلىش نۇقتىسىنى ئۆستۈرۈش بىلەنلا ھەل قىلىپ كەتكىلى بولىدىغان مەسىلە ئەمەس. بۇنىڭ ئۈچۈن نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ.

ئىجتىمائىي ئادىللىقنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا مۇنداق ئىككى تۈرلۈك مەسىلىنى ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ: ئۇنىڭ بىرى، باج تاپشۇرغۇچىلارنىڭ پۇلىنى قانداق يىغىش مەسىلىسى؛ يەنە بىرى، باج تەپشۇرغۇچىلاردىن يىغىلغان پۇلنى قانداق خەجلەش مەسىلىسى. ھازىر باج تاپشۇرغۇچىلارنىڭ پۇلىنى يىغىش ئىشى ئاساسەن ئىزىغا چۈشۈپ بولدى. ئەمدىكى گەپ، باج تاپشۇرغۇچىلاردىن يىغىلغان پۇلنى قانداق خەجلەشتە قالدى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، خۇبېي ئۆلكىلىك ئىستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى يې چىڭنىڭ ئىككى يىغىندا ئاشكارىلىشىچە، جۇڭگودىكى مەنسەپدارلارنىڭ ۋەزىپە ئىستېمالى دۆلەت مالىيە ئومۇمىي كىرىمىنىڭ تۆتتىن بىرىنى تەشكىل قىلىدىكەن؛ نۆۋەتتە ئېلىمىزنىڭ مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈش تەننەرخىمۇ دۇنيا بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىكەن. ئەگەر مەمۇرىي خىراجەتلەردە «خەلقتىن ئېلىپ خەلققە ئىشلىتىش » پىرىنسىپى ھەقىقىي ئىجرا قىلىنغان بولسىغۇ مەيلى ئىدى. بىراق، بۇ يەردىكى مەسىلە، تۆۋەن قاتلامدىكى ئاممىنىڭ ھەر قايسى جايلاردىكى ھەشەمەتلىك بىنالار، سەلتەنەتلىك ساراي - ئىمارەتلەر، ئالىي دەرىجىلىك پىكاپلارغا سىلىشتۇرما بولۇپ قېلىۋاتقان نۆۋەتتىكى ئەھۋال يەنىلا كىشىنىڭ يۈرىكىنى ئېچىشتۇرىدۇ. قارىغاندا پۇلنى قانداق خەجلەش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش تېخىمۇ تەخىرسىز ئىشتەك قىلىدۇ. مەيلى پۇل ئېلىش (باج ئېلىش) بولسۇن ياكى پۇل خەجلەشتە بولسۇن، بۇلارغا چېتىشلىق ھەر قانداق ئىسلاھاتتا «ئىجتىمائىي ئادىللىق»نىلا ئۆلچەم قىلىش لازىم. بۇ ئۆلچەمگە چۈشمىگەن ئىسلاھات ھامان مەغلۇپ بولىدۇ. بەزىلەرنىڭ شەخسىي تاپاۋەت بېجىنىڭ ئېلىنىش نۇقتىسىنى ئۆستۈرۈش «بايلارنىڭكىنى ئېلىپ، نامراتلارغا بەرگەنلىك» دېگەن گەپكە كەلسەك، مېنىڭچە ئۇنىڭغا پەرۋا قىلىپ كەتمىسەكمۇ بولىۋېرىدۇ.

ۋاڭ لوك ئىمزاسىدىكى بۇ فېلىيەتون «فېلىيەتونلار ئايلىق ژۇرنىلى»نىڭ 2011-يىلى 5-ئالدىنقى يېرىم ئايلىق سانىغا بېسىلغان.

## ئامېرىكىلىقلارنىڭ مەنسەپدارلىق يوسۇنى

ئامېرىكىدىكى يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىش بېجىرىشتە قائىدە - يوسۇنغا بەكلا ئەمەل قىلىدىكەن؛ ھەتتا «جانلىق بولۇش» دېگەننى پەقەتلا ئۇقمايدىكەن:

بىرىنچى، مەنسەپدارلىق ئېتىقادىدىن ھەرگىز تايمايدىكەن

ئامېرىكا دۆلەت بولۇپ قۇرۇلغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە ۋاشىنگتون، ئادامىس، جېففېرسون قاتارلىق دۆلەت ئاتىلىرى بېكىتكەن «جەمئىيەتنى بىرلەمچى، ھۆكۈمەتنى ئىككىلەمچى ئورۇنغا قويۇش» پىرىنسىپى ناھايىتى يۇكسەك ئورۇندا تۇرۇۋېتىپتۇ. ھۆكۈمەت فۇنكسىيەسى «ئاۋام ئۈچۈن خىزمەت قىلىش» بولغاچقا، پىرېزىدېنت ۋە ئىشتات باشلىقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەنسەپدارلارنىڭ ھەممىسى «پۇقرالار ياللىغان چاكار»لىق سالاھىيەت بىلەن، ئاۋامنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ، سۈيىدە ئاقىدىكەن؛ ئاۋامنى رازى قىلالمىسا شۇ ھامان ئورۇن بوشىتىدىكەن. ئامېرىكىدا يەرلىك ئەمەلدارلار ئەجدادلىرىدىن قالغان يوسۇنغا قاتتىق ئەمەل قىلىپ، مەنسەپدارلىققا قويۇلىدىغان ئەقىدە - ئېتىقاد ئۆلچىمىگە قەتئىي بويسۇنۇپ، ھەرگىزمۇ كېبىر كۆرسەتمەيدىكەن.

ئىككىنچى، سىياسەت ۋە قانۇن - نىزامغا قەتئىي بويسۇنىدىكەن.

ئامېرىكىدىكى ئىشتاتلارنىڭ ئۆز ئالدىغا سىياسەت چىقىرىش ھوقۇقى بولسىمۇ، ئەمما، يەرلىك ھۆكۈمەت ۋە مەنسەپدارلار بارلىق سىياسەت ۋە قانۇن - نىزاملارنى چىن ئىخلاس بىلەن كەم - كوتىسىز ئىجرا قىلىدىكەن؛ ئۆز ئالدىغا سىياسەت بەلگىلەيدىغان ياكى ئېلىگىرىكى سىياسەت، بەلگىلىمىلەرنى ئۆزگەرتىۋېتىدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلمايدىكەن. بۇنداق بولغاندا سىياسەت، قانۇن - نىزاملارنىڭ مۇتلەق مۇقىملىقىنى ساقلاپ، بەزىلەرنىڭ سىياسەت ئۆزگىرىشىدىن پايدىلىنىپ، نەپ ئېلىۋېلىش، باي بولۇۋېلىش خىيالىدىن توسقىلى بولىدىكەن.

ئۈچىنچى، ئەخلاق ئۆلچىمىنى قەتئىي بۇزمايدىكەن

مەنسەپ تۇتقاندىن كېيىن، نەپسانىيەتچىلىك شەھۋەتپەرەسلىككە بېرىلىدىغانلار ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئەمما، ئامېرىكا ئەمەلدارلىرى بۇ خىل ئەقەللىي ئەخلاق مىزانىغا ئاساسەن رىئايە قىلالايدىكەن. ناۋادا ئاشۇ ئۆلچەمنى سەل بۇزۇۋەتسە ناھايىتى تەس كۈنگە قالىدىكەن. مەسىلەن، بىر ئىشتات باشلىقىنىڭ پارا ئالغانلىقى ئاشكارىلىنىپ قالسا، ئۇ مەنسىپىدىن ئايرىلىپلا قالماي، ھەسسىلەپ جەرىمانە تۆلەيدىكەن. ئۇنى ئازدەپ ئۇنىڭ چوڭايتىلغان سۈرىتى ئىشتاتلىق ھۆكۈمەت بىناسىنىڭ ئالدىغا ئېسىلىپ، پارىخورلۇق قىلمىشى ئەلگە جاكارلىنىدىكەن؛ بۇنىڭ بىلەن ئۇنداق مەنسەپدار تەختى - بەختىدىن ئايرىلىپلا قالماي، خەلقئالەم ئالدىدا شەرمىسار بولۇپ كېتىدىكەن.

لىيۇ مۇ ئىمزاسىدىكى بۇ يازما «دۇنيا يېڭى خەۋەرلىرى» گېزىتىدىن «جۇڭگو قىيمىلىرى گېزىتى»نىڭ 2011-يىل 13-يانۋار كۈندىلىك سانىغا بېسىلغان. راخمانجان رۇسۇل سۇلتانىي تەرجىمىسى.

---

تىلماچ: شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك رادىيو-تېلېۋىزىيە مەكتىپى پەيزىۋات شۆبىسىدىن.

# مۇھەررىر ۋە ساپا

شىرزات سوپىيوف





بىر پارچە كىتاب ياكى بىرسان ژۇرنالنىڭ ياخشى چىقىشى مۇھەررىرنىڭ ساپاسى مەسىلىسىگە بېرىپ تاقىلىدۇ. بۇ مەسىلە كىتاب، ژۇرنال نەشرىياتچىلىقى كەسپىنى باشقۇرغۇچىلار ۋە مۇھەررىرلەر ئەستايىدىل ئويلىنىشقا تېگىشلىك بىر مەسىلە.

بىرىنچى، مۇھەررىرلەردە يۇكسەك ئىدىيەۋى ـ سىياسىي ئاڭ بولۇشى كېرەك. ئىدىيە ھەرىكەتكە قوماندانلىق قىلىدۇ، مۇھەررىرلەردە توغرا ئىدىيە بولغاندا، ئۇلار راستچىل، ئەمەلىيەتچىل بولۇش ۋە ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلاش روھىنى تىكلىگەندە، ئاندىن كەسپىنى قىزغىن سۆيۈپ، ئۆزىنى نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىغا بېغىشلىيالايدۇ.

ئىككىنچى، مۇھەررىرلەردە يۇقىرى كەسپىي ئىقتىدار بولۇشى كېرەك. ئىلىم ـ پەن قىلچە ساختىلىقنى خالىمايدۇ. مۇھەررىرلەر يۇقىرى سىياسىي ـ ئىدىيەۋى ئاڭ، نەزەرىيە سەۋىيەسىگە ئىگە بولۇپلا قالماي، مائارىپ، قانۇن، تىل، ئەدەبىيات ـ سەنئەت، پەن ـ تېخنىكا... قاتارلىق ئۇنىۋېرسال بىلىملەرنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئىختىساسلىق خادىملاردىن بولۇپ يېتىلىشى كېرەك.

ئۈچىنچى، مۇھەررىرلەردە ئۇنۇم، سۈپەت ئېڭى بولۇشى كېرەك. كىتاب، ژۇرنال مەنىۋى مەھسۇلات. مۇھەررىر بۇ مەنىۋى مەھسۇلاتنى ئوقۇرمەنلەرگە يەتكۈزگۈچى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، ئىجتىمائىي ئۈنۈم بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمدىن ئىبارەت بۇ ئىككىسىنىڭ دىيالېكتىكىلىق بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇشى كېرەك. ئوقۇرمەنلەرگە سۇنۇش ئالدىدىكى ئەسەرلەردە كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى ئالدىن بايقاش، ئالدىن تۈزىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئۇلارغا لاياقەتلىك مەنىۋى ئوزۇق بېرىشى كېرەك.

تۆتىنچى، مۇھەررىرلەردە پىلانلاش ئېڭى بولۇشى كېرەك. كىتاب، ژۇرنال نەشرىياتچىلىقى پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىدىن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە ئۆتۈۋاتىدۇ، رىقابەت كۈندىن ـ كۈنگە كەسكىنلىشىپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ كىتاب ـ ژۇرناللارغا بولغان تاللىشى ئۆسۈۋاتىدۇ، بۇنداق كەسكىن رىقابەت ئالدىدا مۇھەررىرلەرنىڭ پىلانلاش ئېڭىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەن بولۇشى كىتاب، ژۇرناللارنىڭ سېتىلىشىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، كىتاب، ژۇرناللاردا سەرخىل تېما بولۇش بىلەن بىللە، مۇھەررىرلەر ئەمەلىيەتكە، تۇرمۇشقا، ئاممىغا يېقىنلىشىش تەلىپى بويىچە جەمئىيەتكە يۈزلىنىپ، ئوقۇرمەنلەر سېتىۋالالايدىغان، كۆرۈپ چۈشىنەلەيدىغان ئاممىباب ۋە نادىر كىتاب، ژۇرناللارنى نەشر قىلىشقا، ئەسەرلەرنىڭ ئىلمىي، قوللىنىشچان بولۇشىغا، باھاسىنىڭ مۇۋاپىق بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك.

قىسقىسى، كىتاب، ژۇرنال نەشرىياتچىلىقىنىڭ باشقۇرغۇچىلىرى ۋە مۇھەررىرلىرى كىتاب ـ ژۇرنال تەھرىرلىكىدە ئىلمىي تەرەققىياتنى ئاساسىي تېما ۋە مەركەز قىلىپ، بارلىق خىزمەتلەر مۇشۇ مەركەزنى چۆرىدەش، مۇشۇ مەركەز ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، مۇشۇ مەركەزگە بويسۇنۇش تەلىپى بويىچە ئەلا سۈپەتلىك مەنىۋى مەھسۇلات يارىتىش ئۈچۈن تىرىششى كېرەك.

---

ئاپتور: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدىن



# غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى بويىچە تۈر تۇرغۇزۇش

مەخمۇتجان قۇربان

ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت ئەنئەنىسى، شۇنداقلا بۇ ئەنئەنىنىڭ رېئال تۇرمۇشتا تۇرلۇك كونكرېت ئىپادىلىرى بولىدۇ. بۇ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى ئەجدادلار ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات داۋامىدا بارلىققا كەلتۈرگەن، بېيىتقان ۋە مۇكەممەللەشتۈرگەن بولۇپ، ئۇلار قوغداشقا، قەدىرلەشكە تېگىشلىك. ئەمما ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى، دەۋرنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا، مىللەتلەر ئارىسىدىكى مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنىڭ ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىشى، ئۆز ئارا بىر ـ بىرىگە سىڭىپ كىرىشىگە ئەگىشىپ، بەزى مەدەنىي مىراسلارنىڭ ئۇنتۇلۇپ كېتىش، يوقىلىپ كېتىش، ئۆزگىرىپ كېتىشتەك ئېھتىماللىقلىرىنى چەتكە قاققىلى بولمايدۇ. شۇڭا بۇنىڭ ئىچىدىكى ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى قوغداش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش مەدەنىيەت خىزمەتچىلىرىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچى.

غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى دېگىنىمىز ـ خەلق ئاممىسى ئۇزاق يىللىق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا شەكىللەندۈرگەن تۈرلۈك مەدەنىيەت ـ سەنئەت ھادىسىلىرى بولۇپ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت، مۇزىكا، ئۇسسۇل، تىياتىر، گۈزەل سەنئەت، ئەلنەغمە، ھۆسنخەت، نەققاشلىق، دارۋازلىق، قول ھۈنەر ـ سەنئىتى، يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتى، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت، ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە، ئۆرپ ـ ئادەت... قاتارلىق تۈرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشتا، جىددىي قوغدىمىساق بولمايدىغان، جۈملىدىن ۋارىسلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن ئالەمدىن ئۆتۈپ ئۈزۈلۈپ قېلىش ۋە يوقىلىپ كېتىش ئېھتىماللىقى بارلارنى ئالدىن تۈر تۇرغۇزۇپ جىددىي قوغداش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش داۋامىدا تەرەققىي قىلىپ راۋاج تېپىۋاتقان تۈرلەرنى گەۋدىلىك تۇتۇش پرىنسىپى بويىچە ئىش كۆرۈپ، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ مۇكەممەل ئارخىپى بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش تولىمۇ زۆرۈر.

ئۇنداقتا غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى بويىچە تۈر تۇرغۇزۇش خىزمىتىدە قايسى نۇقتىلارغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك؟

بىرىنچىدىن، شۇ تۈردىكى غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ۋارىسلىرىنى ئىزدەش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇش كېرەك. ھەر قانداق بىر مەدەنىيەت ھادىسىسى چوقۇم ئۇنىڭ ۋارىسلىرى ئارقىلىق داۋاملىشىدۇ. شۇڭا غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ساقلاپ قالىمىز دەيدىكەنمىز، چوقۇم ئۇنىڭ ۋارىسلىرىنى تېپىشقا ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك. بۇ خىزمەتنى ئىشلىگەندە، ئۇچۇرغا ئەھمىيەت بېرىپ، ئەستايىدىللىق بىلەن جاپالىق ئىزدىنىشكە، ئارخىپ جەدۋىلىنى ئۆلچەم بويىچە تولدۇرۇش، مۇھىم ھالقىلارنى چۈشۈرۈپ قويماسلىق، ئىسىم ـ فامىلىسى، ئادرېسى، ئالاقىلىشىش ئۇسۇلى قاتارلىقلارنى چوقۇم تەپسىلىي ئېنىقلاپ ئارخىپلاشتۇرۇش كېرەك.

ئىككىنچىدىن، تۈر ھەققىدىكى ئوبراز سۈرەتلىرىنى تارتىش، يېغىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. بۇنىڭدا غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ۋارىسىنىڭ ئۆزىنىڭ پورترېت سۈرىتى بىلەن شۇ ۋارىسنىڭ ئىش ئۈستىدىكى ئوبراز سۈرىتىنى تارتىش، يېغىش، ئۆلچەم بويىچە ئارخىپلاشتۇرۇش كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، تۈر ھەققىدىكى تونۇشتۇرۇش ماتېرىيالىنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا ياخشى يېزىش كېرەك. شۇ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسى تۈرىنىڭ كېلىش مەنبەسى، مەيدانغا كەلگەن ۋاقتى، نۆۋەتتىكى ئەھۋالى، قىسقىچە مەزمۇنى، ئەھمىيىتى، رولى توغرىسىدا ئەتراپلىق ئىزدىنىش، ۋارىسلاردىن ئەھۋال ئىگىلەش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق، شۇ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسى ھەققىدە مۇكەممەل بىر خاتىرە قالدۇرۇش كېرەك.

تۆتىنچىدىن، مۇۋاپىق پەيتتە تۈرلۈك شەكىلدىكى تەشۋىقات پائالىيەتلىرى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى كۆرگەزمىسى ئۇيۇشتۇرۇش ئارقىلىق، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ دىققىتىنى قوزغاش، ئۇلارنىڭ قوللىشىنى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى توغرىسىدا پايدىلىنىش قىممىتى بار ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى بويىچە تۈر تۇرغۇزۇش غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى سىستېمىلىق ھالدا قوغداش خىزمىتىنىڭ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە تەييارلىق خىزمەتلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇنى ياخشى ئىشلەش غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئاساسى.

---

ئاپتور: قەشقەر شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىن.

مەدەنىيەت ۋە مىراس

# جۇڭگو شىنجاڭ ئىككىنچى نۆۋەتلىك خەلقئارالىق مىللىيچە ئۇسسۇل بايرىمىدىن كۆرۈنۈشلەر

ــ لىيالا لى فوتوسى



رۇسىيە فېدېراتسىيەسى موسكۋا دۆلەتلىك بالېت تىياتىرى ئورۇنلىغان ئۇسسۇللۇق تىياتىر «ئاق قۇ كۆلى»



تاجىكىستان ئۇسسۇل ئۆمىكى ئورۇنلىغان خەلق ئۇسسۇلى



بېيجىڭ ھەربىي رايونى سىياسىي بۆلۈمى سەپداشلار سەنئەت ئۆمىكى ئورۇنلىغان ئۇسسۇللۇق تىياتىر «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»



شىنجاڭ سەنئەت يۇرتى ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكى ئورۇنلىغان ئۇنىۋېرسال ئۇسسۇل «يۇلتۇزلار چاقنىغان تەڭرىتاغ ئاسمىنى»



چاۋشيەن پيرڭياڭ ئانسامبىلى ئورۇنلىغان مىللىيچە ئۇسسۇل



ئالجىرىيە دۆلەتلىك ئۇسسۇل ئۆمىكى ئورۇنلىغان خەلق ئۇسسۇلى



گۈل پەسلى (ماي بوياق)

ئىمنجان ئابدۇرەھم سزغان


《新疆文化》（维吾尔文）
综合性文学双月刊

主管单位：新疆维吾尔自治区文化厅
主办单位：新疆维吾尔自治区艺术研究所
编辑出版：《新疆文化》杂志编辑部
国际标准刊号：ISSN1008 — 6498
国内统一刊号：CN65 — 1073/I
海外发行：中国图书进出口（集团）总公司出口部
代理者地址：中国北京潮阳区工体东路１６号
P.O.BOX 88,16 Gongti East Road,Beijing 100020,China
海外发行代号：6498BM
发行范围：国内外发行
地　　址：乌鲁木齐文化路２８号百川大厦１０楼
邮　　编：830011　电话：（０９９１）２８５６９４２
印　　刷：《新疆日报》印务中心
发　　行：乌鲁木齐市邮局
订　　阅：全国各地邮局
邮发代号：５８ — ２２　　定价：６元

«شنجاڭ مەدەنىيتى» 2011 ـ يىلى 5 ـ سان (ئومۇمىي 311 ـ سان)
(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى
چىقارغۇچى: ش ئۇ ئا ر سەنئەت تەتقىقات ئورنى
تۈزۈپ نەشر قىلغۇچى: «شنجاڭ مەدەنىيتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1008 — 6498
مەملىكەتلىك نومۇرى: CN65 — 1073/I
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو كىتاب
ئىمپورت ـ ئېكسپورت (گۇرۇھى)
باش شىركىتى ئېكسپورت بۆلۈمى
چەت ئەللەرگە قارىتا ۋاكالەت نومۇرى: 6498BM
مەملىكەت ئىچى، چەت ئەللەرگە تارقىتىلىدۇ
ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھرى مەدەنىيەت يولى 28 ـ نومۇر بەيچۈەن سارىيى 10 ـ قەۋەت
پوچتا نومۇرى: 830011 تېلېفون نومۇرى: 2856942 (0991)
باسقۇچى: «شنجاڭ گېزىتى» باسما مەركىزى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىلىدۇ
مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 22 ـ 58 باھاسى: 6 يۈەن